# شىنجاڭ ياشلىرى

## تەپەككۇر

新疆青年・哲思 (3 - سان)

自治区新闻出版局（增）字第65102920150038号

2015





P11 تىل ۋە ئەركىنلىك

P72 ئالتۇن چاچلىق ئوغلۇم

P55 پەلسەپەنىڭ ئىككى شىخى




# مۇندەرىجە

contents

## بايلىق ۋە نامراتلىق


نېمە ئۈچۈن نامراتلىق تۈگىمەيدۇ ........................ ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى 2


## شېئىر ۋە شائىر باياندا


تىل ۋە ئەركىنلىك ........................................ ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم 11

شېئىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس ........... مۇھەممەدئىسلىم مۇھەممەدقاسىم، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد 22

ئەپلاتون نېمە ئۈچۈن «شائىرلارنى غايىۋى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەيدۇ؟
........................................ غەيرەتجان ئوسمان بىلىكيار 29


## پىكىر جۇلاسى


«ئۈچ پەدە»نىڭ ئېستېتىك قىممىتى ........................ يۈسۈپجان سەمەت ئەففىي 40


## ئارامدىل چايخانىسى


قار مەنزىرىسى .................. (ھېكايە) ................ ياسىنجان سادىق چوغلان 44

تاغامنىڭ ھېكايىسى ................ (ھېكايە) ................ زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىد 48


## ئويدىن ھاسىلاتقا


پەلسەپەنىڭ ئىككى شېخى ........................................ سۇلايمان قەييۇم 55

تارىخنى قويۇپ كېتىش ........................................ ئادىل ئابدۇقادىر 67


## كۆكۈل تىۋىشى


ئالتۇن چاچلىق ئوغلۇم ........................................ ئاباس مۇنىياز تۈركىيقان 72

پەرزەنت تەربىيەسى ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ........................ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 89


**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى: ئازاد سۇلتان**

**مۇھەررىرى: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى**


نەشرىيات باشلىقى:
**يۈ شيۇخۋا**
باش مۇھەررىرى:
**جۈرئەت سەيپۇل**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى:
**ئەزىزى**

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**ئەسقەر ياسىن**

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى:
**ئەسئەت مەسئۇدى**
**ئالىم كېرىم كۆكئالىپ**

مۇھەررىر:
**تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى**

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
**ئەنەسجان مۇھەممەت**

مەسئۇل كوررېكتورى:
**نۇرگۈل روزى**

پوچتا نومۇرى : 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034

شىنجاڭ ئۈمىد
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆希望印刷厂印刷

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ
داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号):
ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ
داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号):
CN65 - 1029/C
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ
نەشرىيات ئىدارىسى (قوشۇمچە 2015) نومۇرى:
(新疆维吾尔自治区新闻出版局增刊号)
**65102920150038**
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
58 - 50 :(邮政代码)
پوچتا نومۇرى(邮政编码): 830002
باھاسى(定价/元): 10.00 يۈەن

**乌鲁木齐市建设路320号**
**成基大厦6楼601室**




## ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى

نامراتلىق ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى نامراتلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ باش قاتۇرىدىغان، باشقۇرۇش تەس ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەڭ مۈشكۈل جامائەت توپى ھېسابلىنىدۇ. نامراتلار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى يۇقىرى، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسى ئېغىر. شۇڭا ئۇلار نان تېپىش يېپىشنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى ئالدىدا خىلمۇخىل كويلاردا بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان، ھۆكۈمەت يۆلىمىسە بولمايدىغان، نۇقتىلىق تۈزەشكە تېگىشلىك بىر ئاممىۋى توپ بولۇپ قالدى. نامراتلار ئەرزان ئەمگەك كۈچى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كەڭ بايلىق مەنبەسى ۋە ئىستېمال قوشۇنى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، پسىخىكىسىنى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى چۈشىنىش نۆۋەتتە جەمئىيەتنى جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ۋە دىياگنوز قويۇشتىكى مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

### 1. نامراتلار ۋە مائارىپ

نامراتلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشى قىيىن، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يېشىدىن بۇرۇنلا ئۆيىنىڭ ئاش ـ تۇزى ئۈچۈن پۇل تېپىشقا چۈشىدۇ. دەسلەپتە نامراتلارنىڭ باللىرى جاپالىق ۋە زېرىكىشلىك دەرسلەردىن كۆرە كوچا چۆرگىلەپ چار بازارچىلىق قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياشىغان مۇھىت ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن كىچىكىدىنلا ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش قاتارلىق ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئازدۇرغۇچى مەئىشەتلىرى ئالدى بىلەن مۇشۇنداق پىسخىك ئىممۇنىت كۈچى ئاجىز بولغان ياش، سەبىي غۇبارسىز غۇنچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېلېكتىرونلۇق ئويۇنچۇق، بىليارت ئويناش، سىنئالغۇ كۆرۈش قاتارلىق ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرىگە رام بولىدۇ. ئوغۇللار كىچىدىكىدىن باشلاپلا تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن مال يۆتكەش ۋە چۈشۈرۈش، قۇرۇلۇشتا خىش توشۇش، كۆمۈر سېتىش، ھارۋا تارتىش ۋە تاشلاندۇق سايمانلارنى يىغىش قاتارلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئىقتىسادىي قىممىتى ئاز ئىشلەمچىلىك بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ تەن ئاغرىقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئاچارچىلىق ۋە مەنىسىزلىك بولۇپ، ئەسلىدىلا ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆلپەتتە چوڭ بولغان ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلار تەشنا بولغان توغرا تەربىيە ۋە مەنىۋى يېتەكچىلىكنى بېرەلمەيدۇ. بۇرۇنراق قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇ-

چۈن، ھۆكۈمەت بەرگەن ئوقۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كـەچـ
تۈرۈپ، باللارنى يايمىكەشلىك قىلدۇرىدۇ. ئەگەر بالـ
لىرى پۇلنى كۆپ تاپسا مۇكاپات ئالىدۇ، تاپالمىسا دەكـ
كە ـ دەشنەمگە قالىدۇ. بۇ خىل مۇھىتتا باللارنىڭ مەـ
نىۋىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ياراملىق ئادەم بولۇشىدىن
ئۈمىد كۈتۈش تەس. شۇڭا ئۇلار ئاسان پۇل تاپىدىغان
يوللارنى ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە بۇنداق باللار بەزى قاـ
نۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ھارام يېيىش يولىدىكى ئوبيېكتلىـ
رىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئوغۇللار يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق
ۋە بۇلاڭچىلىق يولىغا ماڭسا، قىزلار ئىپپەت نومۇسىنى
سېتىش قاتارلىق تۈيۈق يوللارغا مېڭىپ ئۆمۈرلۈك ئىسـ
تىقبالى ۋەيران بولىدۇ. بۇ باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن
«جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەيدىغان ئەپـ
لەپ ـ سەپلەپ جان باقىدىغان مەدىكارلارغا ئايلىنىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئورنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش
لايىقتىن بىرنى تېپىپ توي قىلىدۇ. نامراتلار رايونىدا تۇـ
غۇت سەل ئەركىن بولىدۇ، مۇھىمى بۇ جايلاردا تۇغۇت
سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىر قەدەر قىيىن. شۇڭا
ئۇلار: «بالىنىڭ رىزقىنى خۇدا بېرىدۇ» دەپ بالا تۇغۇـ
ۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئاچ ـ توق چوڭ بولۇپ،
ئاخىرى ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يولىغا ماڭىدۇ. نامـ
راتلارنىڭ مائارىپقا بولغان ئۈمىدى چوڭ ئەمەس، ئۇلار
بۇنداق تەننەرخى يۇقىرى، ئۇزۇن يىل «زىيىنى»غا مەبـ
لەغ سالىدىغان «ئوقۇش سودىسى»غا چىدىمايدۇ، شۇنـ
داقلا ئۇلارنىڭ ھال ـ ئوقىتىمۇ بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ.
شۇڭا نۇرغۇن نامراتلاردا: «سۆگەت ياغىچى بادىر بولـ
ماس، دېھقان بالىسى كادىر بولماس» دەيدىغان ئىدىيە
كۈچلۈك. ئۇلار «ئەتىكى ئۆپكىدىن بۈگۈنكى قۇيرۇق
ئەلا» دەيدىغان كۆز ئالدىدىكى پايدىنى قوغلىشىدىغان
تىرىكچىلىك ئېڭى بىلەن باللىرىنى يايمىكەش قىلىدۇ. بۇ
خىل ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىدىغان يامان سۈپەتلىك
ئايلانما نامراتلارنىڭ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشىدىكى
پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، مائارىپ مەسىلىنىڭ كۈچلۈك نۇرىنى
توسىدۇ، بۇ بەلكىم نامراتلارنىڭ گادايلىقتىن قۇتۇلالماسـ
لىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

## 2. نامراتلار ۋە ئىشسىزلىق

ئىشسىزلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي ھادىـ
سە. بىز تېلېۋىزوردا چەت ئەلدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ
دائىم ئىشسىزلىق سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان نامايىش، قالايـ
مىقانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنى كۆرۈپ تۇـ
رىمىز. بۇ كىشىلەرنىڭ تەلىپى نان مەسىلىسىنى ھەل قىـ
لىشتىن ئىبارەت. ئىش بولمىسا قورساق مەسىلىسى ھەل
بولمايدۇ، ئۆينىڭ ھەر خىل چىقىملىرى كاپالەتكە ئىگە
بولمايدۇ. دەم ئېلىش ۋە داۋالىنىش مۇقىم ئىقتىسادىي
تايانچقا ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا جان بېقىش مەسىلىسى بۈـ
گۈنكى دۇنيا ئەللىرى يولۇقىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ
بىرى.

نامراتلارنىڭ مۇقىم ئىش ئورنى يوق. ئۇلار تام قوـ
پۇرۇش، مال يۆتكەش، پاختا تېرىش، كۆكتات يىغىش،
سۇ توشۇش، ۋېلسىپىت ياساش، ياماقچىلىق، ناۋايلىق،
كاۋاپچىلىق...قاتارلىق خىلمۇ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇـ
غۇللىنىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ۋاقىتلىق بولغانلىقتىن ئۇلارـ
نىڭ ئىشسىز قېلىش خەۋپى بىر قەدەر چوڭ، ئۇلار بۇ
خىل ئۇدۇللۇق كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈك.

كىرىمى ئاز ئىدارە ـ ئورگانلاردا، كان ـ كارخاـ
نىلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر يەنىلا نامراتلارنىڭ
بىر قىسمى. خادىم قىسقارتىش دولقۇنلىرى ئەڭ ئاۋۋال
مۇشۇ كىشىلەرگە زەربە بېرىدۇ. ئۇلار ئىشتىن قالدۇرۇلـ
غان خىزمەتچىلەر نامىدا ھۆكۈمەتنىڭ كاپالەت پۇلى بىلەن
تەمىنلىشىگە، يايما ئاچسا باج ئالماسلىق ئېتىبار سىياسـ
تىگە ئىگە، لېكىن مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەۋاتقان،
داۋالىنىش ھەققى، ئوقۇش راسخودى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەـ
ۋاتقان بۇ كۈنلەردە نەچچە يۈز يۈەنلىك كاپالەت پۇلى
ۋە بىر نەچچە يۈەنلەپ تاپقان پارچە پۇلى نېمىگە يېتىدۇ
دەيسىز؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى غۇربەتچىلىك
بىلەن ئۆتىدۇ.

## 3. نامراتلار ۋە سودا ئېڭى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار:
بىر ئوتۇنچى يىگىت تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ، بىر
توشقاننى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرەخ
تۈۋىدە ئۇنى مارىلاپ تۇرىدۇ، ئۇ قولغا چۈشەي دەپ
قالغان توشقاننى كۆرۈپ، شېرىن خىيالغا چۆشىدۇ.
«كۈندە بىر توشقان تۇتۇپ ساتسام، ئۇنىڭ پۇلىنى يىغىپ
قوي ئالسام، قوي قوزىلاپ كۆپەيسە، ئۇلارنى سېتىپ
كالا ئالسام، كالا موزايلىسا...» لېكىن ئۇنىڭ شېرىن خىـ
يالى توشقاننىڭ شەپىدىن ھۈركۈپ قېچىشى بىلەن بەربات
بولىدۇ... ھېكايىدىكى ئوتۇنچىلىق ئېڭىدىكى نامراتلار تەـ
بىقىسىگە مەنسۇپ، ئوتۇنچىنىڭ تېخى قولغا چۈشمىگەن
ئولجا بىلەن تىجارەت قىلىش خىيالى قارىماققا كۈلكىلىك
كۆرۈنگىنى بىلەن، بۇ ھېكايە نامراتلارنىڭ سودا ئېڭىنىڭ
يۇقىرىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق سودا دەسمايىنى تەـ
لەپ قىلىدۇ. مەبلىغىڭىز ئاز بولسا ئېڭىڭىزنىڭ خەۋپ ـ

خەتىرى كۆپ بولىدۇ. خۇددى يۇقىرىدىكى ھېكايىگە
ئوخشاش توشقان قولدىن كەتسىلا بارلىق كەلگۈسى پايدا
قولدىن كېتىدۇ. نامراتلارنىڭ دەسمايىسى ئاز بولغاچقا،
ئۇلارنىڭ تىجارەتتىن ئالىدىغان ھايىنى ناھايىتى تۆۋەن
بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار بايلار بىلەن بازار تالىشىدىغان، چە-
قىمى ئېغىر ۋە خەتىرى چوڭ سودىلارغا تەۋەككۇل قىلال-
مايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇمىدنى لاتارىيە ياكى تۇيۇقسىز
ئۇچرايدىغان غەزىنىلەرگە باغلايدۇ. شۇڭا ئۇلار چىقىمى
ئاز ياماقچىلىق، باقاللىق، ناۋايلىق، مايلامچىلىق، چار
بازارچىلىق، يايمىچىلىق قاتارلىق ئۇششاق تىجارەت بى-
لەن مەشغۇل بولىدۇ، بەزىدە چار بازارچىلىقنىڭ خەۋپىمۇ
ئاز ئەمەس، تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي پرىنسىپچان بازار
باشقۇرغۇچىلارغا ئۇچراپ قالسا نەس باسقىنى شۇ، مېلىنى
تارتقۇزۇپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە قانۇنسىز تىجارەت قىلغى-
نى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ تېخى!

## 4. نامراتلار ۋە سالامەتلىك

نامراتلار بايلارغا ئوخشاش داۋالىنىش كاپالىتىگە
ئىگە ئەمەس، داۋالىنىش خىراجىتىگە ئىگە بولغان تەق-
دىردىمۇ ئاتچوت قىلالايدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. كۆنسېرى
ئۆرلەۋاتقان داۋالىنىش راسخوتى ئالدىدا بايلار چىدىماي
ۋايساۋاتقان يەردە نامراتلار قانداق بولماقچى دەيسىز؟!
ھەر ھالدا خۇداغا شۈكرى، نامراتلار دائىم جىسمانى
ئەمگەكلەر بىلەن چېنىقىپ تۇرغاچقىمىكىن، بەدىنى چىڭ
ۋە ساغلام. بىراق ئۇزۇن مۇددەتلىك جىسمانى ئەمگەك
ۋە قۇۋۋەتسىز تاماقلار ئۇلارنىڭ پولاتتەك قەددىنى ئې-
گىپ، ئىچكى ئەزالىرىنى مەزگىلسىز خورىتىدۇ، ھەر قان-
چە چىداپ تىك يۈرگەن بىلەن ئۇلارنى كۈتىدىغىنى كې-
سەللىكنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى. ئۇلار بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ
قىلىشنى خالىمىسىمۇ ياكى ئويلىماسلىققا تىرىشسىمۇ بۇن-
داق پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى تاپقان
ـ تەرگىنى ئۇدۇللۇق بولغاچقا تاماقنىڭ ئۆلچىمى، سۈپى-
تى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن ھېسابلىشىشقا ئامالسىز، بەزىدە
تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاشخانا تازىلىقىنى ۋە
تاماق بىخەتەرلىكىنى ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش
قىيىن.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئېلىمىزدە كان ۋەقەلىرى
بىر قەدەر ئەۋج ئالدى، بەزى ھادىسىلەردە بىر قانچە،
بەزى ۋەقەلەردە ئون نەچچە ۋە ھەتتا نەچچە ئون كەم-
بەغەل ئىشچى ھادىسىگە ئۇچرىدى. دەسلەپتە بۇ ۋەقە-
لەرنى ئاڭلىساق يۈرىكىمىز ئاغرىيتتى، كېيىن يۈز بېرىد-
ۋەرگەندىن كېيىن خۇددى پەلەستىن ئاھاللىرى ئىسرائى-
لىيەنىڭ تانكا ۋە بومبىلىرىغا كۆنۈپ قالغاندەك خىيال-
مىزغا كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە يۇقىرىدىن بى-
خەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقان بولسى-
مۇ، لېكىن بەزى كان مەسئۇللىرى ئاز مەبلەغ سېلىپ،
كۆپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، كان ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش
ۋە كان بىخەتەرلىكىنى چىڭ تۇتۇشقا سەل قارىدى. ئاقى-
ۋەتتە تالاي يوقسۇل ئىشچىلارنىڭ ئائىلىسىگە ئېيتقۇسىز
ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئەجەبا نامرات ئىشچىلارنىڭ ھاياتى
شۇ قەدەر ئەرزىمەسمۇ؟ ئۇلار بىزگە ئوخشاش قان ۋە
گۆشتىن يارالغان ئادەم ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئوي-
لىغانلار ياكى سورىغانلار كۆپ بولمىدى. بەلكىم بەزىلەر
بۇ ئىشچىلار بۇنداق خەتەرلىك جايدا ئىشلىگەندىن باشقا
يەردە ئىشلىسە بولمامدىغاندۇ، دەپ ئويلىشى ئېھتىمال.
بۇ كەمبەغەل ئىشچىلارنىڭمۇ ئائىلىسى بار، قورساق مە-
سىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەكتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە سانائەت-
لىشىۋاتقان دۆلىتىمىزدە نېفىت، گاز، كۆمۈر ۋە كان باي-
لىقلىرى شۇ قەدەر ئېھتىياجلىق، شۇ قەدەر پايدىسى كۆپ
ساھەلەر تۇرسا كىمنىڭ كۆزى قىزارمايدۇ دەيسىز؟ مىڭ
نەچچە يۈز يۈەن مائاش بېرىدىغان بۇنداق كانلارنىڭ
نامراتلارنى تارتىش كۈچىنى سىزمۇ سۆزسىز تەسەۋۋۇر
قىلالايسىز! نۇرغۇن ئورۇنلاردا بۇنچىلىك ھەق ئالالماي-
دىغان دۆلەت خىزمەتچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەدەنىيەت
سەۋىيەسى تۆۋەن، نامراتلار قورساق مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن بۇنداق كىرىمى ئوبدان ئورۇندا ئىشلىمەي
نەدە ئىشلىسۇن؟! نەچچە جان ئۇنىڭ قولىغا قاراپ كۆزى-
نى مۆلدۈرلىتىپ تۇرسا، كىمنىڭمۇ باشقا ئىشلارنى ئويلاپ
ئولتۇرۇشقا چولىسى تەگسۇن دەيسىز؟!

## 5. نامراتلار ۋە قانۇن

نامراتلار ۋە قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ.
ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە نيۇ يورك شەھرىدە بىر نېگىرلار
ئولتۇراق رايونى بولۇپ، ئۇ بىر نامراتلار رايونى ئې-
كەن. ئۇ يەردە جەمئىيەت ئامانلىقى بىر قەدەر ناچار بو-
لۇپ، زەھەر سېتىش، چېكىش، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە
قاتىللىق ۋەقەلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا
نامراتلار توپلاشقان مەھەللىلەر ساقچىلارنىڭ نۇقتىلىق
چارلايدىغان جايلىرى ھېسابلىنىدىكەن. نۆۋەتتە ئېلىمىز-
دىمۇ كۆچمە نوپۇسلار يىغىلغان شەھەر ئەتراپى رايونلىرى
باشقۇرۇش تەس بولغان رايون دەپ قارالماقتا. ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدە بۇ خىل نامرات كۆچمەنلەر ئاز ئەمەس، ئا-
ساسلىقى شىنجاڭدىكى بىر نەچچە چوڭ شەھەرلەرگە يى-
غىلغان، ئۈرۈمچىدە نامرات كۆچمەنلەر مەھەللىرى بىر

قەدەر گەۋدىلىك، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار بىر قەدەر ئېغىر، كۆپىنچە قانۇنسىز ئۇنسۇرلار مۇشۇنداق يەرنى پاناھگاھ قىلىپ تاللىغاچقا ساقچىلارغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، كۆچمەنلەر رايونى ئەمەلىيەتتە بىر نامراتلار توپلاشقان ئورۇن، بۇ يەردە نىكاھتىن ئاجرىشىش، مال - مۈلۈك دېلولىرى، ئوغرىلىق، ئۇرۇش - تالاش، ئۆلۈش - يارىلىنىش ئىشلىرى بىر قەدەر كۆپ، شۇڭا بۇ يەر قانۇننىڭ زەربە بېرىش نۇقتىلىرى بولۇپ قالغان، بۇ يەردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر تەس، ئىش تېپىشى مۈشكۈل، ئادالەتسىز مۇئامىلىدىن خالىي بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن كۆپرەك نەپرەت، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك. چۈنكى ئادەمدە كىشىلىك قەدىر - قىممىتى قوغدالغان، ھۆرمەتلەنگەن، باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغان، تۇرمۇشى قانائەتلەنگەن چاغدا تۇرمۇشنى، ھاياتنى، جەمئىيەتنى، دۇنيانى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش ئىستىكى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن سۈركىلىشى، دۈشمەنلىشىشى كۆپ بولىدۇ، نۇرغۇن كەمبەغەللەر بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ئاجىز قاتلام، يەنە بىر تەرەپتىن سوغۇققانلىقى، ئاداۋەتخورلىقى بىلەن ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خەتەرلىك قوۋم، كىچىك بالىلار بىزنىڭ نەزەرىمىزدە بىغۇبار، سەبى ۋە گۆدەك دەپ تەرىپلىنىدۇ، لېكىن بىز بەزىدە ياخشى تەربىيىگە ئىگە بولالمىغان بالىلارنىڭ پاقىغا مىخ قېقىپ ماڭغۇزۇپ، ھاشارەتلەرنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ جان تالاشقىنىنى كۆرۈپ، مۈشۈكنىڭ بوينىغا تانا باغلاپ قىيناپ، ئىتلارغا تاش ئېتىپ ئېغىزى - بۇرنىنى قان قىلىپ، بۇلاردىن ھوزۇر ۋە شاتلىق تاپقىنىغا قاراپ چۆچۈيمىز. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھشىلىك، ياۋايىلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ ئىپادىلىرى ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى قاراڭغۇ كۆرسىتىدۇ. بىز گېزىت - ژۇرناللاردىن بۆرە، ئېيىق ياكى مايمۇنلار بېقىۋالغان ئىنسان باللىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا قانداق ياۋايىلىقنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋەقەلىرىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. دېمەك ئىنسان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىن ئايرىلسا، ئۇ ھايۋانلاردىن پەرقسىز ۋەھشى، قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئايلىنىپ، ئىنسانلارغا خەۋپ - خەتەر كەلتۈرىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەسلىدىنلا ياخشى تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ۋە ئىناقسىز، جېدەلگە تولغان مۇھىتتا چوڭ بولغان، تۇرمۇشى نامرات كەمبەغەللەرنىڭ قىساسكارلىقى ھەر خىل ھىيلە - مىكىرلەرگە تولغان بايلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ، شۇڭ بايلار ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇلار بىلەن ئارىلىق ساقلاشقا دىققەت قىلىدۇ، بۇ ھەرگىز ئۇلارنى ياراتمىغانلىقى ياكى گاداي كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان قاراملىقى ۋە ياۋايىلىقىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىدۇر.

كەمبەغەللەر كۆپىنچە تاپقىنىغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ ياشايدۇ، ھېچكىم بىلەن ئارتۇق مەنپەئەت تالىشىپمۇ كەتمەيدۇ، ئەگەر ئۇ نامۇۋاپىق سەۋەبلەر بىلەن ئىش ھەققى تۇتۇپ قېلىنسا ياكى بوزەك قىلىنسا، خۇددى بومبىدەك پارتلايدۇ. بەلكىم ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك جىنايى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن، بەزى تەربىيەسىز كەمبەغەل بالىلار كىچىكىدە ئۆگىنىپ قالغان خۇيى بىلەن يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر چوڭ پايدىنى كۆزلەپ زەھەرلىك چېكىملىك يۆتكەش، سېتىش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن. كىچىكىدىن جېدەل - ماجىرالاردا پىشىپ قالغانلىرى زورۋانلىقىغا تايىنىپ ئادەم توپلاپ قارا گۇرۇھ تەشكىللىشى، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق دېلولىرىنى سادىر قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا نامراتلار قاتلىمىدا قانۇن بىلەن مۈكۈشمەك ئوينايدىغان ھالەت بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. بۇ ھەرگىز بايلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. بايلار ئىچىدىمۇ باج ئوغرىلايدىغان، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىدىغان، ئادەم سېلىپ سۇيىقەست قىلىدىغان، كۆپ خوتۇنلۇق بولىدىغان، ھايانكەشلىك قىلىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار چىقىدۇ، لېكىن ئۇلار ئويلايدىغان نام - ئەمەل، ئابرۇي، مەرتىۋە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق ئامىللار كۆپ بولغاچقا، جىنايەت سادىر قىلىپ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدۇ، شۇڭا ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتلەنمىگەن، مەنىۋى تۇرمۇشى پۇچەك نامراتلارنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىپ قېلىش نىسبىتى يەنىلا بايلاردىن يۇقىرى بولىدۇ.

## 6. نامراتلار ۋە نىكاھ

نامراتلارنىڭ نىكاھى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، چۈنكى نىكاھ مۇھەببەتتەك تاتلىق ۋە رومانتىك بولمايدۇ، ئۇ بىر جۈپ يات جىنسلارنىڭ باش قوشۇپ بالىلارنى قاتارغا قوشۇش، كۈن ئۆتكۈزۈش جەريانىدۇر، شۇڭا بىر ئۆينىڭ ئۇن، ماي، تۇز، ئائىلە تەئەللۇقاتى قاتارلىق رېئال مەسىلىلەر ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تالاش - تارتىش ئوبيېكتى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، پۇل نىكاھنىڭ زىددىيەت پىلتىسى بولۇپ قالىدۇ. بەزى كەمبەغەللەر پۇلى

بولمىغاچقا ئۇزۇنغىچە توي قىلالمايدۇ، ئۇلار ئەپلەپ ـ سەپلەپ توي قىلىۋالسا ئۆيى ئۈچۈن تەر تۆكۈش ئىدىيەسى خېلى كۈچلۈك. بىردە پۇللۇق بولۇپ قالىدىغان، بىردە ھېچ نېمىسى قالمايدىغان تۇراقسىز بەزى ئىشلەمچىلەرنىڭ نىكاھى ئاجىز بولىدۇ. خوتۇن ئېلىپ خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئۇلارنىڭ بىر گەۋدىلىك تەرىپى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇل بولسا خوتۇن يۆتكەش، چىشىنىڭ بارىدا گۆش يېيىش ئىدىيەسى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تويىدىن باشقىلىرى ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلىدۇ، قىز تەرەپمۇ، مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك تويلۇق بىلەنلا قىزىنى ئۇزىتىپ قويۇۋېرىدۇ، كەمبەغەللەر قاتلىمىدا قانۇنىي مۇراسىمغا قارىغاندا دىنىي مۇراسىمنى چوڭ بىلىدۇ، بەزىلەر توي خېتى ئالمىسىمۇ، نىكاھ ئوقۇسىلا قانائەتلىنىدۇ، بۇنداق قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدىغان نىكاھنىڭ ئۇلى ئاجىز بولىدۇ، بۇ بەختسىز كېلىنچەكلەرنىڭ تالاق بولۇش خەۋپى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ، يەنى بەزى كەمبەغەللەر ھە دېگەندىلا بالىلىرى ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلار ياكى چىقىشالمايدۇ ياكى ئوبدان ئۆتەلمەيدۇ ۋە ياكى ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، بالىلار بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭنىڭ ئازارلانغۇچىلىرىغا، ئازابلانغۇچىلىرىغا ۋە خارلانغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ، نامراتلار رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ توي قىلغىنىغا 15 يىلدەك بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بار ئىكەن، ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلار بولۇپ، دەسلەپتە ئوبدان ئۆتۈپتۇ، بالىلارنى تەمىنلەش ۋە ئائىلىنى قامداش ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئاشخانا ئېچىپتۇ، ئوتۇن ـ سامان سېتىپتۇ، كىراكەشلىك قىپتۇ... ئىشقىلىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىكى ئىش بولسا ھەممىسىنى قىلىپ بالىلىرىنى چوڭ قىلىپتۇ، لېكىن زىددىيەت ئەرنىڭ تاپقان پۇلىغا ھاراق ئىچىپ، ئۆيىنىڭ، بالىلارنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماسلىقتىن باشلىنىپتۇ، ئايال ئۆزى دۇكان ئېچىپ ئائىلىنىڭ خىراجىتىنى تېپىپ ئۆيىنى تەمىنلەپتۇ، ئەر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ بارلىق پۇلىغا دۇكان ئېچىۋالغىنىدىن نارازى بولۇپ، جېدەل چىقىرىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ ماشىنا سېتىۋېلىپ كىراكەشلىك قىلماقچى ئىكەن، ئايال ماشىنىنىڭ چىقىمى كىرگەن كىرىمىدىن جىق دەپ قاراپ، كۆن ئېلىشنى ئەلا بىلىدىكەن، شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارا ـ بارا كۈچىيىپ، مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ كېتىپتۇ ۋە جېدەل ـ ماجىرا ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. مانا بۇ نامراتلار نىكاھىنىڭ بىر ئايرىم مىسالى. پۇل كۆپ بولسا بەختلىك، پۇل بولمىسا بەختسىز دەيدىغان سۆز يوق، پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا تېپىلمىغان خۇشاللىق بەلكىم دالىدا قوي باقىدىغان پادىچىنىڭ غېرىب كەپىسىدىن تېپىلىشى مۇمكىن ياكى بايلارنىڭ داچىسىدىن تېپىلمايدىغان ئەركىنلىك ۋە بەخت دېھقانلارنىڭ بالا ـ چاقىسى بىلەن جەم بولۇپ بىر قاچىدىن ئۇگرە ئىچكەن ئاددىي كەپىسىدىن تېپىلىشى مۇمكىن، لېكىن نىكاھنىڭ بەختلىك بولۇش ـ بولماسلىقى پۇل بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ.

«بۇرۇن بىر باي بولغانىكەن، قېرى باي داچىسى ئالدىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتسا، ئىشىك ئالدىغا كىيىملىرى جۇل ـ جۇل سەرگەردان كېلىپ، چىملىقتا سۇنايلىنىپ يېتىپ ئاپتاپسىنىشقا باشلاپتۇ. باي ئۇنىڭغا قىزىقىپ:

ــ سەن ياش ئىكەنسەن، بىكار يۈرگۈچە ئىشلىسەڭ بولمامدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئىشلەپ نېمە قىلىمەن؟ ــ دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ سەرگەردان.

ــ ئىشلىسەڭ پۇل تاپىسەن، ئۆي ئالىسەن، ماشىنا ئالىسەن، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى ھۇزۇرلىنىسەن، خوتۇن ـ بالىلىق بولۇپ راھەت كۆرىسەن!

ــ ئاندىن كېيىنچۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ سەرگەردان.

ــ كېيىن قېرىساڭ كىيىم ـ كېچەك، قورسىقىڭدىن غەم قىلماي، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىسەن، ــ دەپتۇ باي چۈشەندۈرۈپ.

ــ ئۇنداق جاپا چېكىشنىڭ نېمە ھاجىتى، مانا مەن ھازىرمۇ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتىمەنغۇ؟!»

بۇ كەمبەغەللەرگە ياقىدىغان ھېكايە، بايلىق بىلەن بەخت چوقۇم بىللە بولۇشى ناتايىن. سەرگەردان بىلەن باي ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا ئۇلار ھەقىقەتەن قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىشى ئوخشاش، لېكىن قۇياش پاتقاندىن كېيىن سەرگەردان بايغا قارىغاندا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقۇشى تۇرغانلا گەپ. مەسىلەن: ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمامدۇ؟ كەچتە نەدە ئۇخلايدۇ؟ ئەتە نەگە بارىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەرگىز ئاپتاپقا قاقلىنىش بىلەنلا پۈتمەيدۇ ـ دە! پۇل بىلەن نىكاھ، بەختنىڭ مۇناسىۋىتى بەلكىم ئادەمنىڭ ئويى، ئېھتىياجى، ئارزۇسى ۋە تەلىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەجەبا سىزنىڭ ئازادە ئۆيدە ئولتۇرغۇڭىز يوقمۇ؟ دوست ـ بۇرادەرلەرگە ئېسىل سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلغۇڭىز يوقمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنى خۇشال قىلىدىغان ھەم پۇل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر، بەخت بىلەن خۇشاللىقنى بىز مۇناسىۋىتى يوق دېيەلمەيمىز، بەخت بىر خىل قانائەتلىنىش، رازىمەنلىك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى، سىز كۆپ پۇل تېپىپ كۆڭلىڭىزدىكى ئارزۇلىرىڭىزنى،

پىلانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرسىڭىز خۇشاللىق ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيسىز. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى بەختلىك مەن دېيەلمەمسىز؟!

## 7. نامراتلار ۋە تېز بېيىش ئېڭى

بەزىدە مېنىڭدىمۇ ماددىي دۇنيانىڭ يالتىراقلىرى ۋە مەئىشەتلىرى ئالدىدا بىر كېچىدىلا بېيىش ئويى تۇغۇلىدۇ، گەرچە ئۆزۈم مائاشلىق كادىر بولساممۇ، لېكىن ھازىرقى كۈنۈمدىن تازا رازى ئەمەس ئىدىم، سالامەتلىكى ناچارلاشقان ئاتا - ئانامنى ئوبدان داۋالاتقۇم، ئىنى - سىڭىللىرىمغا تۇتاملاپ پۇل بېرىپ ئاكىلىق ئىناۋىتىمنى ۋە ھۆرمىتىمنى كۆتۈرگۈم، نامرات رايونلارغا، مەكتەپ ۋە دارىلئىتاملارغا پۇل ئىئانە قىلىپ ياردەم قولۇمنى سۇنغۇم كېلىدۇ، بىراق نۇرغۇن چاغلاردا قولۇم قىسقىلىقتىن ئۇرۇق - تۇغقان ئالدىدا «پۇلى بار تۇرۇپ بېرىپ تۇرمىدى» دېگەن يامان ئاتاقتىمۇ قالىمەن. بىراق ئۇلار ھەر ئايلىق پۇلنىڭ بېشىدا قانداق ئوتلارنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، نەقچوت ئەمەلىيلەشمەي تۇرۇپ، قانداق خامچوتلارنىڭ سوقۇلۇۋاتقانلىقىنى قانداقمۇ بىلسۇن دەيسىز؟! يېقىنقى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ لاتارىيە بېلىتى ئېلىش قىزغىنلىقى بارغانسېرى ئېشىپ باردى، بۇنىڭغا قاراپ بىر كېچىدە بېيىش ئىستىكى پەقەت مەندىلا بولمىسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىمەن، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ يىغىشنى مەقسەت قىلغان «قانۇنلۇق قىمار» شەكلى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پۇللۇق بولۇش ئىستىكىگە تېخىمۇ ماسلاشتى، مېنىڭ بىر تۇغقىنىم نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل لاتارىيە ئېلىپ كەلدى، بىراق چەك تارتىش كۆپ بولدى، مۇكاپات چىقىش قېتىمى ئاز بولدى، بەزىدە ئىككى يۈەن، كۆپ بولغاندا مىڭ يۈەن چىقاتتى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ سالغان دەسمايىسىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى، لېكىن ئۇ شۇنداقتىمۇ ئۈمىد ئۈزمىدى، تېز بېيىش ئېڭى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە تۇغۇلىدىغان بىر ئىستەك، سىز تۈمەن يۈەنلىك ئېسىل تېلېۋىزورنى، نەچچە ئون تۈمەنلىك ماشىنىنى ياكى ئون نەچچە تۈمەنلىك ئۆينى سېتىۋالماقچى بولغاندا، يېنىڭىز بوش بولۇپ ئالالماي قالسىڭىز بىر كېچىدە بېيىشنى ئويلىمامسىز؟ ئېسىل يېكاپ، ھەشەمەتلىك داچا، ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەر، ئارامبەخش ئۆي جابدۇقلىرى، قىممەت باھالىق كىيىملەر...كىشىلەرنى قانداقمۇ تېز بېيىشقا ئۈندىمىسۇن!؟ قانچىلىك يىگىتلەر بىر كېچىدە داڭلىق چولپان بولۇپ پۇلدار بولۇشنى ئويلىمىدى دەيسىز؟! قانچىلىك قىزلار داڭلىق ئارتىس بولۇپ خالىغان كىيىم - كېچەك، ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ئېلىشنى ئويلىمىدى دەيسىز؟ لېكىن مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلىنىشنى شۇنداق ئاسان دەمسىز؟! ئۇلارنىڭ پۇل تېپىشى شۇ قەدەر ئاسان بولغانمۇ؟! پۇلدار داڭدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇنقى جاپا - مۇشەققەتلىرىنى، تۆككەن قان - تەرلىرىنى سىز بىلمەيسىز - دە! سىزدە ئۇلار چەككەن جاپالارنى، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەغلۇبىيەت، ساۋاقلارنى تارتىدىغان، ئىزچىل بىر نىشان ئۈچۈن تىرىشىدىغان غەيرەت بارمۇ؟! ئەگەر بولسا سىزمۇ نېمىشقا سىناپ باقمىغۇدەكسىز؟!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە بەزى پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ جىنايەتلىرىنى سۆكۈپ، ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىدىغان مەزمۇنلار كۆپىيىپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان نامرات كىشىلەر ئىكەنلىكى بىزنى ھەيران قالدۇردى، ئويلاندۇردى، ئۇلارمۇ ئەسلىدە نى - نى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كادىرلار ئىدى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن خاتالاشتى؟ ئېنىقكى، قىيىنچىلىق، جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا تەۋرەنمىگەن پولاتتەك ئىرادىلەر راھەت، بايلىق ئالدىدا بوشاشتى. بۇرۇن جاپادا تاۋلانغان بەدەن راھەت ئورۇندۇققا، يۇمشاق ماشىنىغا، ئارامبەخش داچىلارغا كۆندى، بۇرۇن قەلبىدە يىغىلىپ قالغان، بىخلانغان «ياخشى تۇرمۇش» پىلانلىرىنىڭ شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلدى. مۇنبەت تۇپراق، يېتەرلىك قۇياش نۇرى ۋە ئەلۋەك سۇ تەييار بۇ خىل مۇھىتتا ئاچكۆزلۈكنىڭ ئۇرۇقلىرى نېمىشقا بىخلانمىسۇن، كۆكلىمىسۇن ۋە مېۋىلىمىسۇن!؟

## 8. نامراتلار ۋە ئالدامچىلىق

ھازىر پۇل تېپىش ئېلانلىرى كۆپىيىپ كەتتى، بۇ ئېلانلارنىڭ ئازدۇرۇش كۈچى يانچۇقى تۇم بايلارغا قارىغاندا كۈنى ھېسابلىق ئۆتىدىغان نامراتلارنى قىزىقتۇرۇشى كۈچلۈك بولىدۇ. نېمە دېگەن بىلەن بايلار قانچە يىللىق ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرنىغا تالاي سۇ كىرگەچكە، جاپا تارتماي مەبلەغ سېلىپ قويۇپ ئوڭاي پۇل تاپىدىغان ئىش نەدە دېگەننى ئويلاپ يېتەلەيدۇ! لېكىن تولا چاغلاردا بېيىش ئىستىكى يۇقىرى نامراتلار بۇ خىل ئېلانلارنىڭ قىزغىن ئىشتىراكچىسى بولىدۇ، ئاقىۋەتتە قايسى بىر ئالدامچىنىڭ يېنىنى توملاپ بېرىپ ئۆزى بارماق چىشلەپ قالىدۇ، ئالدامچىلار دەل نامراتلارنىڭ ئا-

سان پايدىنى كۆزلەيدىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان ساددا، نادان ۋە كالتە پەملىكدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر مەزگىل قويمىچىلىق ئەۋج ئالدى، ئېتۇتلاردا ئوينالدى، ھېكايىلەردە ھەجۋىي قىلىندى، گېزىت - ژۇرناللاردا پاش قىلىندى، لېكىن قويمىچىلارغا ئالدىنىدىغان بىچارىلەر كۆپەيسە كۆپەيدىكى ئازايمىدى، قويمىچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇقىنى، ئىشەنچىنى تىلخەتتىن ياكى ھۆججەتتىن ئەلا بىلىدىغان مەرد خاراكتېرىنى يەمچۈك قىلىپ، قەرز ئېلىپ يوقاپ كېتىدىغان ئاسان بېيىش ئۇسۇلىنى تېپىۋالدى. ئېتۇتلاردىكى پۇل قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ قويمىچىلاردىن پۇل ئالالماي ئۇنىڭغا سوۋغا كۆتۈرۈپ بېرىپ يېلىنىشلىرى ۋە بىچارىلەرچە خۇشامەت قىلىشلىرىنى كۆرگىنىمىزدە ئىشلارنىڭ تەتۈر بولۇۋاتقانلىقىغا تەئەججۈپلىنىمىز، زىيانلانغۇچىغا ئىچىنىپ، قويمىچىغا نەپرەتلىنىمىز، كىشىلىك ئىشەنچنى سېتىپ خەجلەۋاتقان بۇ نائىنسابلارغا يەنە قانداق سۆز بىلەن تەبىر بەرگۈلۈك؟ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغىنى مۇنداق قىلتاققا چۈشكەنلەرنىڭ ئىچىدە شەھەر كەمبەغەللىرى، دېھقانلار كۆپرەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئازراق ھاللىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئالدانغانلارمۇ ئاز ئەمەس، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «داپ» ناملىق ھېكايىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن شۇ ناملىق فىلىمدا باش قەھرىمان ھالال ھۈنەر بىلەن پۇل تاپقان بىر شەھەر پۇقراسى، ئۇنىڭ بايلارغا قاراپ تېخىمۇ پۇللۇق بولغۇسى، ھەشەمەتلىك قورۇ - جاي سالغۇسى، ئېسىل پىكاپ ئالغۇسى كېلىدۇ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ بۇ ئاچكۆزلىكى ئۇنى ئازدۇرىدىغان ئېزىتقۇغا ئايلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كاستۇم - بۇرۇلكىنى قىرلاپ كىيگەن، يانفونىنى قۇلاققا تېگىپ مىليون - مىليون مەبلەغنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر سالاپەتلىك قويمىچىنىڭ «ئولجا»سىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ قويمىچى بىلەن «شېرىك تىجارەت» قىلىش ئۈچۈن تاپقان - تەرگىنىنى دوغا تىكىپلا قالماي، تونۇش - بىلىشلەردىن قەرز ئېلىپ ئۇزىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىنىمۇ بىللە دوغا تىكىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چوڭ قويمىچىنى ئىزدەپ تارتمىغان كۈنى قالمايدۇ. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى ئۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىشەنچلىك ئادەمدىن «كىچىك قويمىچى»غا ئايلىنىپ، قەرز ئىگىلىرىدىن قېچىپ ئۆيگە قايتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بىز بۇ فىلىمنى كۆرگەندە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ھۈنەرۋەنگە ھېسداشلىق قىلىمىز، ئىنسابسىز قويمىچىنىڭ ھىيلىگەر، مەككارلىقىغا نەپرەتلىنىمىز، بۇ يەردە ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، فىلىمنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ ئاچكۆزلۈكى بۇ خىل تىراگېدىيەنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب دېيىش مۇمكىن، نامراتلار ئۆز ۋۇجۇدىدا ھەقىقەتەن ئىشچانلىق، سەممىيلىك، سەۋرچانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، جاپاغا چىداش روھى قاتارلىق نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىزنىڭ ماختىشىمىزغا ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن يېتىشتۈرگەن نادانلىق، قوپاللىق، كەم ئەقىللىق، ھاراقكەشلىك، ساددىلىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق يېتەرسىزلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلمايمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالدامچىلىققا بولغان ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، قولىدىن ئازغىنە جاھاندارچىلىق دەسمايىسىدىنىمۇ ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

## 9. نامراتلار ۋە مەبلەغ

نامراتلار ئۆز رېئاللىقىدىن نارازى، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرى، تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك. نۇرغۇن ئىقتىسادشۇناسلار باي بولىمەن دېسەڭ مەبلەغ سال دېيىشىدۇ، بىچارە نامراتلار ئۆزىنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبە جەھەتتە ئاجىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۇتىدىغان كەسكىن بازارلار رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ، بەزىدە پايچېكى بازىرىغا دو تىكىدۇ، لېكىن پايچېكى ئېلىپ بېيىغان ئادەم قانچە دەيسىز؟! يەنە بەزىلەر ماشىنىغا مەبلەغ سېلىپ كىرا تارتىدۇ، بىراق تەلىيى كاج كېلىپ ماي باھاسى، يول بېجى ۋە ماشىنا رېمونت قىلىش راسخوتى قاتارلىقلارنى كۆتۈرەلمەي تېخىمۇ گادايلىشىدۇ. ھازىر كىرالارغا نورمىدىن ئارتۇق ئادەم سالسا جەرىمانە قويۇلىدىغىنى تېخىمۇ ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. ئەمىسە نامراتلار قانداق قىلسا بولار؟! بۇرۇن بىر باي بىر نامراتنى يۆلىمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆكۈزىدىن بىرنى بېرىپتۇ ۋە: «باھارغىچە بوز يەر ئېچىپ، زىرائەت تېرىغۇدەك قىلىپ تۇرغىن، مەن ساڭا ئۇرۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىمەن» دەپتۇ. گاداي كالىغا ئېرىشكىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. لېكىن مەسىلە شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپتۇ. ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قورسىقىنى غەملىسىلا بولىدىغان گادايغا يەنە كالىنىڭ يەم - خەشىكى قوشۇلۇپتۇ-دە، چىدالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «كالىنىڭ يەم - خەشىكىنى غەم قىلغۇچە سېتىپ بىر نەچچە قوي ئېلىپ ئۇلارنى قوزىلىتىپ پۇل قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كالىنى سېتىپ بىر نەچچە قوي ئاپتۇ، لېكىن قوي قوزىلاش ۋاقتىنى كۈتۈۋېرىپ چىداپ بولالماپتۇ ۋە: «بىرنى ئۆلتۈرۈپ يەپ تۇراي» دەپ ئويلاپ بىر قوينى سويۇپ يەپتۇ، يەنە بىرنى سويۇپ يەپتۇ، ئاخىرى بىرى قالغاندا جىددىيلىشىپ، ئۇنى سېتىپ ئون نەچچە چۈجە ئاپتۇ، ئۇلار چوڭ

بولغۇچە تاقەت قىلالماي بىر - بىرلەپ سويۇپ يەپتۇ، ئاخىرى بىرىلا قالغاندا يېيىشتىن ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۇنى سېتىپ ھاراق ۋە چىلىنغان كۆكتات ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ غەم - قايغۇنى ئۇنتۇپتۇ. باھار كېلىپ باي ئورۇقنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ چىلىشقۇدەك ئىچىپ كاڭدا ياتقۇدەك، بەرگەن كالىمۇ يوق، ئۆيى يەنە بۇرۇنقىدەك ۋەيرانە، شۇنىڭ بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قاپتۇ، نامراتلارنى يۆلەش كېرەك، لېكىن نامراتنىڭمۇ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش ئىدىيەسى، ھەرىكىتى ۋە غەيرىتى بولۇش كېرەك. ھەر قېتىم يۆلەش پەقەت نامراتلارغا بېرىلگەن بىر پۇرسەت، لېكىن بەرگەننى ئۇدۇللۇق تۈگەتسە بىر ئۆمۈر يۆلەپمۇ يۆلىگىلى بولمايدۇ - دە!

كەمبەغەللەر ئىچىدە بايلارنىڭ سەتچىلىكىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنىڭ ناچارلىقى ھەققىدە گەپ سېتىش ئىنتايىن مودا، كىشىلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق كەمبەغەللەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىنى ياكى كىشىلىك پەزىلىتىنى نامايان قىلىشىدۇ، لېكىن كۆپىنچە بايلارمۇ ئەمەلىيەتتە نامرات ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان، ئۇلارنىڭ بايلىقى نەچچە يىللىق ئەجىر - مېھنىتى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ مېۋىسى، ناۋادا بايلار نەچچە ھەسسە قەرزگە بوغۇلۇپ، نامراتلاردىنمۇ بەتتەر ئەھۋالدا قالغان تەقدىردىمۇ، يەنە شۇ پۇلنى تېپىپ خەجلىيەلەيدۇ، ئەكسىچە بىرەر نامراتقا لاتارىيە ياكى غەزىنە ئۇچراپ بېيىپ كەتسىمۇ، ئۇ بايلىقنى ئۇزۇن مۇددەت قولىدا تۇتۇپ تۇرالىشى ياكى ئۇنى ئايلاندۇرۇپ ساقلىيالىشى ناتايىن، بەلكىم قولىدىن چىقىرىۋەتسە يەنە قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە جۈرئەت قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا نامراتلارنىڭ بېيىشى ھەرگىز مەبلەغنىڭ ياكى دەسمايىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكىم كاللىنىڭ ئېچىلغان - ئېچىلمىغانلىقىدا، يول تاپقان - تاپمىغانلىقىدا. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەشكە جۈرئىتى كەم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ناھايىتى كۆپ، تەشۋىشى تېخىمۇ كۆپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ئىشەنچىسى ئاجىز، نامراتلارنىڭ ئازغىنە جۇغلانمىسى ياكى بانكىدىكى ئازراق پۇلى بىلەن ئائىلىسىنىڭ قورساق مەسىلىسىنى، تىرىكچىلىكىنى دوغا تىكىشنى خالىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەقەت خەۋپى ئاز بولغان ئىش قىلىشتىن باشقا چوڭ ئىشقا تەۋەككۇل قىلالمايدۇ.

ھەممەيلەن يۇرتىمىز قالاق قىياپەتتىن قۇتۇلسا، گۈزەللەشسە، زامانىۋىلاشسا دېگەن ئۈمىدتە، مەن ئالىي مەكتەپتىن تاكى خىزمەتكە چىقىپ ھازىرغىچە ھەر قېتىم يۇرتقا قايتقۇچە، يۇرتۇمدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇ، دەپ ئويلايمەن، لېكىن ھەر قېتىم بارغىنىمدا كۆرىدىغىنىم يەنىلا شۇ بۇرۇنقى توپىلىق يول، ئانچە - مۇنچە كېڭەيتىلىپ، كوچا چىراغلىرى ئورنىتىپ قويغان بازار كوچىلىرى...كۆڭلۈمدە ھەسرەتلىنىمەن، ئاتا - ئانام بەزىدە «پالانى مەيدان ياسالدى، ئاۋۇ يەرگە كۆۋرۈك سېلىندى، مۇنچە يېڭى بىنا سېلىندى...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇراتتى. ئامالسىز باش لىڭشىتىپ بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلاتتىم، بەزىلەر يول راۋانلاشسا نامرات، قالاق يۇرتىمىزغا باي كارخانىچىلار مەبلەغ سالسا بېيىپ قالىمىز دېگەن ساددا ئويلاردىمۇ بولدى، لېكىن بايلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پىلانىغا چۈشمىسە، ئايرودۇرۇم ياساپ، پايانداز سېلىپ بەرسىڭىزمۇ كەلمەيدۇ، پايدا بولسا، «گۈللەندۈرۈش»، «تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش» دېگەندەك چىرايلىق باھانىلەر بىلەن يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قوللىشىنى تەمە قىلىپ كېلىۋېرىدۇ. سىز ئۈمىد قىلغان زامانىۋىلىق پەقەت بايلارغا بايلىقتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ، نامراتلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا ئاقىۋەت يەنىلا توپا - چاڭ سۈمۈرۈپ جايىڭىزدا قېلىۋېرىسىز. يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە زامانىۋى ئەسلىھەلەر نۇرغۇن نامراتلارنىڭ ئىش تېپىش پۇرسىتىدىن ۋە خىزمىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. توقسۇن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. 1997 - يىلى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياسالغاندا نۇرغۇن كىشىلەر خۇشال بولۇشقانىدى، ئۇلار پەقەت زامانىلىشىۋاتىمىز، تەرەققىي قىلدۇق، ئۈرۈمچىگە بارىدىغان يولىمىز قىسقىرىدى، دەپ ئاددىي ئويلىغانىدى. ھەتتا بەزى تېرىلغۇ يەرلىرى يولغا كېلىپ قالغانلىرى ئېرىشكەن تۆلەم پۇلىغا خۇشال بولۇپ ئۆزلىرىنى بېيىغاندەك ھېس قىلىشقان، لېكىن ئۇلار پۇلنى خەجلەپ بولۇپ يەنە نامرات پېتى قېلىۋەردى. مۇھىمى نۇرغۇن كەمبەغەل توقسۇنلۇقلار تاقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان رېستوران، مېھمانساراي، ئاشخانا ۋە قونالغۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلىيالمىدى، ئەمەلىيەتتە ئاممىۋى قاتناش ئارقىلىق تېپىپ يەيدىغان بۇ ئورۇنلارنىڭ تاپاۋىتى ياخشى بولمىسا، ئۆزلىرىنىڭ شۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئارتۇق شتات بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىيالمىدى. مانا بۇ نامراتلارنىڭ تەپەككۇر شەكلى، شىنجاڭنىڭ جەنۇب - شىمالىنى راۋانلاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول پەقەت بۇ لىنىيەدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى. بايلارنىڭ ماللىرىنى يۆتكىشى ئاسانلاشتى، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلاشتى، قەشقەرگە بارىدىغان تۆمۈر يول ياسالغاندىن كېيىن ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسلارنىڭ بازىرى كاساتلاشتى، بەزى قاتناش شىركەتلىرى ۋەيران بولدى، تاشيول بويىدىكى ئۇششاق ئۆتەڭلەر كىرىم مەنبە-

سىدىن ئايرىلىپ تاقالدى، بەزى ناھىيە ـ بازارلارنىڭ ئىقتىسادى بىۋاستە تەسىرگە ئۇچرىدى، تۆمۈر يول ۋە تاشيولدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەتلەنگىنى كەم بولدى دېسىڭىز يەنىلا پۇلدار بايلار بولدى، ئۇلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا چوڭ ياردىمى بولدى، ئۇلارنىڭ ئېسىل ماشىنىلىرى بۇ نامرات رايونلاردىن قۇيۇندەك ئۇچۇپ، خام ئەشياسى مول رايونلارغا ماڭغاندا يول بويىدىكى كىشىلەر پەقەت ماشىنىنىڭ بىنزىن پۇرىقىنى پۇراپ، كەينىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىۋەردى. بەزىلەرنىڭ يەر تۆلىمىدىن ئالغان پۇللىرى يەنە قۇرۇقدىلىپ، خۇددى ھېچ نەرسە يېمىگەن بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلەپلا قالدى...

## 10. نامراتلارغا پۇرسەت ۋە ئۈمىد

گەرچە نامراتلار كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئويلاپ باققان بولسىمۇ، سىناپ باققانلىرى ئازراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەۋەككۇل قىلغانلار ئىسلاھات قىلىشقا پېتىنغانلىرى، جاھان كېزىپ يول ئىزدىگەنلىرى يەنە باي بولالايدۇ. لېكىن بۇنداقلىرى يەنىلا ئىنتايىن ئاز، چۈنكى نامراتلارنىڭ تەۋەككۇل قىلىش روھى، ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى ئاز، «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى» دېگەندەك نامراتلار مەلۇم بىر توپ ياكى دائىرىگە يىغىلغان، بۇ دائىرىدىكى ھەممىسى كەمبەغەل بولغاچقا، ئوي ـ خىيالى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى، غايىسى قاتارلىقلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ. گەرچە بەزىلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى، پولاتتەك ئىرادىسى بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ قىممەتلىك نەرسىلەر كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىچىدە خوراپ تۈگەيدۇ.

نامراتلارنىڭ تايىنىش ۋە يۆلىنىش ئېڭى تولىمۇ كۈچلۈك. دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياستى ناھايىتى ئادىل بولۇپ، دائىم نامرات سانالغان ناھىيە ـ بازارلارغا پۇل چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ، بەزى ئورۇنلاردىكى قابىلىيەتلىك رەھبەرلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن مەبلەغ ھەل قىلىدۇ... تۆۋەندىكى كىشىلەر بۇ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىگە كۆنۈپ قالغان، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نامراتلار مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە خېلى مەسىلىلەر ساقلانغانمىش. لېكىن بىز ئىچكى ئەھۋالنى بىلمىگەندىن كېيىن قارىغۇلارچە سۆزلىسەك بولمايدۇ. بەزى ئىشچى، ئوقۇتقۇچى، تېخنىك ۋە مەمۇرىيلارنىڭ ھال كۈنى دېھقانلارغا قارىغاندا خېلى ياخشى، لېكىن ئۇلارنىمۇ بايلار قاتارىغا كىرگۈزۈش تەس، ئۇلارنىڭ گەرچە شەخسىي تۇرالغۇسى، قاتناش قورالى بولسىمۇ، ھال كۈنى ياخشى ئۆتتۈۋاتقاندەك ھېسابلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قولىغا تېگىدىغان مائاش كۆپ بولمىغاچقا ئۇلارنىڭ كۈنىمۇ ئۇنچە باياشاد ئەمەس، ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنىڭ قولىغا قانچىلىك نەرسە قالىدۇ دەيسىز؟! بۇنداقلارنىڭمۇ ئىدارە ـ ئورگانلىرىغا يۆلىنىش پسىخكىسى ناھايىتى كۈچلۈك، تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلىشى كېرەك، بەزى تاپاۋىتى ياخشى كارخانا ئورۇنلىرىغا كىرىپ قالغانلىرىنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ، ئەمما مائاشىنىمۇ ئالالمايدىغان تەلىيى كاجلارمۇ ئاز ئەمەس، رىقابەت دەۋرىدە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان كارخانا ـ شىركەتلەر نۇرغۇن، ھەتتا بەزى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ خادىم قىسقارتىش، خىزمەتچى تەڭشەش ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بەزى مائارىپ تارماقلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا تۈرلۈك تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇنى لاياقەت دەستىكى قىلىدۇ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىستۇدېنتلار كۆپ بۈگۈنكى كۈندە، بىرەر خادىمنىڭ قىسقارتىلىشى نەچچە يۈز ئادەمگە پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ، ھازىر دېپلومدىن باشقا نۇرغۇن كەسپىي كىنىشكىلىرى بولمىسا، يۈز ـ تۇرانە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە «تۆمۈر تاۋاق» قا ئېرىشىش ناھايىتى تەس، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، خىزمەتچىلەر تەبىقىسىمۇ خىرىس ۋە تەھدىتكە دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ بىچارىلەرمۇ تۈرلۈك سەۋىيە ئىمتىھانلىرىغا قاتنىشىپ، تالاي كۇرسلاردا بىلىم ئاشۇرمىسا شاللىنىش خەۋپى كۆز ئالدىدىلا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ خىزمەتتىن باشقا تۇرمۇشى، ئاتا ـ ئانىسى، پەرزەنتلىرى، ئائىلىسى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بېسىمى بىلەن خىزمەتتىكى ھەر خىل بېسىملار قوشۇلسا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ، دەيسىز؟! ئۇلار ئېھتىيات قىلمىسا ئوتتۇرا سەۋىيە تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار سېپىگە قوشۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەيلى كىم بولسۇن، پۇرسەت ھەممەيلەنگە كېلىدۇ، پۇرسەت بولغانىكەن، ئۈمىدمۇ بولىدۇ، لېكىن پۇرسەتنى قانداق تۇتۇش ئۇنى قانداق بايلىققا ئايلاندۇرۇش ھەر كىمنىڭ ئۆز ئەقلىگە باغلىق نەرسە. كۈندە غايىۋى غەزنە، لاتارىيە مۇكاپاتىدەك تاساددىپىي بايلىقلارغا ئېرىشىپ بىر كېچىدىلا باي بولۇشنى ئويلاپ يۈرمەي، ئەمەلىي ئىشلەش، كۆڭۈل قويۇپ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئارقىلىق بايلارنىڭ قاتارىغا كىرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. «ئاسماندىن ئۈجمە چۈشىدىغان» ياخشى ئىشلار بولۇۋەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن ئىككى قولىغا تايىنىپ ئىزچىل تىرىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشتىن ئەمەلىي قول سېلىپ ئىشلەشتىن باشقا چارە يوق.



# تىل ۋە ئەركىنلىك

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

مەيلى شېئىر يازسۇن ياكى ئوقۇسۇن، شائىرلارمۇ ئالدى بىلەن ئوقۇرمەن. شەخسەن مەن شېئىر ئارقىلىق ئۆزۈمنى تىڭشايمەن. نەزەر سالساق ھەممە ئادەم ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن ئۆزىنى تىڭشايدۇ. بۇرۇنقى ئادەملەر تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى تىڭشايتتى. بۇلۇتلارنى باشلاپ كەلگەن شاماللار بىلەن، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتلار بىلەن، يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەننىڭ شولىسىدا چاقناپ تۇرغان دەرەخلەر بىلەن دىيالوگلىشىپ، ئۆز - ئۆزىنى تىڭشايتتى. ھېلىمۇ شۇ ئادەملەر سەھەردىكى قۇياش نۇرى بىلەن، ئاۋات كوچىلاردىكى دەرەخلەر بىلەن، سۈركۈلۈشۈپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر بىلەن، شۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ يوشۇرۇن جايلىرى بىلەن، ئۇنىڭدىكى سىقىلىش، مۇڭ - ئارمانلار بىلەن سىرداشىپ، ئۆز - ئۆزىنى تىڭشايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تىڭشىشى مەڭگۈلۈك ھادىسە. (بەلكىم بىز تۇپراق ئاستىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى، جاندارلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك تىڭشاپ يېتىشىمىز مۇمكىن.)

لېكىن ھازىر ئۆزىمىزنى تىڭشايدىغان ۋاقىتلىرىمىز بەك ئاز... ئۆزىمىزگە قوشۇپ تەڭرىنى، تەبىئەتنى، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى، شۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئارمانلىرىنى تىڭشايدىغان، ئۇلارنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ دۇنيانىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسىنى ئەسكە ئالىدىغان مىنۇتلىرىمىز تېخىمۇ ئاز... ئەنە شۇ تۇيغۇلار ئىچىدە سەيىر ئېتىپ يۈرگەن، دۇنيا دېسە ئىچى ئۆرتىنىدىغان كىشى ئۈچۈن ئادىل تونىياز شېئىرلىرى بىلەن بۇددا، مانى دەۋرىدە يېزىلغان ئەركىن شېئىرلار ۋە نەۋايى ھەزرىتىمنىڭ ئىشقىي غەزەللىرى ئوتتۇرىسىدا، ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق. ئەنە شۇ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى بىزدىنمۇ ساۋاتسىز ئوقۇرمەن، جاپاكەش دېھقان، مېھنەتكەش كاسىپلار تىلىدا زىكىر قىلىنىپ بۈگۈنكى شائىرلارنىڭ تىلىغا يېڭى قىياپەتتە كۆچتى.

شۇڭا بۇ شېئىرلارنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى ھەر زامان، ھەر يەردىن تېپىش مۇمكىن... شۇنى تەۋسىيە قىلغۇم كېلىدۇ: سەن شېئىرلىرىڭغا قانچىلىك ئادەمنىڭ ئاۋازىنى، ئويىنى سىغدۇرالىساڭ، شۇنچىلىك ئادەم سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلايدۇ، شېئىرىڭدىن ئويلىنىدۇ...

شېئىر بىردەملىك ھاياجان ياكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئويۇنى ئەمەس. بەلكى شائىرنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى! شېئىر زامانلارنىڭ لەھزىدە پەرۋاز قىلىدۇ. شائىر مول روھى سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە ئىنسان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بارلىق زامانلارنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك خاتىرىلىرى ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ سەرگۈزەشتىلەر شېئىرنىڭ بۇلىقى.

تور ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان ئون يىل مابەينىدە ئىجادىيىتىمگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن «يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسى» (گۇڭگا شېئىرلار) ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇنازىرىلەرنى تىڭشىغان بولدۇم. لېكىن بۇ بەس - مۇنازىرىلەر ئىچىدە ئۆزۈمدىكى ئىنتىم تۇيغۇلارنى تىڭشىغان پەيتلىرىم ئاز بولۇپتۇ. مانا بۈگۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. شېئىرىيەت

بابىدا ماڭا بىھېساب تەلىم بەرگەن ئۇستازلار ۋە سەپەرداشلار
ماڭا نىمىلەرنى ئاڭلاتقانلىقىنى تىڭشاپ باقسۇن!
بىر قانچە يىللار ئىلگىرى «شىنجاڭ يازغۇچىلىرى» تورد-
دا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق مۇنازىرىدە شائىر پەرھات ئىل-
ياس ئاتالمىش «گۇڭگا شېئىرلار»نىڭ مەيدانغا كېلىش دەۋر
ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختىلىپ: «مەن بۇ خىل شېئىرلارنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى باشلامچىسى شائىر بوغدا ئابدۇللا دەپ قاراي-
مەن» دېدى. ئۇ بۇ ھەقتىكى باياندا پېشقەدەم شائىر بوغدا
ئابدۇللانىڭ 1964 ـ يىلى يېزىلغان «چوغ» ناملىق شېئىرى
بىلەن 1974 ـيىلى يېزىلغان «موللاتوختىيۇزىدە» ناملىق شې-
ئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن
كېيىن، ئۆزىنىڭ «چوغ سورىغان بالا»، ئە.ئوسمانىنىڭ «سادىر
يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» ناملىق شېئىرلىرىدا يۇق-
رىقى شېئىرلارنىڭ تەسىرى بارلىقىنى قەيت قىلدى.

## 1

بىز ئىنسان ۋە شەيئىلەرنىڭ جەۋھىرىنى چۈشىنىش ۋەيا-
كى ھېس قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى پەقەتلا تۇيۇش مۇم-
كىن، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا، بۇنداق تۇيۇش-
نىڭ شېئىردىكى ئىپادىسى مۇرەككەپ تىل مۇناسىۋەتلىرى
ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن،
شېئىرىيىتىمىزدىكى ئېنىقلىق بىر خىل «گۇڭگالىق» قا يۈزلە-
نىشكە باشلىدى ھەمدە بۇ يۈزلىنىش باشقىلار تەرىپىدىن
«گۇڭگا شېئىرلار» دەپ ئاتالدى.
ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىي تۆۋەندىكىدەك باس-
قۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى:
بىرىنچى، ئەپسانىۋى تەپەككۇر باسقۇچى؛
ئىككىنچى، دىنىي تەپەككۇر باسقۇچى؛
ئۈچىنچى، ئەقلىي تەپەككۇر باسقۇچى(بۇنىڭ ئىچىدە
پەلسەپەمۇ بار)
تۆتىنچى، ئىلمىي تەپەككۇر باسقۇچى؛
بەشىنچى، تەنقىدىي تەپەككۇر باسقۇچى؛
ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرىنى ھەتتا تەپەككۇرنىڭ
ئىككىنچى باسقۇچى بولغان دىنىي تەپەككۇر باسقۇچىدا دەپمۇ
ھۆكۈم قىلالمايمەن، چۈنكى، ئۇيغۇرلار دىيانەت بىلەن خۇرا-
پاتنى ئارلاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار تە-
پەككۇرنىڭ ئەپسانىۋى باسقۇچى بىلەن ياشىماقتا. ئۇلار ھەق-
قەتەنمۇ ئەپسانىۋى خەلق.
ماھىيەت ئۈستىدە توختالغاندا، دېكارتتىن بۇرۇنقى غەرب
تەپەككۇرى ماھىيەتچىل تەپەككۇر بولۇپ، ئاساسەن ئىنسان
ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتى ۋە تەبىئىتى يەنى نېمىلىكى ئۈستە-
دە ئويلىنىش ئىدى. دېكارتنىڭ گۇمان پەلسەپەسى مۇنداق
ئويلىنىشنىڭ ئاساسىنى چۇۋۇشقا سەۋەبچى بولدى. شۇنداقلا
ئىنسان ۋە شەيئىلەرنىڭ تۇراقلىق ھەقىقىتى ۋە تەبىئىيتى
ھەققىدىكى ئويلىنىشنىڭ بىھۇدىلىكى پەلسەپەۋى ئاساستا شەر-
ھلەندى. دېكارتنىڭ «مەن تەپەككۇر قىلىۋاتىمەن، دېمەك
مەن مەۋجۇتمەن» دېگەن مەشھۇر ئىبارىسى مەۋجۇدىيەتنىڭ
ماھىيەت ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى جا-
كارلىدى. ئاندىن ئېينىشتىيىننىڭ نىسپىيلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن
كېيىنكى ھايزېنبېرگنىڭ شۈبھىلىنىش پىرىنسىپى ماھىيەتلىك
تەپەككۇر دەۋرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك
بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن ماھىيەتچىل تەپەككۇر بىلەن ئىنسان
مەركەزچىلىك قارىشى ئارقا ـ ئارقىدىن يارىلىشقا باشلىدى.
ئىنسان مەركەزچىلىكى تېنىدىكى دەسلەپكى يارىنى ئىنساننىڭ
تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئالاھىدە مەخلۇق ئەمەس، بەلكى
تەبىئىي تاللىنىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئادەمسىمان مايمۇندىن
تەرەققىي قىلغانلىقىنى دارۋىن تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. ئىك-
كىنچى يارىنى كوپېرنىك پەيدا قىلغان بولۇپ، ئىنسان ھايات
كەچۈرۈۋاتقان زېمىننىڭ كائىنات مەركىزى ئەمەس، بەلكى
قۇياش ئەتراپىنى ئايلىنىدىغان ئەرزىمەس بىر پىلانىتا ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۈچىنچى يارىغا فروئىدنىڭ پسىخىك ئانا-
لىزدىكى جىنسىي ئېنېرگىيە (لىبىدۇ) يۇكسىلىششى نەزەرىيەسى
سەۋەبچى بولدى. يەنى ئىنساننىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى قاد-
داقتۇر بىر خىل ساماۋىي سىرلىق كۈچنىڭ تەسىرىدە ئەمەس،
بەلكى ئىنساندىكى جىنسىي ئېنېرگىيەنىڭ يۈكسىلىششى(يۆن-
لىش بۇرۇشى) ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ئېلان قىلىن-
دى. يۇقىرىدىكى تەپەككۇر ھادىسىلىرى ماھىيەتنىڭ ئىدىيەۋى
قىممىتىنى بىراقلا چۈشۈرۈۋەتتى.
نۆۋەتتىكى تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتى تەپەككۇرنىڭ ئۆزى
بولۇپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مېخانىزم ئۈستىدە ئويلىنى-
دۇ. يەنى، ئۇ «ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىدلەيدىغان» تەپەككۇر-
دۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن، بۇنداق تەپەككۇرنى شەكىلچىل تەپەك-
كۇر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شەكىلنى ئالدىن ئوي-
لىشىش ئوبيېكتى قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ماھىيەت بار دې-
يىلسە، ئۇ چوقۇم شەكىلسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ،
خۇددى بەدەنسىز جاننىڭ مەۋجۇت بولمىغىنىدەك! شەكىل بى-
لەن ماھىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىر باش پىيازغا ئوخشايدۇ، پى-
يازنىڭ پوستىنى سويۇپ تۈگەتكىنىمىزدە، ئېنىقكى ئېرىشىدىغ-
نىمىز ھېچنېمە بولىدۇ.
بىزگە نىسبەتەن، شېئىرنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىنسان
ۋە شەيئىلەرنىڭ جەۋھىرى بولغاچقا، يەنى، شېئىرنىڭ ئىپاد-
لەيدىغىنى ئىنسان ۋە شەيئىلەرنىڭ مېتافىزىكىسىدىن ئىبارەت
بولغاچقا، بۇنداق جەۋھەر قانداقتۇر ئەقىل ۋەياكى ھېسسىيات-
تا ئەمەس، بەلكى سۆزلەر بىلەن مەنىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇق-
تا تەجەللى قىلىدۇ. مانا مۇشۇ بوشلۇقنى ئىچكى مۇزىكا دەپ

ئاتايمىز. شۇنداقلا، مۇشۇ بوشلۇقنىڭ ئۆزى شائىر تۇيغۇسىنىڭ ۋاستىلىك نەتىجىسى بولۇپ، ۋاستە ـ سۆزلەر بىلەن مەنىلەرنىڭ بىرلىكىدۇر. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، جەۋھەر ئەقلىي نەرسە ئەمەس ھەم ھېسسىي نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى مۇزىكىغا ئوخشاش، تۇيغۇغا ئەڭ يېقىن نەرسە. مۇشۇ ئاساستا شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، شېئىرنىڭ يېزىلىشى تۆت ئامىلغا ئېھتىياجلىق: تۇيغۇ، تىل مۇناسىۋەتلىرى، مەنە، مۇزىكا.

ئەگەر شېئىرنى مەنە ۋە قۇرۇلما دەپ ئىككىگە پارچىلىساق، ئۇ چاغدا شېئىرنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى بەلگىلەيدۇ، ياكى شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى شېئىرنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېئىرىي قۇرۇلما تارىخىيلىققا ئىگە. بىراق، مەنە ئۇنداق ئەمەس، مەنە تارىخىي نەرسە ئەمەس. مەنە، قۇرۇلمىغا ئوخشاش، تەرەققىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، دەۋر پەردىسىنىڭ كەينىدە ئۆز تۇراقلىقلىقىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ. دېمەك، شېئىر بىرلا ۋاقىتتا تۇراقلىقلىق بىلەن تۇراقسىزلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى، بىر تەرەپتىن، مىراسىمىزدىكى شېئىرىي مەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى (شېئىرىي مەنىنى) ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قايتۇرۇپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شېئىرىي قۇرۇلمىغا ئىسيان كۆتۈردى.

يېڭى شائىرنى مەزمۇن مۇقەررەرلىكى بىلەن تىلنىڭ مەنە مۇمكىنچىلىكى تالىشىدۇ. تىلغا شەرتسىز كىرىڭ، كاللىڭىزدا ئالدىنئالا شەكىللەنگەن مەزمۇننى تىلنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇڭ، تىل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېھتىماللىق مەنىسىگە ئىچكىرىلەۋېرىڭ. شېئىر ـ مەزمۇننى ئويلاش ھۈنىرى ئەمەس. بەلكى تىل تەرىپىدىن ئويلىنىش ھۈنىرىدۇر. شائىر ئويلىمايدۇ، ئويلىنىدۇ. ئويلاش مەزمۇننىڭ ئىشى بولسا، ئويلىنىش تىلنىڭ ئىشىدۇر. مەنە(ياكى مەنىسىزلىك)نىڭ ئىشىدۇر... مەنە ئەنئەنىۋى ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن مۇقەررەرلىككە ئىگە بولغان بولسا، يېڭى ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن ئېھتىماللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يەنە تىل بولمىسا مەنىمۇ بولمايدۇ. تىل ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل زۆرۈرىيەت. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەنئەنىۋى ئوقۇرمەن: مەنە تىلنىڭ سىرتىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تىل مەنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەكتىن ئارتۇق نەرسە ئەمەس.

ـ سىز مەۋجۇتلۇقنى بىمەنە(مەنىسىز)دەپ قارامسىز؟

ـ ياق!

ـ ئۇنداقتا سىز يېڭىچە شېئىرغا قارشى پوزىتسىيەدە ئىكەنسىز.

دېمەك يېڭى شېئىرىيەت ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تەپەككۇر شەكلىنى يېڭىلاش دېمەكتۇر. شۈغىنىسى، ئاتالمىش يېڭى شائىرلار ئۆز تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلىماي تۇرۇپ، يېڭىچە شېئىرلارنى يېزىۋەردى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە ئوخشاش شەكىلۋازلىق داۋاملىشىۋەردى. يەنى شېئىرنىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە ئىزدەنمەي تۇرۇپلا شېئىرنىڭ قانداقلىقىنى سىناشقا باشلىدى. شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېڭى شائىرلار يەنىلا ئەنئەنىۋى شائىرلاردۇر. تىل مۇناسىۋەتلىرىدىكى يېڭىلىقنى دورىغۇچىلاردۇر. شېئىرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە ئويلىنىش تېگىدىن ئېيتقاندا ئىدىيىۋى مەسىلىدۇر. دۇنيا قاراش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا ئىدىيەمىزنى يېڭىلىماي تۇرۇپ، يېڭى شېئىرىيەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىمىزنى يېڭىلىماي تۇرۇپ، يېڭى ئىدىيىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك يېڭىلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئىدىيەۋى مەسىلىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېڭى مۇناسىۋەت قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇر تەپەككۇرىدا يېڭىلىق يۈز بېرىپتۇ دېيەلەيمىز. شېئىرنىڭ نېمىلىكى بىلەن مەنىسىزلىك ئۇقۇمىنى جۈپلەشتۈرگەندە ئىدىيەمىز زىلزىلىگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر يوشۇرۇن ئېڭىنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈك ـ ئىشەنچ غولايدۇ. ئىشەنچنىڭ غولىشى بىلەن تەڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزنىڭ ئۆگزىسىنى شەكىللەندۈرگەن بىردىنبىر مەنىمۇ گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ. چۈنكى مەنىسىزلىك بار يەردە ئىشەنچ بولمايدۇ. شۇنداقلا ئىشەنچنىڭ غايىب بولۇشى بىلەن تەڭ مەنە مۇقەررەرلىكىنىڭ ئورنىنى مەنە ئېھتىماللىقى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ ئاساستا، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزدىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. دەسلەپتە، مەنە مۇقەررەرلىكى ئاتا قىلغان خاتىرجەملىكىمىزنى يوقىتىپ، تەشۋىشكە چۈشىمىز. بۇنداق تەشۋىشلىنىش، ئەسلىدە، مەنە ئېھتىماللىقىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. مۇئەييەن بىر مەنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن رەت قىلىش ئارىسىدا ئىككىلەندۈرىدۇ. ئىچىمىزنى تىتىلدىتىدۇ. كەسكىن بىر قارارغا كەلتۈرمەيدۇ. مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسىزلىكى بىزنى مانا مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك تەشۋىشكە ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. دېمەك تەشۋىش ـ شېئىرنىڭ چىرايىدىكى تۇنجى ئىپادىدۇر. ئەگەر شېئىرنىڭ ھەقىقىي چىرايىنى (ئۇنىڭ چىرايىدىكى بارلىق ئىپادىلەرنى) تونىماقچى بولساق، ئۇنى (شېئىرنى) ئۇنىڭ يۇرتىدىن (ئولتۇراقلاشقان جايىدىن)ئىزلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تىل شائىرنىڭ بىردىنبىر رېئاللىقى بولۇپ، خۇددى تىل بىلەن ئىنسان پسىخىكىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىغىنىدەك، پسىخولوگىيە بىلەن شېئىرنىڭمۇ مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. شېئىرلا ئەمەس، ھەتتاكى پىروزىمۇ ھەم شۇنداق، يەنى پىروزا ئىجادىيىتىمۇ ئىنسان پسىخىكىسى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ تىل قۇرۇلمىسى (كۇلتۇر قۇرۇلمىسى) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پرۇزىنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا ئىنساننىڭ ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا ئوخشاش پسىخىك بولمىغان جەريانلىر-

دۇر. (يوشۇرۇن ئاڭ ئۇقۇمىمۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پسىخولوگىيىگە ئەمەس، تىلغا ئالاقىدار مەسىلە). مەسىلەن، دۇنيادىكى بۈيۈك ئوبزورچىلار دوستويېۋسكىنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى باشقىلار مۆلچەرلىگەندەك پسىخىك چوڭقۇرلۇق ئەمەس، بەلكى مېتافىزىك چوڭقۇرلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. يىغىپ ئېيتقاندا، شېئىرىي ئىجادىيەت تىل جەريانىدۇر، چۈنكى تىل شائىر تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئېڭى ۋە يوشۇرۇن ئېڭى، شۇنداقلا تەپەككۇرى ۋە ھېسسىياتىنىڭ تىرىك يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق شائىر ئۆز پسىخولوگىيىسىنىڭ پاسسىپ تەبىرچىسى ئەمەس، ئەكسىچە، بىر پۈتۈن خەلق تەۋە بولغان تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچىدۇر.

ئاتالمىش ئىنسان سىرلىرى ھېسسىياتتا ئەمەس، بەلكى تۇيغۇدا. تۇيغۇ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئېڭىمىزدا ئورتاق پىششىقلاپ ئىشلىگەن بىر خىل بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىلەر تەرىپىدىن ئالتىنچى سەزگۈ ئەزاسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھېسسىيات ۋىجداننىڭ ئۆرتىنىشىدىن ھاسىل بولغان ۋاقىتلىق ھاياجاننىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بىلىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شائىر پەقەت ھاياجانلانغۇچىلا ئەمەس، تۇيغۇچىدۇر، بىلگۈچىدۇر. ئىنساننىڭ ئاتالمىش سىرلىرى شائىر تەرىپىدىن تۇيۇلۇشقا، بىلىنىشكە موھتاج.

يېڭى شائىرنى مۇتەپەككۇر دەپ تەرىپلەشكە ھەقلىقمىز. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى شوئارى تەپەككۇر قىلىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئىدى. شۇنداقلا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئاتالمىش شېئىرىي پىكىردىن شېئىرىي مەنىگە يۆتكەش، چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتىن مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈرلۈك شەكلىنى يارىتىشقا يۈزلىنىش، تىپىك ھېسسىياتنى تاشلاپ، مەۋھۇم تۇيغۇدا ئولتۇراقلىشىش، شېئىرىي تىلنى بىرەر مۇددىئا يەتكۈزۈشتەك ماھىيەتتىن ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشتەك تەبىئەتكە ئۆزگەرتىش ئەينى چاغدىكى «ئىستېھكام قۇربانلىرى»نىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان ۋەزىپىسى ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، شائىر ــ مەنە تەرىپىدىن يارالغۇچى ئەمەس، بەلكى مەنە ياراتقۇچىدۇر، دەپ قارايتتۇق. ئېتىقاد ئىگىسى بىلەن ئازغۇننىڭ پەرقى دەل مۇشۇ خاھىشتا، يارىتىش خاھىشىدا، ئىدىيە خارابىلىقىدا مەۋجۇدىيەت ھەققىدە ئويلىنىش ۋە تىل باياۋىنىدا مەنە ئىزدەشتە.

مەنە نوقۇل ئەقلىي نەرسىمۇ ئەمەس، نوقۇل ھېسسىي نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى تۇيغۇ دۇنياسىغا تەۋە نەرسىدۇر. يەنى، مەنە تۇيۇلىدۇكى، بىلىنمەيدۇ،ھېس قىلىنمايدۇ. مۇشۇ ئاساستا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى پىكىر ۋە ھېسسىياتتىن تۇيغۇغا يۆتكەشكە ئۇرۇندۇق... مەنىگە يۈزلەندۈردۇق.

ئارىستوتېلىس مېتافىزىكىنى مەۋجۇدىيەت ۋە ئۇنىڭ زۆرۈر بولغان خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم دەپ تەرىپلەگەن ئىكەن. مەن مەۋجۇدىيەتنى تىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. يەنى، مېنىڭچە، مەۋجۇدىيەت تىلنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت ئەمەس! شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ نەزىرىمدىكى شائىر ئالدى بىلەن تىلدىكى مەۋجۇدىيەتنى تىڭشىشى ئاندىن ئۇنى سۆزلىشى كېرەك. شائىرلىق تىلنىڭ تارىخىيلىقىغا ئەمەس، بەلكى مېتافىزىكىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئالەم مەنىسىز، پەقەت تىللا مەنە ئېھتىماللىقىغا ئىگە. شۇنداق ئىكەن، تىلنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەسىلىسى دەپ قارىغان شائىر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىرلىق بىمەنە ئالەمگە مەنە يارىتىشقا ئۇرۇنۇش دېمەكتۇر.

مەۋجۇدىيەتنى تىڭشاش ئۈچۈن، تىلنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سۈكۈناتىغا يېتىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنى، تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن مېتافىزىكىلىقىغا يۆتكىلىش كېرەك، تىلغا قانداقتۇر ئۆزئارا چۈشىنىش قورالى ئەمەس، بەلكى مەۋجۇدىيەتنى ئىجاد قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بۇنداق مۇئامىلە شائىرنى تىلنىڭ يېڭى مۇناسىۋەتلىرىنى يارىتىشقا تەقەززا قىلىدۇ، شۇنداقلا، شائىرنى ئوقۇرمەنگە ئۈچۈر يەتكۈزگۈچىلىك سالاھىيىتىدىن تىلدىكى مەۋجۇدىيەتنى ئىزدىگۈچىگە ئايلاندۇرىدۇ. مۇشۇ ئاساستا، شائىر بىلەن ئوقۇرمەننىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئۈچۈر يەتكۈزگۈچى ــ ئۈچۈر تاپشۇرۇۋالغۇچى مۇناسىۋىتىدىن مەۋجۇدىيەتنى ئورتاق تىڭشىغۇچى مۇناسىۋىتىگە ئۆزگىرىدۇ. يەنى، شائىرنىڭ ئۆز ئوي ـ پىكىرىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگۈچى ئىكەنلىكى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ (شائىرنىڭ) مەۋجۇدىيەتنىڭ ئوقۇرمىنى ئىكەنلىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئەدەبىياتتىكى «يازغۇچى ــ ئوقۇرمەن» مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى «مەۋجۇدىيەت ــ ئوقۇرمەن» مۇناسىۋىتى ئىگىلەيدۇ. شائىرمۇ ئوقۇرمەندۇر، دېگىنىمىزنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇ.

شائىرغا نىسبەتەن، كەچۈرۈم ئادالەتتىنمۇ قىممەتلىك بولغىنىدەك، ھەقىقەتتىنمۇ خىيال (تەسەۋۋۇر) كەڭرى.

شائىر شېئىر يېزىۋاتقاندا ئىبسىدىكى «شېئىر» نى ئوقۇۋاتقان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىر ئەسلى ئوقۇرمەندۇر. مۇشۇ ئاساستا، شائىرلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ــ ئوقۇرمەنلىك، دېيەلەيمەن.

ئەس ــ شائىرغا تەۋە نەرسە، شائىر ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس.
شېئىر بولسا شائىرغا تەۋە نەرسە ئەمەس، شائىر ئۇنىڭغا تەۋە.
ئەس ــ مىراسىمىز، ئۆتمۈشىمىز.
شېئىر ــ لايىھەمىز، كەلگۈسىمىز.

يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەس ــ ۋاستە، شېئىر ــ غايە.

شېئىردىكى ھەربىر سۆز ۋە ئۇنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شائىردىن ۋە شېئىر ئوقۇغۇچىدىن ئىنچىكىلىك تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە، مانا مۇشۇ ئىنچىكىلىك ئارقىلىق شائىرنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقى بىلەن جۆيلۈۋاتقانلىقىنى پەرقلەن-

دۇرەلەيمىز.

بىر خەلقنىڭ مىللىي تىلىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئارتۇق مىللەتپەرۋەرلىك بولمىسا كېرەك! شائىرنىڭ مانا مۇشۇنداق جىمجىت جەڭگىۋارلىقى ھەرقانداق بىر سىياسىيوننىڭ جەڭگىۋار چۇقانىدىن قېلىشمايدۇ.

ئەركىنلىك مېتافىزىكا تەرىپىدىن ئىنسانغا بېرىلگەن مەۋجۇدىيەتسىزلىك كېسىلى دېمەكتۇر. بۇ دېگەنلىك — ئىنسان ئەركىن تۇغۇلىدۇيۇ، ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئەركىنلىك ۋە تەنھالىق ئىنساندىكى ئەسلىيەت بولۇپ، مەۋجۇدىيەت ۋە كىملىك ئۇنىڭ تاللىشىدۇر. يەنى، ئەركىنلىك ۋە تەنھالىق — ئىنساندىكى تۇغما تەبىئەت، مەۋجۇدىيەت ۋە كىملىك — ئىنساندىكى خاھىش.

مەنمۇ، رولان بارتقا ئوخشاش، يازغۇچىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن. خۇددى بۇرۇنقى زاماندا خۇدا پەيغەمبەر ئارقىلىق سۆزلىگەنىدەك ھەممە بۇ سۆزلەر ۋەھيى دەپ ئاتالغانىدەك، تىلمۇ يازغۇچى ئارقىلىق «سۆزلەيدۇ» ھەممە بۇ سۆزلەر ئەدەبىيات دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىيات قانداقتۇر يازغۇچىنىڭ ئوي - ھېسسىياتىنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ يازغۇچىنىڭ ئوي - ھېسسىياتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. يەنى، بۇ يەردىكى ئىپادىلىنىۋاتقان نەرسە يازغۇچىنىڭ ئوي - ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى تىل! مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىل غايە بولۇپ، يازغۇچى ۋاسىتىدۇر. يازغۇچىنىڭ ئۆلۈمى دېگىنىمىز، دەل ئۇنىڭ ئىپادىلەشتىكى غايىلىكىدىن ۋاسىتىلىققا ئۆتۈشىدە. بۇرۇن يازغۇچى «مەن ئۆزۈمنى ئىپادىلەۋاتىمەن» دېگەن بولسا، ھازىر «تىل مەن ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ» دەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى شۇ مىللەتكە ئىرقىي جەھەتتىن تەۋە بولغان يازغۇچىنىڭ ئاتالمىش ئۆزلۈكى (ئوي - ھېسسىياتى) ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتكە تەۋە بولغان مىللىي تىلنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئىبارەت. مانا مۇشۇ ئۆزلۈك، مانا مۇشۇ مىللىيلىك يازغۇچى ئارقىلىق ئۆزىنى داۋاملىق قايتىلايدۇ، يېڭىلايدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇ مىللىي تىلنىڭ ئۆزلۈكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەكلىك رولىنىلا ئوينايدۇ، خالاس. يازغۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئەينەك قانچىلىك سۈزۈكلەشكەنسېرى ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈنۈمى شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ. بۇنداق سۈزۈكلۈككە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىنبىر ئامىل يازغۇچىنىڭ تىلغا بولغان ئىجابىيلىقىدۇر، يەنى رېئال تۇرمۇشقا بولغان سەلبىيلىكىدۇر. چۈنكى رېئال تۇرمۇش خۇددى ‹ئىرق›، ‹مىللىي روھ› ۋە ‹تەقۋالىق› ئۇقۇملىرىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، يوقىلىپ ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ تىلدەك تۇراقلىقلىقتا ۋە داۋاملىقلىقتا ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى مىللىي تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرت قىلغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ سەۋىيەسىنى مىللىي تىلدىكى تەپەككۇر ئىقتىدارى بەلگىلەيدۇ، مىللىي تىلنىڭ تەپەككۇرغا قانچىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇنلۇقى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، تىل - ئەدەبىياتنىڭ تەۋەلىك ئۆلچىمى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ.

## 2

ئىلگىرى - كېيىن «سۇمرۇغ»، «بەرقى»، «ئەنقا»، «ئاۋانگارت»... تورلىرىدا ئەينى دەۋردىكى ئاتالمىش «گۇڭگا شائىر»لار ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئۆكتىچىلەر ئارا قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلدى. بۇنىڭدىن يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ خېلى كۈچلۈك توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاشكارا بولدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ يەردىكى توقۇنۇش ۋە بەس - مۇنازىرىلەر شېئىرىيىتىمىزدىكى يەنە بىر قېتىملىق جانلىنىشنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

«گۇڭگا شائىرلار»نىڭ ئىجادىيەت نەزەرىيەلىرىدە تۇيغۇ، مەنە، ئىماگ دېگەنىدەك ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭا بەزى تورداشلار «گۇڭگىچىلار ‹شېئىر — تۇيغۇ سەنئىتى› دەيدىكەن. ئۇلارغا ھېس - تۇيغۇ بولسىلا بولىدىكەن. ئەقلىنى، ئىدىيەنى كېرەك قىلمايدىكەن› تۇيغۇ دېگەن ئىنسان ئېڭىدىن كەچكەن بىردەملىك غىل - پال تەسىرات تۇرسا، شۇنىلا ئاساس قىلىپ قانداق شېئىر يازغىلى بولىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق يازغىلى بولسا، «گۇڭگىچىلار»نىڭ ئۇزۇن - قىسقا مىسرادىن تۈزۈلگەن، كۆلەملىك شېئىرلىرىمۇ بىر دەملىك تۇيغۇمۇ؟ شۇنچە ئۇزۇن شېئىرلىرىغا زادىلا ئەقلىي تەركىبلەر ئارىلاشمىغانمۇ؟» دېيىشكەن بولدى. مېنىڭچە، بۇ يەردە ئاتالغۇ ھەققىدە ئۇقۇشماسلىق بولسا كېرەك. بىز تۇيغۇنى ھېسسىيات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىمىز. «گۇڭگىچىلار» بولسا، تۇيغۇ بىلەن ھېسسىياتنى ئايرىۋېتىدۇ، يەنى تۇيغۇنى ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكى دەپ چۈشىنىدۇ.

«ئاتالمىش ئىنسان سىرلىرى ھېسسىياتتا ئەمەس، بەلكى تۇيغۇدا. تۇيغۇ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرى ئېڭىمىزدا ئورتاق پىششىقلاپ ئىشلىگەن بىر خىل بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىلەر تەرىپىدىن ئالتىنچى سەزگۈ ئەزاسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھېسسىيات ۋىجداننىڭ ئۆرتىنىشىدىن ھاسىل بولغان ۋاقىتلىق ھاياجاننىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بىلىش بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شائىر پەقەت ھاياجانلانغۇچىلا ئەمەس، ئۇ تۇيغۇچىدۇر، بىلگۈچىدۇر. ئىنساننىڭ ئاتالمىش سىرلىرى شائىر تەرىپىدىن تۇيۇلۇشقا، بىلىنىشكە موھتاج.»

يۇقىرىقى ئىبارىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى تۇيغۇ(بىلىش) ئەقلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىچكى ھادىسە.

پەرھات ئىلياس شېئىر ئىجادىيىتى، تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك ھاياتىدا يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدە چوڭقۇر

ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى. لېكىن ئۇ «ئۆز ئاۋازىمىز ھەممىدىن مۇھىم» دېگەن خاھىشنى ئىلگىرى سۈرگۈچى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىيەت قارىشىنى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە ئىگىلەشنى ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدىم...

شائىرنىڭ «ئۆز ئاۋازىمىز ھەممىدىن مۇھىم» دېيىشىدە ئالدى بىلەن ھەر بىر شائىر ئۈچۈن ئۆزىگە خاس يول تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، دۇنيا شېئىرىيىتىدىمۇ شائىرنىڭ ئورنىنى تىكلەيدىغان مۇھىم شەرت ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. يەنە بىرى تەرجىمە ئىجادىيىتى جەريانىدا دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەر بىلەن كۆپ ئۇچراشقان شائىرنىڭ نۆۋەتتىكى تەرجىمە تىلىغا ئايلىنىپ قېلىش كىرىزىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئانا تىلىمىزغا ۋە «زاغرا تىل»دىكى ساددا تەركىبلەرگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئىجادىيىتىدە جارى قىلدۇرۇشىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

«گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدا گەپ بولغاندا كۆپىنچىمىزنىڭ يادىدىن كېچىدىغىنى ئاۋام بىلەن شائىر،شېئىر بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلىشنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى دەتالاش. ياش شائىرلار ئارىسىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيەسىدىن رازى بولماسلىق ئەھۋالى، بۇ بىزدىلا ئەمەس، دۇنيا ئەدەبىياتىغا نىسبەتەنمۇ ئومۇميۈزلۈك ھادىسە بولسا كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئويلىغىنىمىزدا بىز ئېيتىۋاتقان ئاتالمىش گۇڭگا شېئىرلارنىڭلا ئەمەس، ئاممىباب شېئىرلارنىڭمۇ بازىرى كاسات. مانا بۇ رېئاللىق! مەن بۇ رېئاللىقنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇرمەندىنمۇ، شائىردىنمۇ بار دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە شائىر بىلەن ئاۋام ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان داۋان يوق. مەسىلەن: بىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزنى دەڭسەپ بېقىشىمىز، ئۆز-ئۆزىنىمىزنى قانچىلىك تىگشىيالىشىمىز، ئوقۇرمەننىڭ شۇ شېئىردىن ئۆزى ھەققىدە قانچىلىك ئۇقۇمغا ئىگە بولۇشى...

پەرھات ئىلياسنىڭ بەزى شېئىرىيەت قاراشلىرى شېئىر بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ، دەپ قارايمەن. بىر تورداشنىڭ «شېئىرىي بوشلۇق» ھەققىدىكى سوئالىغا ئۇ مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىلار بويىچە جاۋاب بېرىدۇ:

«بوشلۇق» ئەسلىدە گېئومېتىرىيەدىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، «ماكان» دېگەن مەنىسىمۇ بار. بۇ ئاتالغۇ كېيىنچە سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىمۇ قوللىنىشقا باشلىدى. شېئىرىيەت نەزەرىيەرىمىزدە بۇ ئاتالغۇ «شېئىرىي بوشلۇق» دەپ قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆز چۈشەنچەم بويىچە بۇنى مۇنداق تۆت نۇقتىدىن شەرھىلەپ باقاي؛

1. سۆزلەر ئارا بوشلۇق: تەكرار ئىشلىتىلىپ ئۇقۇملىشىپ كەتكەن سۆزلەر ئارىسىدا ھېچقانداق بوشلۇق بولمايدۇ. مەسلەن:

ئەي، خەلقىمەي،ئەي،خەلقىم،
سېنى دىلدىن سۆيىمەن.
يۈرىكىمدىن كۆيىمەن،
شادلىقىڭدىن كۈلىمەن.

دېگەن مىسرالاردىكى... سۆزلەر ئارا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئويلىنىپ باغلىنىۋېلىشقا ھېچقانداق بوشلۇق قالدۇرمىغانلىقى سەۋەبلىك بىزگە قىلچە يېڭىلىق تۇيغۇسى بەرمەيدۇ.

مېنىڭچە يىل ـ
باللارنىڭ تىزىپ قويغان ئويۇنچۇقى.
قارا تۈن ـ
چاچلىرىمنىڭ ئاق بويىقى.
(ئابلىكىم ھەسەننىڭ «قېرىلىق»ناملىق شېئىرىدىن)

بۇ مىسرالارغا قارايدىغان بولساق، «يىل» بىلەن «باللارنىڭ تىزىپ قويغان ئويۇنچۇقى» ئوتتۇرىسىدا، «قارا تۈن» بىلەن «چاچلىرىمنىڭ ئاق بويىقى» ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق بار.

1. مەنە بوشلۇقى: شېئىردىكى مەلۇم بىر مەنە قاتلىمىدىن يەنە بىر قاتلىمىغا ئۆتمۈشتىكى بوشلۇق قالدۇرۇپ سەكرەش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسلەن: بوغدا ئابدۇللانىڭ «بوگۈن ۋە ئەتە» دېگەن شېئىرى بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ:

ئاقىللار ئەتىنى ئويلايدۇ بىر-بىر،
بەزىلەر بۈگۈنگە تامامەن ئەسىر.
بەخت ۋە يا ھالاكەت
ئەتە دېمەك مۇقەررەر تەقدىر.
كۈلكە ھېچكىمدىن مىراس قالمىغان،
ھېچكىم يىغىنى سېتىپ ئالمىغان.
ئاۋۇنىڭ كەينىدە ماۋۇ بار،
شۇنداق چۆرگىلەپ تۇرىدۇ جاھان.
ئۆلارغىمۇ كېلىدۇ ئەتە،
بەلكىم ساڭا كەلگەندىن بەتتەر.
يالغۇزلۇقتا كۆڭۈل شۇنداق ساپ،
ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسى گۈزەل نەقەدەر.

12 مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى 10 مىسراسى بىر مەنە قاتلىمى، كېيىنكى ئىككى مىسراسى بىر مەنە قاتلىمى، دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئالدىنقىسى «ئەتە» ھەققىدىكى مەنە قاتلىمى، كېيىنكىسى «شائىرنىڭ يالغۇزلۇقى» ھەققىدىكى مەنە قاتلىمى. شائىر «ئەتە» ھەققىدە يېزىپ كېلىپ، ئۇشتۇم-

تۇتلا ئۆزىنىڭ «يالغۇزلۇقى»غا ئۆتۈپ كەتكەن. مانا بۇ يەردىكى مەنە بوشلۇقىنى تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

3. قالدۇرۇق بوشلۇق: مەلۇم بىر شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ يەنە نۇرغۇن گەپلىرىنى قەستەن ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، قالغىنىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېس قىلىۋېلىشىغا قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ ئېڭىمىزدا نۇرغۇن ئويلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. ھازىرچە مەن بۇنىڭغا «قالدۇرۇق بوشلۇق» دەپ ئات قويدۇم.

4. شائىر ئېڭى بىلەن ئاۋام ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق: شائىر ئېڭى تىراگېدىيەگە تولغان. ئۇ شېئىرلاشقان پەلسەپەدىن ئوزۇقلىنىپ، ئاۋام ئېڭىدىن يۈكسەلگەندىلا ئاندىن شائىرلىق بۇرچى پەيدا بولىدۇ. ئەمما، بۇ توغرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت. بۇنىڭ بىرى ئاۋام نېمىنى ئويلىسا شۇنى ئويلاپ، نېمىنى دېمەكچى بولسا شۇنى دېيىش؛ يەنى بىرى، ئاۋام ئويلاپ يېتەلمىگەننى ئويلاش، ئاۋام دېيەلمىگەننى دېيىش. بۇ سەنئەت تارىخىدا ئەزەلدىن تالاش - تارتىش بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلە. مېنىڭچە، چىلىلىق شائىر پابلو نېرودانىڭ مۇنۇ سۆزى بۇنىڭغا ئادىل جاۋاب بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن: «شائىرنىڭ يازغىنىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمىسە، بۇ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنىنى دۆت - كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە، بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىشتۇر.»

پەرھات ئىلياس گۈڭگچىلار ۋەكىللىرىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ۋە قاراشلىرىدىن تۇيغۇنى تەكىتلەپ، ھېسسىياتنى شېئىرنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشى، تىل مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە سۆزلەر بىلەن مەنە بوشلۇقىنى تەكىتلەپ، شېئىردىكى بىر پۈتۈن قۇرۇلما ھاسىل قىلىدىغان ماكرو بوشلۇققا سەل قاراشتەك سەۋەنلىكلىرىنى بالدۇرلا بايقىدى. گۈڭگچىلار ۋەكىللىرىنىڭ شائىرى تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تۈگمەس ناخشا» شېئىرىغا يازغان قىسقا ماقالىسىنى ئەسلەپ ئېيتقانلىرى سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ: «دەرھەقىقەت، بۇ شېئىرنىڭ سۆزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم تەكشۈرسەك ھېچقانداق ئىجادىيلىقنى تاپالمايمىز. ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق مۇڭ ھاسىل قىلالمايدىغان ئاھاڭ ئېلېمېنتلىرى بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىپ ياڭرىغاندا قەلبىمىزنى لەرزىگە سالغاندەك، ئاشۇ ھېچقانداق «يېڭىلىق»قا ئىگە بولمىغان سۆزلەر توپى بىرلىشىپ ئاجايىپ چوڭقۇر مەنە قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان... دېمەكچى مەنكى، تىل مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە يەككە ئىجادىيلىق ياراتماي تۇرۇپمۇ شېئىرىي كەيپىيات ياراتقىلى بولىدىغان يەنە بىر تەرەپنىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ... تىل مۇناسىۋەتلىرىنى زىيادە جىددىيلەشتۈرۈپ، مەنە بوشلۇقلىرىنى بەك كېڭەيتىۋېتىشمۇ شېئىرنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويامدىكىن دەپ ئويلايمەن».

پەرھات ئىلياس بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ داۋامىدا گۈڭگچىلار ۋەكىللىرىنىڭ ئەنئەنە قارىشى ھەققىدە توختالغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇنۇ بايانلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. «بىز ۋارىسلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان شېئىرىي ئەنئەنە ئىنسان ۋە شەيئىلەرنىڭ پوستلىرىدا تۇرۇۋاتقان، جەۋھەردىن تولىمۇ يىراق بولغان ئەنئەنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئىچنىڭ ئەنئەنىسى ئەمەس، بەلكى تېشىنىڭ ئەنئەنىسى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە، ۋەزىن ۋە قاپىيە شۇنداقلا پىكىر ۋە ھېسسىيات ئايرىم - ئايرىم ھالدا شېئىر شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ تاشقى شەرتلىرى ئىدى. مۇشۇ ئاساستا، بۇنداق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى شېئىرنىڭ ئىچكى شەرتلىرىگە خىيانەت قىلغانلىق، دەپ ھېسابلىدۇق... شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىدىن شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشتۇقكى، ئىنساننىڭ جەۋھىرى ئۇنىڭ پىكرى ۋە ھېسسىياتىدا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا. شۇنداقلا، شېئىرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىدىن شۇنى خۇلاسىلىدۇقكى، شېئىرنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەقىقىي ئامىل - تىل مۇناسىۋەتلىرى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئەنئەنىمىز بار بولدى.»

بۇ ئابزاستىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گۈڭگچىلار ۋەكىللىرى ئەنئەنىنى «ئىچىنىڭ ئەنئەنىسى» ۋە «تېشىنىڭ ئەنئەنىسى» دەپ ئىككىگە ئايرىغان، ئۆزىنى بولسا «ئىچىنىڭ ئەنئەنىسى»گە ۋارىسلىق قىلغۇچى دەپ ئاتىغان. ئاتالمىش «گۈڭگا شېئىرلار»نىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر يىلتىزنى ئىزدىشى ئەقىلگە تامامەن ئۇيغۇن. ئەمما بۇ زادى قانداق ئەنئەنە؟ بۇ مەۋھۇم ھەم تومتاق. «ۋەزىن» ۋە «قاپىيە» ئاتالغۇلىرىدىن قىياسلىغاندا، قەدىمقى شېئىر - قوشاقلىرىمىزدىن ياكى كلاسسىك شېئىرلىرىمىزدىن ئىزدەپ بېقىش كېرەكمۇ قانداق، دېگەن تۇيغۇغا كېلىمىز. مېنىڭچە، بۇنىڭ يىلتىزىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قەدىمكى ئەپسانىۋى ئېڭىمىزدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. بالىلار دۇنيانى بالىلىق تۇيغۇلىرى بويىچە چۈشەنگەندەك، ئەجدادلىرىمىزمۇ تەبىئەتنى شېئىرىي پەلسەپەنىڭ ئۈندۈرمىسى بولغان ئەپسانىۋى ھېس تۇيغۇلارغا باغلاپ چۈشەنگەن ھەم چۈشەندۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا مەن ئەپسانىلىرىمىزنىمۇ ئەمەلىيەتتە «ۋەزىن، قاپىيە، تۇراق»سىز شېئىر دەپ قارايمەن. ئەمدى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى:

«بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىرلا ئەنئەنە مەۋجۇت، بولسىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى داۋاملىق ئىزدىشى: بۇ ئۆزلۈك — جەۋھەر دېمەكتۇر. شائىر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق ئۆزلۈك ئالدى بىلەن تىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، شۇڭا، تىل مۇناسىۋەتلىرى يېڭىلانماي تۇرۇپ بۇنداق ئۆزلۈكتىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تىل مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا

ئەگىشىپ ئىدىيە ۋە ھەتتا ھېسسىياتمۇ يېڭىلىنىپ باردۇ. مۇشۇنداق داۋاملىق يېڭىلىنىش جەريانى ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ بارىمىز. مانا مۇشۇ ئەنئەنىگىلا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك، نەۋائىي ۋە مەشرەپلەرمۇ ئاشۇ ۋارىسلىق قىلغان، بىزمۇ ئاشۇ ۋارىسلىق قىلدۇق، كېيىنكىلەرنىڭمۇ ئاشۇ ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.»

بۇ ئابزاستىكى «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىرلا ئەنئەنە مەۋجۇت» دېگەن قاراش «گۇگۇگچىلار»نىڭ كېيىنكى مەزگىلدە نۇرغۇن قارشىلىق، يەكلەشلەرگە ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولغان. دەل مۇشۇ ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە ئەينى مەزگىلدە بىر مەزگىل قارا قويۇق ئىنكار قىلىش دولقۇنى باشلىنىپ كەتتى. قاراملارچە ئىنكار قىلىش ئاقىۋەتتە ئۇچ ئېلىش خاراكتېرىنى ئالغان شىددەتلىك ئىنكار قىلىنىشنى ئېلىپ كەلدى. قىسقىسى، تەنتەكلىك ئارىلىشىپ كەتكەن ياشلىق قىزغىنلىقى تەلىيىمىزنىڭ «بۇرنىنى قاناتتى»، ئەمما يەنىلا ئوتتەك ھاياجان بىلەن يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق... شۇنداق قىلىپ يەنە يۇقىرىقى ئابزاس ھەققىدىكى سۆزىمىزگە كېلەيلى، بۇ قاراشلار ئەينى مەزگىلدە زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ئۆگىنىش، دۇنيا شېئىرىيەت تارىخى بىلەن ئۇچرىشىش ھەمدە ئەنئەنە ھەققىدىكى چۈشەنچەمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ مەندە بۇخىل قاراشقا گۇمان تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئەنئەنە دېگەن مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس. شېئىرىيەتتىكى ئىزدىنىشىمىز كىشىلەر ئېڭىدا ھەقىقەتەن سىلكىنىش پەيدا قىلغان بولسىمۇ، دەل مۇشۇ قاراش كېيىنكى مەزگىلدە ئۇنىڭ پۈتۈنى چۈشەيدىغان چۈشەككە ئايلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنە دېگەن سۆز مەلۇم بىر دەۋردە تەبىئىي يوسۇندا شەكىللەنگەن قائىدە دېمەكتۇر. ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى بولىدۇ. بىر دەۋرنىڭ ئىجابىي ئەنئەنىسى يەنە بىر دەۋرگە بارغاندا سەلبىي ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، توسالغۇ پەيدا قىلىشى، بەزى كونىرىغان ئەنئەنىلەرگە ئازراق يېڭى قاننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قايتىدىن ھاياتى كۈچكە ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن. شېئىرىيەت تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆزى بىر ئەنئەنە. داستان ـ قوشاقچىلىرىمىزنىڭ ئۆزى بىر ئەنئەنە. مەلۇم بىر ئىدىيە يۆنىلىشى بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەنئەنە. ناۋادا يېڭىچە شېئىرلار يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىنىپ بۇندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىل داۋاملىشالىسا، ئۇمۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دېمەكچىمەنكى، بۇ خىل شېئىرىيەت ھەرىكىتىمىز تېخى ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىپلا، ئۆزىمىز تۇتقان يولدىن باشقىنىڭ ھەممىسى ئەنئەنە ئەمەس، دېيىشىمىز تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن گۇگۇگچىلار ۋەكىللىرىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە يەنىمۇ دادىل ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرسەممۇ، ئەمما بۇ قارىشىغا قوشۇلالمايمەن. مېنىڭچە شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ مەزمۇن بوشلۇقى قانچە كېڭەيسە، بۇندىن كېيىنكى مەۋجۇتلۇق ئىمكانىيىتىمىز شۇنچە ئاشىدۇ.

## 3

يېقىندا مۇنبەر ئارىلاۋېتىپ مۇنداق ئىككى ئەسەرنى يولۇقتۇرۇپ قالدىم.

چۈشكۈن سۆيگۈ ھەققىدە غەزەل
فېدېرىكو گارسىيا لوركا (ئىسپانىيە)

كېچىمۇ كېلىشنى ئىستىمەس
سېنى كەلمىسۇن دەپ،
مەنمۇ بارالمايمەن.

بىراق، بارىمەن
چايانلار ئاپتىپى چېكەمنى كۆيدۈرسىمۇ.

بىراق، كېلىسەن
تۇز يامغۇرى كۆيدۈرگەن تىل بىلەن.

كۈندۈزمۇ كېلىشنى ئىستىمەن
سېنى كەلمىسۇن دەپ،
مەنمۇ بارالمايمەن.

بىراق، بارىمەن
قۇرۇقلۇق پاقىلىرىغا چىشلەنگەن چىنىگۈلۈمنى تاپشۇرغانچە.

بىراق، كېلىسەن
زۇلمەتنىڭ مەينەت يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق.

كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ كېلىشنى ئىستىمەس
مېنى سېنىڭ دەردىڭدە ئۆلسۇن دەپ
سېنى مېنىڭ دەردىمدە ئۆلسۇن دەپ.

بەجايىكى بۇ شېئىرنىڭ مەنە قاتلىمىنىڭ تىرەنلىكىدىن باشقا، شېئىر ماۋزۇسىدىكى «غەزەل» دېگەن ئىبارە ھە دېگەندە دىققىتىمنى تارتتى. «بۇ قانداق غەزەل ئەمدى؟»

بۇ ھەقتە تەرجىمان تورداشلارنىڭ سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب يېزىپتۇ:

«غەزەل» ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى
چىرايلىق سۆزلەر بىلەن «ئەركىلەتمەك، مۇھەببەت ئىزھار
قىلماق» دېمەكتۇر. مانا مۇشۇ مەنىدىن« غەزەل» نىڭ ئەرەب
شېئىرىيىتىدىكى ئاتالغۇ مەنىسى بارلىققا كەلگەن، يەنى سۆيگۈ
لىرىكىسى! مەزكۇر شائىرىمىز لوركا ئاتالمىش «غەزەللەر» د-
رىدە «غەزەل» نىڭ ئەرەب شېئىرىيىتىدىكى «سۆيگۈ لىرىك-
سى» دېگەن ئاتالغۇ مەنىسىنى قوللانغان، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر شې-
ئىرىيىتىدىكى سىز بىلەن مەن بىلىدىغان مەنىسىنى قوللانمىغان!»

تەرجىمان لوركانىڭ نېمە ئۈچۈن «غەزەل» دېگەن ئە-
رەبچە ئاتالغۇنى قوللانغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يا-
زىدۇ: «مەزكۇر شائىرىمىزنىڭ ۋەتىنى ئىسپانىيە (ئەينى زا-
ماندا ئەرەبلەر ئەندەلۇس دەپ ئاتاشقان)نى ئەرەبلەر مىلا-
دىيە 711 ـ يىلدىن تاكى 1492 ـ يىلغىچە ئىستېلا قىلغان.
مۇشۇ سەۋەبتىن، ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى ئىسپان
مەدەنىيىتىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. يەنە مۇشۇ سەۋەبتىن، شا-
ئىرىمىز لوركامۇ «غەزەل» دېگەن ئاتالغۇنى سىز بىلەن مەن
بىلگەنگە ئوخشاش بىلىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ سۆيگۈ لىرىك-
لىرىغا «غەزەللەر» دەپ ماۋزۇ قويغان! بۇ لىرىكىلارنى ئە-
رەبچىگە (ياكى باشقا تىللارغا) تەرجىمە قىلغۇچىمۇ ئەسلى
ماۋزۇنى ساقلاپ قالغان.»

شۇ مىنۇتلاردا بىر كىشى يادىمدىن كەچتى...

باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ھەربىيلىككە كەتكەن بىر
ئاكىمىز بولىدىغان، مېنى كۆرسىلا شېئىرنى قانداق يېزىش
ھەققىدە تىنماي تەلىم بېرەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە چاچما شېئىر
يازىدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى «گۇڭگا شائىر»، «غەزەل يا-
زالمىغان شائىرنىمۇ شائىر دېگىلى بولامدۇ؟» دەيتتى ئۇ قو-
شۇمىسىنى تۈرۈپ. كېيىن بۇ خىل ئەھۋالنى باشقا تورداشلارنىڭ
بايانلىرىدىنمۇ كۆردۈم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەممىمىز مۇ-
شۇنداق نەسىھەت قىلغۇچىلارغا يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئوخشاي-
مىز.

رۇبائىيلار

فېرناندو بىسۋا(پورتۇگالىيە)

ئۆلۈك پېتى قالاي يېنىڭدا
ھېچنېمىنى بىلمەي ۋە تۇيماي.
يېتەر ماڭا پەقەت مۇشۇلا
ئۆلۈمنىڭ بىر ياخشىلىقىدەك.

«رۇبائىيلار»نىڭ داۋامىمۇ مۇشۇ «رۇبائىي»نىڭ داۋا-
مىدەك سۆيگۈ، روھ، ئۆلۈم... دېگەن تېمىلار بويىچە بىر ـ
بىرىگە چاتما شېئىرغا ئوخشاش ئۇلىشىپ داۋاملىشىپ كەتكەن-
دى. بۇ «رۇبائىيلار»مۇ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قى-
لىنغان بولۇپ، تەرجىمان ئىلاۋىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئە-
رەب مەدەنىيىتىنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى بىر نامايەندىسى بول-
غان «رۇبائىي»نىڭ... ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىي ئەنـ-
ئەنىسىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى بىر ھەقىقەت. ئەمما بۇ شېئىرىي
شەكىلنىڭ يېڭىلانمايدىغانلىقى ياكى ئەمەلدىن قالمايدىغانلىقىغا
ھېچكىم ھۆكۈم قىلالمايدۇ. شېئىرىيەتنىڭ يۈزلىنىشى (تەرەققى-
ياتى دېگۈم كەلمەيدۇ)گە قارىغاندا، ئۇ بۇرۇنقىغا نىسبەتەن
مەنە جەھەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشمەكتە (قاتلاملاشماقتا)،
شەكىل جەھەتتە بولسا تېخىمۇ ئاددىيلاشماقتا. شېئىرىي شەكىل-
نىڭ مۇنداق ئاددىيلىققا يۈزلىنىشى ئەلۋەتتە «رۇبائىي»غىمۇ
تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ھازىر ئەرەبلەردىمۇ رۇبائىينىڭ
شەكىل ئۇقۇمى تولىمۇ ئاددىيلىشىپ كەتتى، يەنى رۇبائىي دې-
گەن بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇنىڭ «تۆتلۈك» دېگەن سۆز مەنىسىلا
بۇ شېئىرىي شەكىلنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالدى.»

مەن يۇقىرىقى تېمىدىن مۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىم.
بىزگە ئەرەب شېئىرىيىتىدىن يەرلەشكەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ
ئەنئەنىۋى شەكىللىرى، ئاللىقاچان ئەدەبىياتىمىزدىكى قې-
لىپلاشقان مەنىسىنى يوقىتىپ، ئاددىيلا سۆز مەنىسىنى ساقلاپ
قاپتۇ. نەتىجىدە ۋەزىن، قاپىيەگە قاتتىق ئېتىبار بېرىدىغان
ئەرەب شېئىرىيىتى ئەدۇنىس، نىزار قەببانى، مەھمۇد دەرۋىش
كەبى بۈگۈنكى مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلە-
رىنى ئاپىرىدە قىپتۇ. مەن تور ئارقىلىق ئۇچرىشىۋاتقان بۈ-
گۈنكى ئەرەب شېئىرىيىتىدىن بىزدىكى شەكىلۋازلىقلارنىڭ ئاز-
راقمۇ ئىپادىسىنى كۆرمىدىم.

شۇتاپ ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نەسىھەتچى
ئەمەس، ئەتراپىمدىكى مىڭلىغان ئوقۇرمەن كۆز ئالدىمغا كەلدى.
ئەمەلىيەتتە شېئىرىي شەكىل مۇھىم مەسىلە ئەمەس، مۇھىمى شې-
ئىرنى قانداق تونۇش، قانداق ئىپادىلەش مەسىلە ئىدى...

ئىزدىنىش روھىغا باي شائىر ئوسمانجان مۇھەممەد پاس-
ئان «شىنجاڭ يازغۇچىلىرى» تورىدا گارسىيا لوركادىن ئىلھام
ئېلىپ، بىر يۈرۈش «غەزەل»لىرىنى ئېلان قىلىۋىدى. كۆپ
قىسىم تورداشلىرىمىز، بۇ «غەزەل» بىلەن بىزدىكى قېلىپلىشىپ
قالغان «غەزەل» دېگەن ئاتالغۇغىلا ئېسىلىۋېلىپ، شېئىردىكى
تىل مۇناسىۋەتلىرى، شېئىرنىڭ ئېھتىماللىق مەنىلىرى ھەققىدە
جۇڭقۇرۇپ باقمىدى. ئەگەر كۆز تونۇسا نەچچە مىڭ يىللار
مۇقەددەم پۈتۈلگەن مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى، بۇددا، مانى شې-
ئىرلىرىمۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىمىز، پەرھات ئىلياس قەيت
قىلغاندەك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىمىزمۇ بىزنىڭ تۇنجى شېئىرد-
مىز ئىدى. ئۇلارغا ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئارتۇق شەرت
(شەكىلۋازلىق) قويۇلمىغان.

«قارا كېچە، قارىياغاچ مېنىڭ سىرداشىم،
شىلدىرلىسا يوپۇرمىقى تۆكۈلەر ياشىم»

بۇ شېئىردىكى ئىماگ، ئىشارىلەر بىزگە كەڭ تەسەۋۋۇر ئىمكانىيىتى ئاتا قىلىدۇ. يەنى شېئىردىكى مەن بىلەن كېچە ۋە قارىياغاچنىڭ مۇناسىۋىتى مەڭگۈ قۇرۇلۇش ھالىتىدە بولۇپ، بىز ئۆز ئەقىدىمىز، گۈزەللىك چۈشەنچىمىز بويىچە بارلىق تەپەككۇر ئەندىزىسى، تىل مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپ ئۇنى خالىغانچە ئاغدۇرۇپ باقساق، ئوخشىمىغان جاۋابلارغا ئېرىشىمىز. توغرىسى بۇ شېئىر بىزگە بەھۇزۇر ئويلاش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى ھاياتى كۈچى يوقالمايدىغان شېئىر، يەنى ئوچۇق تېكىست دەپ قارايمىز.

«ئېيتما، ئانا

ئېيتما، ئانا!
ئەللىيگىنى،
ئۇخلىمايمەن ئەمدى.
مەن پەقەت،
ئاڭلىۋالدىم خوراز ئۈنىنى.
بۆشۈكۈمدىن
تېزرەك يېشىۋەت!!!
(«قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق كىتابتىن)

بۇ «يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسى»گە مەنسۇپ چاچما شېئىر. لېكىن ئۇ بىزگە ھېچقانداق تەپەككۇر ئىمكانىيىتى قالدۇرمايدۇ. تېكىست يېزىلىش بىلەنلا «ئانا، ئەللەي ئېيتماي قوي، مەن ئويغاق ئەۋلاد!» دېگەن شوئار ئۇنىڭغا يۆكلىنىپ بىزنى پىكىر يۈرگۈزۈشتىن «ئازاد» قىلىۋەتكەن. پەقەت شەكىل ۋە سۆز ئويۇنى ئارقىلىق ئىلگىرىكى تەشۋىقات شېئىرلىرىغا قارىغاندا بىر ئاز گۈگەلاشتۇرۇلغان.

## 4

پەرھات ئىلياس تىل توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دەرھەقىقەت، شېئىردا تىل ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. دۇنيادىكى نۇرغۇن تىلشۇناسلارمۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىنى شېئىر بىلەن باغلاپ قارايدۇ. دانىيەلىك تىلشۇناس يېپسون «تىل ناخشا ئېيتىش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن» دېگەن بولسا، قۇرۇلمىچىلىق ئىدىيەۋى ئېقىمىنىڭ باشلامچىسى رامان ياكوبسون «شېئىرنىڭ تىلدىكى رولىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان تىلشۇناس بىلەن تىل مەسىلىلىرىگە قىزىقمايدىغان ئەدىبنىڭ ھەر ئىككىسىلا زامان تەلپىگە ماسلىشالمايدۇ.» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز دوگما ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر نوقتىئىنەزەردىن ئاۋۋال گۇمانلىنىشقا ھەقلىقمىز. بىز تىل مەسىلىلىرىنى ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا چۈشىنىمىزمۇ ياكى تىلشۇناسلىقتا ھازىر يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان «پسىخىكا تىلشۇناسلىقى»، «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق»، «تۇتۇق تىلشۇناسلىق»... دېگەندەك نۇقتىلاردىن ئىزدىنىپ باقامدۇق؟ تەرجىمە تىلىمىز ھەمدە شېئىرىي تىلىمىزدىكى «چېقىلىش»لار تىلىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ شېئىر تىلىمىزنىڭ مەنە بوشلۇقلىرىنى كېڭەيتىشتە زادى قانداق ئاكتىۋال قىممەتكە ئىگە؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇللاش پسىخىكىسى بىلەن تىلدىكى «چېقىلىش»نىڭ مۇۋازىنەت تەڭلىمىسى قانداقراق بولۇش كېرەك؟ مېنىڭچە قاپقاراڭغۇ كېچە ئورمانلىقىدا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان بىر تال شام چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە، ئەمما سان ـ ساناقسىز چىراغلار يېقىۋېتىلگەن شەھەر كوچىلىرىدا بولسا يورۇقلۇقتىن كۆرە قاراڭغۇلۇق بەكرەك جەلپكارلىققا ئىگىمىكىن دەيمەن. مېنىڭچە گۈڭگىلىقمۇ ئەنە شۇنداق تەبىئىي رەۋىشتە تۇغۇلسا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ، ئەمما بەك زورۇقۇپ ھەممىلا يازمىلىرىمىزنى، ھەتتا نەزەرىيە تەتقىقاتىمىزنىمۇ سىرلىق چۈمبەل ئىچىگە ئېلىپ قويساق ئاۋامنى بىزار قىلىپلا قالماي، ئىلىم ئەھلىلىرى ئالدىدىمۇ «چاڭموزا يۇسۇپخان»غا ئايلىنىپ قالىمىز.

نىھايەت، قەلبىمىزدە بار، ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزدا بار ھاياجانىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق سۆز تاپالمايۋاتقان، بېغىشلىنىش كەم بولۇۋاتقان ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمىزدە شېئىر ماھارەت ئىگىلىۋالغان بىلەنلا يېزىپ كەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەسلىكى ھەممىمىزگە ئايان بىزدىكى بۈيۈك قامەتلەر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن، مەنىۋىيىتىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس نەقىشلەرنى چېكىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان تەشنالىقى ئىنچىل كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇلاردىكى جاھىللىق كىشىلىرىمىزنىڭ شېئىرغا بولغان تەشنالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. يېڭى-يېڭى مەنىلەر سىغدۇرۇلغان شېئىرلارنى ئوقۇغانسېرى بۇ شائىرلارنىڭ بىز ئۈچۈن داۋاملىق شېئىر يېزىپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا مەدەت بېرىشىمىزنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شائىرنىڭ كۆزىتىشى، ئاڭلاش دائىرىسىگە كىرگەن شەيئىگە بولغان ئوتلۇق تۇيغۇلىرى ۋۇجۇد چۆلىدىن پارتلاپ چىققاندا، بۇ ھاياجانىنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش بىرچە شائىرلىق ماھارىتى ھېسابلانسا كېرەك. ئەنە شۇ ھاياجان قوزغىغان نەرسىنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىش مەسىلىسى يەنى قانداق بايان قىلىش ياكى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس، قانداق ئىپادىلەپ بېرىش شائىرنى ھەمىشە قىينايدۇ. بۇ يەردە تىل ئادەتتىكى رولىدىن ھالقىپ، سەنئەتنىڭ باشقا ژانىرلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ

بىزگە بوشلۇقتىن لەيلەپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقنىڭ دەققىلىك قىياپىتىدىكى نازۇك تۇيغۇنى، كۆيۈۋاتقان قەقنۇسنىڭ ئېغىزدىن يانغان نۇر ۋە يالقۇندىكى ئىسيانكارلىقنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بىر قېتىملىق قول ھەرىكىتىدەك ئاسىيلىق ۋە لەززەت ئىچىدە ئاخىرلىشىدىغان شېئىرىي ھاياجان، شائىرنى بالىياتقۇ لەززىتىگە چۆمۈلدۈرىدۇ. «لەيلەپ چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقنىڭ سانىمۇ 〈ئاۋازىمۇ〉 مەندىن مۇستەسنا ئەمەس» دېگەن غايىۋى نىدا بىزگە ئالەمدىكى بىردىنبىر شائىرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بۇ مۇقەددەس ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ بېشارىتىدەك، بىزنى ئەبەدىل سۆز ۋادىسىدا گاڭگىرىتىدۇ.

دېمەك، شېئىردىكى ئەقىل ۋە ھېس - تۇيغۇغا ئالاقىدار ھەممە تەركىبلەر تىل مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىقلا روياپقا چىقىدۇ. مەنە سەپىردىكى شائىرنىڭ بىردىنبىر رېئاللىقى ۋە ئەڭ كۈچلۈك قورالى - تىل. شېئىر ھەم تىل رېئاللىقىدۇر.

شېئىر بىزگە يوقىتىپ قويۇۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مېنىڭچە يامغۇرنىڭ تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇشى ئۈچۈن قەلب ئېتىبارىغا ئېرىشىشى كېرەك. چۈنكى شېئىر قەلبكە ياغىدىغان يامغۇر. شېئىر قەدىرلىنىش ئۈچۈن ئۇ بىزنى تەقەززا قىلالىشى كېرەك. شېئىرنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشى، مەۋجۇتلۇقنىڭ ۋە ھاياتلىقنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىشىدۇر...

گاھىدا ئۆزۈمنى شېئىر يېزىشقا مۇناسىپ ئەمەستەك ئويلايمەن. چۈنكى شېئىر يازىدىغان قەلب ئەل ئارزۇ قىلىدىغان قەلب بولۇشى كېرەك. شېئىرمۇ، شائىرمۇ خەلق تەرىپىدىن قەدىرلىنىشى كېرەك. بۈگۈنكىدەك ئۈچۈر دەۋرىدە قىزغىنلىق بىلەن شېئىر ئاڭلايدىغان، شېئىر ئوقۇيدىغان، شېئىرنى دادىللىق بىلەن تۇرمۇشقا ئېلىپ كىرىدىغان، تۇرمۇشتىن مۇھەببەت ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە ھۇزۇرلىنالايدىغان ئادەملەر بولسىكەن دەيمەن.

مەن يەنە شېئىرلىرىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئارىلىق مەۋجۇت، دەپ ئويلايمەن. شېئىرلىرىمدىكى مەن تۇرمۇشتىكى مەننى گاھ تونۇيدۇ، گاھ تونۇمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى دائىم تۇرمۇشتىلا مەۋجۇت دەپ قارىمايمەن. بەلكى شېئىرلىرىم مەن بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. گاھ ئۇ مېنى ئويغىتىدۇ، گاھ ئازدۇرىدۇ. ئىلگىرى تۇرمۇشتا شېئىر مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى توۋا دەيمەن. تۇرمۇشتىمۇ شېئىر مەۋجۇت. ئەگەر تۇرمۇشتا شېئىر مەۋجۇت بولمىسا بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ھاياتنى رەت قىلىش ۋە ئەھمىيەتسىز دەپ قاراش بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ئەمەس. ئەگەر ھايات راستىنلا مەنىسىز بولسا ياكى شۇنداق تۇيۇلسا بىز ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلىشىمىز كېرەك.

شېئىر بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى بوغۇپ، پىكىرلىرىمىزنى چەكلەپ، تەرەققىياتىمىزنى ئاستىلىتىپ قويغىنى يوق. بەلكى ئۇ بىزنى تارىختا ئىشەنچلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. نادانلىققا قارشى تۇرۇپ ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. شېئىر كۆنچىلىكى يامان خوتۇندەك ھەممىشە شائىرنىڭ ئەس - يادىنى چىرمىۋالىدۇ. باشقىلار ئويغاق يۈرۈپ ئۇخلىغان چاغدىمۇ شائىر ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كائىناتتىكى بارچە شەيئىنى كۆزەتتى. تۇرمۇشىمىزغا مەنە ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ روھىدا قىلچىلىرى يالىڭاچلانغان ئۆتمۈش جانلىنىپ، ئەندىكىپ رېئاللىققا قايتتى. ئۇ كوچىدىكى ھەر بىر تۇپ كۆچەت، ھەربىر ياپراق، ئەرزىمەس يالتىراقلارغا قەدەر دىققەت قىلىدىكى، رېئاللىقنىڭ يەنە بىر يۈزىدە ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسىرلەر مەيدانى تەسەررۇپ بولدى.

شۇنداق، شائىرمۇ ئويغاق يۈرۈپ، چۈش كۆرگۈچى بولسا، ئۇ ھەممىشە چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىدۇ.

قەلب زەئىپلىشىپ، كىشىلەر گۇمراھلارغا ئەگەشكەندە خەلق شائىرنى گۇمراھ، دېدى. ھالا شاھ مەنسۇر شۇ سەۋەب دارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ماڭدى. شاھ مەشرەپ دارنى ئەمەس گۈلزارنى كۆردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شائىرلىقىغا تۇشلۇق ئىش قىلىش ئۈچۈن پۈرستى كەلگەندە ئۆلۈمنى تاللىۋالدى.

كىچىك چېغىمدا دادامدىن شېئىر يازىدىغانلار قانداق ئادەم دەپ سورىسام؛

— شېئىر يېزىپ شېئىرلىرىنى سېتىپ، خەجلەپ جان باقىدىغان ئادەم— دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

دادام نەۋايىنى بىلەتتى. دادام نەۋايىنى ئۆمۈر بويى شېئىر يېزىپ، تۇپلەپ، ئاندىن كىشىلەرگە تەقدىم قىلىپ، پادىشاھلاردىن ئىنئام ئېلىپ جاھاندىن ئۆتكەن ئادەم، دەپ بىلەتتى.

ئەلۋەتتە، ھەممىمىز يۇقىرىقى بايانلارنى قوبۇل قىلالمايمىز. لېكىن مۇشۇ پىكىر نېمە ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى. بۇ مەسىلە ئايدىڭ بولۇشى كېرەك.

نەۋائىي شېئىرلىرىنىڭ ئوق يىلتىزى نەدە؟ بىز ئۇنىڭغا نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن جاۋاب ئىزدەيلى.

«ۋەقپنامە»دە سوپى شۇنداق نالە قىلىدۇ؛ «ئەي پەرۋەردىگارىم سېنىڭ دەرگاھىڭدا ياخشىلىق، ساۋاب، مەدھىيە، بايلىق، بەخت، ئەركىنلىك، ئىلتىپات، ئېھسان... ھەممە نەرسە بار. مەن بىر مىسكىن دەرگاھىڭغا نېمە ئېلىپ بارىمەن؟ ھەسرەت. سېنىڭ دەرگاھىڭدا يوق نەرسە ھەسرەتنى ئېلىپ بارىمەن.»

ناھايەت نەۋائىي شېئىرلىرىنىڭ ئوق يىلتىزى ھەسرەت. بۇ ھەسرەت شۇنداق كىچىك يارىكى، ئۇنى زامانىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار ئەسۋاب بىلەنمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ھەسرەت يەنە شۇنداق چوڭقۇر يارىكى، بولدۇقلاپ تېشىپ گاچىنىمۇ ئوتلۇق شائىرغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەجەبا نەۋايى شېئىرلىرىنى ئوقۇغان ئاتىلىرىمىز، نەۋائىينىڭ بۇ بايانلىرىنى ئوقۇغانمىدۇ ؟! ئوقۇغان بولسا شائىر شېئىرنى سېتىپ يەپلا قالماستىن، نۆۋىتى كەلسە ئەنە شۇ شېئىرغا جىسمى ۋە روھى بىلەن گۇۋاھچى بولالايدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمىدۇ؟




مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم غوجمۇھەممەد مۇھەممەد

مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم: سىز بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە خاسلىق ياراتقان ئۈمىدلىك ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى يېڭىلىق، پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق، ھېسسىياتتىكى قويۇقلۇق سىز ئىجات قىلغان شېئىرلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. مۇشۇ مەۋقە ئاساسىدا سىز ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىيەت قارىشىڭىزنى ئەتراپلىق شەرھىلەپ باقسىڭىز؟ سىزنىڭچە ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

غوجمۇھەممەد مۇھەممەد: شېئىر ھەققىدە سۆزلىسەم تىلىم ياپىرايدۇ، ۋەھالەنكى سۆزلىمەك بولغاندا ناباب تىلىم ھەرقاچان مېنى ئۇسال قىلىدۇ. ئىلگىرىكىلەر شېئىرنى «تىل سەنئىتى» دەپ شەرھىيلەپ ئۆتۈشكەن، مەنمۇ ھەم بۇ شەرھىيدىن ھېچقاچان تانمايمەن. ئىچىمدىكى مالامەتلەر، قايناپ تۇرغان ھاياجان، ۋەسۋەسە ۋە ئىزتىراپلارنى بايان قىلىۋاتقاندا تىلىم تىلغا ناقىستۇر. ھاياتنىڭ ئەزگۈلۈكلىرى ۋە تەبىئەتنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىمدىكى يورۇق ئەينەكتە قۇياشتەك ئاياندۇر، ۋەھالەنكى مەن ئىچىمدىكى ئايان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئەينەن كۆرسىتىشكە ئاجىزمەن. سىلەرنىڭ كۆرگىنىڭلار قەلبىمنىڭ ئەينى ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئەينەكتىن يانغان شولىسىدۇر. ئەڭ كامىل شائىرنىڭمۇ شېئىر ئارقىلىق قەلبىنى ئايان قىلىش ئۈچۈن تىلغا قىسىلدىغانلىقىنى بىلىمەن. «ئادەمىي تىل» ھاجىتىمىزدىن چىقالمىسا... ئەجەبا، بىز «ئىلاھىي(تەبىئى) تىل«غا موھتاجدۇرمىزمۇ؟! بۇ بىز تەكىتلەۋاتقان «شېئىرىي تىل»مىدۇ؟!...

قاچان، قانداقلارچە شېئىرىيەت كوچىسىغا كىرىپ قالغانلىقىم ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمەيمەن؛ قاچان بۇ كوچىنىڭ ئاخىرىغا چىقىشىنىمۇ بىلمەيمەن؛ بۇ بىلمەسلىكلەر مېنى شېئىرنىڭ مەڭگۈلۈك لەھزىلىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. بۇ كوچىدا تەم - تۇم مېڭىپ يۈرگەن چاغلاردىن ھازىرغىچە 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر يازدىم ۋە ئېلان قىلدىم، ئېسىمدە قالغانلىرى تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، يەكلىنىش، جەبرۇ- جاپالار... ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدىغىنى تۇنجى يارنىڭ ساھىبجامال ھەسرىتى... ئۇزاق ۋە قاراڭغۇ كېچىلەر. شېئىر يېزىشنى تاماق يېيىشتەك مۇھىم بىلگەن چاغلىرىمدا جەمئىيەت ئىلگىرىلەپ يىراقلاغا كېتىپ بولغان ئىكەن. يول

بويىدىكى بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان ئېگىز ئىمارەتلەر، يوللاردىكى ئۇچقۇر ماشىنىلار، بانكىلاردىكى پىچەتى بۇزۇلمىغان قىپقىزىل پۇللار، بەزمىخانىلار، ئىشرەتخانىلار... مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى. رېئاللىقتىكى يەككە - يېگانىلىق مېنى شېئىرنىڭ ئازغۇن چۆللىرىگە ھەيدىگەن ئىكەن. ئەنە شۇ چاغلاردا مەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئاشىق بەندە» ئىكەنمەن. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ياشاش تەرتىپىم بۇزۇلغاندا «نان»نىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچرىدىم. ئىنسان بولماقنىڭ مۇشەققىتىنى سەزدىم. رېئاللىقتىكى ئۆزۈم بىلەن قەلبىمدىكى ئۆزۈم ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار باشلاندى، بۇ توقۇنۇشلارنىڭ شېئىرلىرىمدىكى ئىنكاسى ئەينى چاغلاردىكى «30ياش» قاتارلىق شېئىرلىرىمدۇر. ئىجادىيەت جەريانىم باشتا ئاددىي، داغدۇغىسىز ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ كېيىن بىر قاتار غەلۋە - پاراڭلاردىن چەتتە قالمىدى. ماختاش - سۆكۈشلەردىن ئۆزۈمنى دەڭسىدىم - يۇ، قەلبىم زىنھار تەۋرىمىدى. قانداق بولۇشۇمدىن قەتئىي نەزەر، شېئىر يېزىشنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات پائالىيىتىم ئىكەنلىكى بارغانسېرى ئايان بولدى.

شېئىر ھەققىدە كىشىلەر تۈرلۈك تەبىرلەرنى بېرىشتى.

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر- ئەل - خەلقنىڭ تەقدىرى، ئاۋامنىڭ قايغۇ- شادلىقى بىلەن زىچ باغلانغان شېئىرلاردۇر، دەيدۇ كىمدۇ بىرى. بىراق ئۇ ئۆز گېپىدىكى «باغلانغان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە دىققەت قىلمايدۇ، ئەجەبا ئۇ بىلمەمدىكىنە، باغلانغان نەرسىلەرنىڭ ئەركى بولمايدىغانلىقىنى، شېئىرنىڭ مەنىۋى پائالىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن چەكسىز روھىي ئازادلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى...

ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر- مەنىدىن قۇرۇغدالغاندۇر، مەنىسىزلىك ئۇنىڭ بىردىنبىر مەنىسىدۇر، دەيدۇ يەنە بىرى چالۋاقاپ. بىراق ئۇ بىلمەمدىغاندۇ، ھەرقانداق شەكىلنىڭ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق مەنىنىڭمۇ شەكلى بولىدىغانلىقىنى؟... ھەر بىر تىل(سۆز)نىڭ مەلۇم نىسبەتتە شەكىل ۋە مەنە ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسىلىدىغانلىقىنى؟!...

ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر - پەقەت ۋە پەقەت شېئىر ئۈچۈنلا يېزىلغان شېئىردۇر، ئۇنىڭدا نە سىياسىي، نە دىداكتىكا، نە بىر مەقسەت - مۇددىئا بولسۇن؟!... دەيدۇ يەنە بىرى گېلىنى قىرىپ، لېكىن شۇنداق دېگۈچى كۆز قاراشلىرىنى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان ئىخچام ۋە مەنىلىك «ماقال - تەمسىل»لەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئامراق. ئۇ كىشى ئەقىدە - ئېتىقادىنى ئۇلۇغلايدىغان، مىللىي خاسلىقى گەۋدىلىك بولغان بىر مىللەتنىڭ پۇشتى. يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مەدەنىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بۇ كىشىنىڭ رېئاللىقى قەلبىدىكى ئەينەكتىن ئاز- تولا ئەكسىلىنىپ چىقماسمۇ؟!...

ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر... دەپ كىمدۇ بىرى شالىنى چاچىدۇ ۋە غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ بىر نەچچە پېشىۋاسىنى ئالدىمىزغا باشلاپ كېلىپ بىزنىڭ بۇ پېشىۋالارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەيرەتتە قىلىشىمىزنى، ۋاھ! دەپ لەۋ تامشىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە قەۋمىمىزنىڭ ئاشۇ شائىرلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بىرنەچچە شائىرىنى سەھنىگە چىقىرىپ بىزنى ئۇلارغا قول كۆتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. «ئۇ يېڭى شېئىرىيەتچى ئەمەس، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەنئەنىنىڭ ئاسارەتلىرى ئېغىر!» دەيدۇ ئۇلار مېنى ياكى باشقا بىرىنى كۆرسىتىپ، «چۈنكى ئۇ مىللىيلىكتىن قول ئۈزمىگەن...»... دەرۋەقە، غەربنىڭ مودېرنىزم پېشىۋالىرىنى ئېتىراپ قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل شېئىرىيەت نەتىجىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز، بىزنىڭ بۇ ئېتىراپىمىز ۋە ئاپىرىنىمىزنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىر ئېتىراپ ۋە ئاپىرىن يوشۇرۇنغانكى- ئۇلار ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتقان مەدەنىيەت تېررىتورىيەسى ۋە مۇھىتىنى، ئۆزلىرى نەپەس ئېلىۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاۋاسىنى شېئىرلىرىدا سەنئەتلىك تۈس بىلەن ئىپادە قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە ئېتىقاد ئەندىزىسىنى شېئىرلىرىنىڭ تەگ- تېگىگە كۆمۈۋەتكەن. ئۇلار شېئىرلىرىدا پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەن ۋە ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرغان. ۋەھالەنكى ئۇلار سۆيگەن دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت غەرب ۋە غەرب ئەللىرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانىنى ۋە ئۆزى تەۋە بولغان قوۋمىنى دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت بالاغىتىدە سۆيەلىگەن. مودېرنىزم ئۈچۈن مىللىيلىكنى تاشلاشنىڭ ھاجىتى يوقكى، تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىش ۋە يۈكسەك سەنئەت نۇرىدا جۇلالاندۇرۇش زۆرۈردۇر.

يەنە بەزى شائىرلار باركى، ئۇلار «شېئىرنى پەقەت ئۆزۈم ئۈچۈنلا يازىمەن، شېئىر- شائىرنىڭ ئۆزىگە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىنىڭ ھاسىلاتىدۇر» دەيدۇ. ئەلسۆيەر ئوبزورچىلار بۇنداق قاراشقا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ،

«شائىر ــ مىللەتنىڭ ۋىجدانى، شېئىر ــ دەۋرنىڭ ئاۋازى» دەيدۇ ئۇلار چېڭقىلىپ، «ئاھ - ۋاھ، كۆيدۇم - پىشتىم... بىلەن تولغان بۇ شېئىرلار قانداقمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاچقان يۈرىكىگە بارسۇن؟ خەلقنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى، غايە- ئىستەكلىرىنى ۋە تەقدىر- قىسمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلمىگەن بۇ شېئىرلارنى قانداقمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر دېگىلى بولسۇن؟!...» دەيدۇ ئوبزورچىلار يەنە چوڭقۇر ئۆكۈنۈش بىلەن. ئەجەبا، ئۆزىنى چوڭقۇر سۆيمىگەن كىشىدىن مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق جۇلاسىنى تاپقىلى بولسۇنمۇ؟ ئۆزىنى سۆيمىگەن كىشىنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇنمۇ؟ ئەمەلىيەتتە شېئىردىكى ئاھ ئۇرغان، پەرياد چەككەن، شادلانغان، تەنتەنە قىلغان كىشى شۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئاۋامدۇر. ئاپتور يېزىلىپ بولغان شېئىردىن راھەتلىنىدۇ ۋە يېنىكلەيدۇ، خالاس! «ئۆزۈم ئۈچۈن...» دېگەن شائىر ئۆزى ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈشى، ئۆزى ئۈچۈن خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۆزى ئۈچۈن ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەنئەنىنىڭ ياتلىشىشى، مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق تىراگېدىيەلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى مۇمكىن. قاراڭ، ئۆزى ئۈچۈن چەككەن بۇ ئىزتىراپلار نېمە دېگەن سەمىمىي؟! ئەل- ئاۋامنىڭ، يۇرت- قەۋمنىڭ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىراگېدىيىسىنى ئۆز قايغۇسىغا ئايلاندۇرغان بۇ شائىر نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە جەلپكار! ئۆزى ئۈچۈن يېزىش ۋە خەلق ئۈچۈن يېزىش دېگەنلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ماھىيەتلىك پەرقى يوق. كۆپىنچە ھاللاردا بىز بۇلارنى بۆرمىلاپ قويىمىز.

شېئىر ھەققىدە گەپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلىكى ۋە قىلىنغان گەپلەرنىڭ خىلمۇ- خىللىقىدىن بۇ يەردە بىز ھەممىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ بولالمايمىز. شۇنداقتىمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن نىملەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئىككى ئېغىز سۆز كەلتۈرىمىز؛ يۇقۇرىدىكى بايانلاردىن ئايانكى - ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىر شائىردىن ئۆزىگە نىسپەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەت پۈتۈن تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىرنىڭ قەلبىدە يالقۇنلاۋاتقان ئوت مەشۇقى بولغان «ئىنسان»لىقنىڭ پىراقىدۇر. مۇھەببەت بولغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ يەنە مۇھەببەتلىك قەلبكە سادىق بولۇشى، راستچىل ۋە سەمىمىي بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرنىڭ شائىردىن تەلەپ قىلغانلىرى بەلكىم يەنە بىر تالايدۇر، بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىدىكى مۇنەۋۋەر شېئىرنى يازالمايۋاتساق كېرەك!

مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم: نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئەسەرلەرنىڭ پۇچەكلىشىش ھادىسىسى يۈز بېرىۋاتىدۇ. جۈملىدىن شېئىرىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ھېسسىياتتىكى سۇسلۇق، شەكىلدىكى قاتماللىق، مەزمۇندىكى تەكرارلىق كىتابخانلارنى بەزدۈرمەكتە. سىز يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ھەققىدە قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسىڭىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزۈمگە ئەڭ بەك چېلىققىنى- نۆۋەتتىكى رومان پاخاللىقى بولدى. ساۋاتىم چىققاندىن كېيىن رومان ئوقۇپ چوڭ بولغان بالىمەن. گەرچە ئىلگىرى ۋە ھازىر ئىزچىل شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولساممۇ روماننى ئوقۇش ئادىتىمنى ھېلىھەم تاشلىغىنىم يوق. بەختىمگە يارىشا چوڭ بولغىنىمچە كىتابخانىلار رومان بىلەن تولۇپ بارماقتا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كۆزۈمنى ئالا - چەكمەن قىلماقتا. باللىقىمدا ئوقۇغان «تۈلكە رىنارت»، «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»، «نىلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى»، ئۆسمۈرلۈكۈمدە ئوقۇغان «ھېكلبېررىفىننىڭ كەچۈرمىشلىرى»، «شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇ»، «نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «چالا تەككەن ئوق»، ياشلىقىمدا ئوقۇغان «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت»، «مەھمەت ئاۋاق»، «قۇم باسقان شەھەر»، «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»، «جىنايەت ۋە جازا»، «گراف مونتى كرىستو» قاتارلىق رومانلارنى تامشىيمەن. يېقىندا ئوقۇغان «چاڭ - توزان بېسىققاندا»، «ئانا يۇرت»، «مېنىڭ ئىسمىم قىزىل»، «باھادىرنامە»، قاتارلىق رومانلارنى پات - پات ۋاراقلاپ قويىمەن. مەن ئۇلارنى «نادىر رومان»لار دېمەكچى، لېكىن باشقا يېزىلغان ياخشى رومانلارنى چەتكە قاقمايمەن. بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ پىروزىچىلىقنىڭ نۆۋەتتىكى سەۋىيەسىنى نوقۇل رومان ئارقىلىق ئۆلچەش ئويۇممۇ يوق. دەرۋەقە، ئەدەبىياتىمىزدا نۇرمۇھەممەد توختى ۋە مۇھەم-

مەد باغراشلار كەبى رومان يازمىغان سەركىلەرمۇ بار. مەن
بۇ يەردە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ياكى تەنقىدچى ئەمەس،
بەلكى ئاددىي بىر كىتابخانلىق سالاھىيىتىدە سۆزلەۋاتقانلىقىم
ئۈچۈن نۆۋەتتە خەلقىمىزدە باش كۆتۈرگەن رومان ئوقۇش
قىزغىنلىقى، كىتابخانلارغا رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپ
كەتكەن، تېما، قۇرۇلما ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە گويا بىر قې-
لىپتىن چىققان خىشتەك رومانلار ۋە رومانسىراپ كەتكەن
كىتابخانلارنى نەزەردىن ساقىت قىلالمىدىم. نېمە ئۈچۈن
شۇنداق بولىدۇ؟ مىللىتىمىزنىڭ تولىمۇ يىراقلاردىن باشلان-
غان شانلىق مەدەنىيەت تارىخى، تىلسىماتلاردەك سىرلىق
ۋە مۇرەككەپ روھى تىندۇرمىسى، يېقىنقى جاھالەت ۋە
داۋاملىشىۋاتقان تىراگېدىيە، نۆۋەتتىكى پىسخىك بۆھران...
يەنە نېمە كەملىك قىلىدۇ؟ تىلمۇ؟!... ياق، ئىپادىلەش دائى-
رىسى كەڭ، مەنە قاتلىمى چوڭقۇر ۋە پاساھەتلىك ئۇيغۇر
تىلىغا گۇناھ ئارتىشقا يۈز قىزىرىدۇ. نېمىدۇر بىر نەرسە
كەملىك قىلغاندەك قىلىدۇ، شۇنداق، بىر نەرسە كەم، ئۇ-
مۇھەببەت، ئۇ - شىجائەت! مەن ھېچقاچان ئۇيغۇر يازغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ ماھارىتىدىن گۇمان قىلىپ باققان ئەمەس،
مەن يەنە ھېس قىلغانكى — زور كۆپچىلىك ماھارەتلىك
يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىدىن ھالقىيالمىدى، قەلبىدىكى چېگ-
رالارنى بۇزۇۋېتەلمىدى، تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا
ۋە يۈكسەكلىككە يۈزلىنەلمىدى. مەنپەئەت، شۆھرەت، ئىم-
تىياز قاتارلىقلارنى چۆرۈۋېتىپ چىن ئاشىقلىق سۆيگۈسىدە
مۇھەببەت ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتەلمىدى. مۇشۇ سۆزلەش
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يازغۇچىلىرىمىزدىن ئەقىدە، ئىخلاس
بىلەن قەلەم تەۋرىتىشنى، سان ۋە مۇكاپات قوغلاشماسلىقنى
ۋە ئۆزىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت، تەبىئەت، ئەل - يۇرت تە-
رىقىسىدە چوڭقۇر سۆيۈشنى تەلەپ قىلىمەن. چۈنكى، قەلب-
دە مۇھەببەت بولغاندا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى
ھارارەت قەلبىمىزنى ئىللىتىدۇ.

شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتى كىرىزىستىن قۇ-
تۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادىي يوللىرى ھەققىدە سورالسا، بۇ ھەق-
تە سېستېمىلىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن، بى-
راق بۇ شېئىرىيەت ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىيىتى بولغانلىقى تۈپەي-
لىدىن ھەر بىر ئۇيغۇر ئەدىب ۋە ئوقۇرمەننىڭ بۇ ھەقتە پى-
كىر بايان قىلىش ھوقۇقى بار دەپ قاراپ ئىككى كەلىمە گەپ
قىلاي؛ مەن ھازىرنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق
يېڭىلىنىشقا تولغاق يەۋاتقان پەيتى، دەپ چۈشىنىمەن. ئۆت-
كەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىر قى-
سىم ياش شائىرلار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت
ھەرىكىتى دەبدەبە - ئەسئەسە بىلەن تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ
قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئومۇملاشتى
ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق يۆنىلىشىنى
ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ ئىپادىلەشتىكى غۇۋا
ۋە تۇتۇق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شېئىرىيەت ئوب-
زورچىلىرى ۋە شېئىرىيەت ئەھلى تەرىپىدىن «گۇڭگا شې-
ئىر» دەپ ئاتالدى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى شېئىرد-
يەت بىلەنلا چەكلەنمەي پىروزا ھەمدە سەنئەتنىڭ باشقا سا-
ھەلىرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
يېڭى باھارىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى
ۋە ئاۋامنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدە مۇئەييەن ئۆزگىرىش-
لەرنى پەيدا قىلدى. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرد-
يەتكە قارىغاندا پەرقلىنىدىغان ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى-
شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ سىرتقى ھالىتىنىلا تەسۋىرلەشتىن
ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەشتە، سۆزنى بىر ياكى بىر
نەچچە مەنىنىلا ئىپادىلەش بەخشەندىلىكىدىن ئازاد قىلىپ،
چەكسىز مەنە مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىشتا ۋە مەنىنى چەك-
لىمىسىز ئىپادىلەشكە ماس ھالدا شەكىلنىڭ ئەركىن بولۇشىدا
ئىپادىلەندى. يېڭى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى شېئىرىيەت ئوب-
زورچىلىقى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغاچقا ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېزلا يېڭى قان بولۇپ قوشۇلدى
ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئىجا-
دىيەت قوشۇنىنى ياراتتى. يېڭى شېئىرلار شەكىل جەھەتتە
ئۇيغۇر شېئىرىينىڭ نەچچە يۈز يىللىق شېئىرىيەت ئەنئەنى-
سىگە يات ھالەتتە، غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ ئىپادى-
لەش ئۇسلۇبىدا يېزىلغانلىق سەۋەبىدىن ئوقۇرمەنلەرگە تا-
سادىپىي تۇيۇلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتىنىڭ سىرلىق سېھرىي كۈچى ۋە مەپتۇنكارلىقى ئاساسىي
ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىنغاچقا ئوقۇرمەنلەر ۋە شېئىر ھە-
ۋەسكارلىرىغا ئانچە يات تۇيۇلمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەريان-
دا بىر تۈركۈم «ساختا گۇڭگا شائىر»لارمۇ مەيدانغا كەل-
دى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شېئىر قانچە چۈشىنىكسىز ۋە غەل-
تە بولسا شۇنچە قالتىس بولۇپ، بۇ شېئىرنى رەت قىلغۇ-
چىلار بولسا ئۇلار تەرىپىدىن «يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالمايد-
غان مۇتەئەسسىپلەر» ھېسابلاندى. يېڭىدىن ئىجادىيەت سې-
پىگە قەدەم قويغان ھەۋەسكارلارنىڭ زور تۈركۈمدە ئۇلار-

نىڭ ئالا- جوقا سۈرەتلىرىگە مەپتۇن بولۇپ قارىغۇلارچە ئەگىشىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى مۇئەييەن دەرىجىدە بۇرمىلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىنى ياقىلايدىغان پىشقەدەم شائىرلار بىلەن يېڭى شېئىرىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان كەسكىن مۇنازىرە جېڭى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەنئەنىنى ياقىلايدىغان پىشقەدەم شائىرلار يېڭى شېئىرىيەتچىلەرنى «ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە ئەسىرلىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلىسە، يېڭى شېئىرىيەتچىلەر «ئەلشىر نەۋايىدىن ھازىرغىچە بولغان 500 يىلدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بولغان ئەمەس» دەپ ئەنئەنىچىلەرنى كەسكىن رەت قىلدى. شۇ چاغلاردا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەل رايى بويىچە «مەشھۇر ئۈچ شائىر»نى تاللاپ چىقتى. ئاتاقلىق خەلق شائىرى روزى سايىت «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «ھەسەتنامە» تېمىسىدا شېئىرىي چاقچاق ئېلان قىلىپ «ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى»گە مۇنداق چاقچاق قىلدى؛

«خەق سېنى كۆككە دېسە كۆككە دېدىم،
كۆككىنى سۈرتەر بىزنىڭ لوككا دېدىم...»

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يازىدىغان بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا كەلدى ۋە شېئىرىي تۇيغۇلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى قاتلاملىرىنى سەنئەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇئەييەن ئۇتۇق قازىنىپ، «ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ 3 - ئەۋلاد ۋەكىللىرى» دەپ ئاتالدى.

ئۆتمۈشنى سۆزلىشىم ھازىرنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر. شۇنداق، ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتى ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ھازىرغا ئۇلاشتى. سىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىرىزىسى دەپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان شېئىرلار ۋە نەشر قىلىنىۋاتقان شېئىر توپلاملىرىنى ۋە بۇ شېئىر ۋە توپلاملارنىڭ كىتابخانلارنىڭ ئاچقان يېرىگە بارالمايۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىڭىز ماڭا ئايان. دەرۋەقە شۇنداق، «3- ئەۋلاد شائىرلار»دىن كېيىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. تېما، مەزمۇن ۋە شەكىل تەكرارلىقى ئوقۇرمەنلەرگە ھەركۈنى بىرلا خىل تاماق يېگەندەك مەززىسىز تۇيغۇ بەردى. قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە تەكرار تەقلىدچىلىك نەتىجىسىدە «يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى»نىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى ۋە ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت بىلەن يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن كېيىنكى ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ خاسلىقى بارا- بارا سۇسلاپ، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئۆزىنى تەكرارلاشقا باشلىدى. يېزىقچىلىق، بولۇپمۇ شېئىر يېزىقچىلىقى ئۆزلۈكسىز دەرىجىدە ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدىبلەردە زور دەرىجىدە تەۋەككۈلچىلىك روھى بولۇشى كېرەك. ئىجادىيەتتىكى يېڭىلىق - ئىلگىرىكى ھەرقانداق نەتىجە ۋە شان‌شەرەپلەرنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە مەيدانغا كېلىدۇ... ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تىنىمسىز قىمىرلاۋاتقان بىر روھنى بايقىغاندەك قىلدىم، بۇ قىمىرلاش تور ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە روشەندۇر. مەسىلەن: ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئاننىڭ «ھېچنېمىزم» دەپ بەلگىلىشلىرى، شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگنىڭ سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ شېئىرىي جۈملە تۈزۈشلىرى دىققىتىمىزنى تارتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرىي ماھارەتلىرى بىر قەدەر «خام»، ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان قاراشلىرى «مۇجمەل» بولسىمۇ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىزنى ئويلاندۇردى. ئۇلار مەتبۇئاتلارغا يۈزلىنىپ ئاۋامنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلمىگەن «ئاتاقسىز شائىر»لار بولسىمۇ لېكىن نۆۋەتتىكى سۈكۈتلۈك كەيپىياتنى مەلۇم دەرىجىدە تەۋرەتتى. ئۇلار بۇ يولدا ئاخىرىغىچە ماڭالامدۇ- يوق؟ ئۇلار ئاخىرى تور ئەدەبىياتى كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ نەشر- ئەپكارچىلىققا يۈزلىنەلەمدۇ - يوق؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى ئۇلار ساپ شېئىرىيەتنى تەرغىپ قىلغۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرقانداق ئەقىدە، ئەخلاق، مىزان قاتارلىق ئەقەللىي ئىنسانلىق چەكلىمىلىرىنى كېرەك قىلمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چېقىلىشقا بولمايدىغان نازۇك تۇيغۇلىرىغا چېقىلدى. ئەلۋەتتە، ئەقىدە، ئەخلاقنى چوڭ بىلىدىغان خەلقىمىز ئۇلارنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز. مېنىڭچە ئۇلارمۇ بۇنى بىلىدۇ، ئۇلار بۇ يولدا غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، بەرىبىر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «بىھۇدە» ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق ھەۋەسكارلارنى زەرەتلەپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭى بىر جانلىنىش ئېلىپ كەلسە ئەجەب

ئەمەس. بۇ جانلىنىش نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد مۇنەۋ-
ۋەر شائىردىن بىرنەچچىسى مەيدانغا كېلەمدۇ تېخى؟!

مەن ئۆزۈمنى بۇرۇندىنلا ھېچقانداق ئىزنىمغا تەۋە ئە-
مەس دەپ قارايمەن ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئەركىن -
ئازادە ئىپادىلەشكە تىرىشىمەن. لېكىن ئۆزۈم چوڭ بىلگەن
شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر
تەرجىمە شېئىرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدا ئىجادىيىتىمگە
ئۇلاردىن ئازدۇر- كۆپتۇر ئوزۇق ئالمىدىم دېيەلمەيمەن.
دەرۋەقە، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى - تەسىر كۆرستىش،
زەرەتلەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۈگۈنكىلەرنىڭ ئىجاد-
يىتىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەسىرى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن
ساقلىنىدۇ. نەسرىي ئەسەرلەردىكى تەسىرلىك ئابزاسلار يا-
كى شېئىرلاردىكى گۈزەل مىسرالار ئېسىمىزدە ئۇزاققىچە
ساقلىنىدۇ ۋە ئىجادىيىتىمىز جەريانىدا تۇيغۇلىرىمىز بىلەن
ئارىلىشىپ ئۆزگىچە سىياقتا ئاشكارىلىنىدۇ. بىر يازغۇچى يا-
كى بىر شائىر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتالمايدۇ،
ئەكسىچە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنىڭ
ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت قىلىشى ۋە بىر- بىرىگە تەسىر كۆر-
ستىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز تەنقىد-
لەۋاتقان «ناباب» ئەسەرلەردىمۇ مەلۇم ئىلغارلىق تەرەپلەر
بار، ماختاپ كۆككە ئۆچۈرۈۋاتقان «نادىر» ئەسەرلەر بول-
سا ماختالغىنىدەك تاكامۇللۇققا يەتكەن بولۇشى ناتايىن.
ۋەھالەنكى، بىز تولىمۇ كەسكىن. دىتىمىزگە ياقمىسىلا قىلچە
سۈكۈت قىلماستىن ئۇ ئەسەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىمىز ۋە
نەپرىتىمىزنى جامائەت پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ بىچارە ئاپ-
تورنى چالما- كېسەك قىلىمىز، ئوقۇغان ئەسەر ئانچىكى ھا-
ياجانلاندۇرسا «ئۇششاق- چۈشەك» كەمچىلىكلىرىنى نەزى-
رىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىپ ئۇنى كۆككە كۆتۈرىمىز. كىشى-
لەر تەنقىدلەنگەن ئەسەردىكى ئۇتۇقلار ھەققىدە ئېغىز ئې-
چىشتىن قورقىدۇ، ئېغىز ئېچىپلا قالسا ئېنىقكى ئۇ جامائەتتىن
ئايرىلىپ، يېتىم قالىدۇ. ماختالغان ئەسەرلەردىكى كەمچىلىك-
لەر ھەققىدە ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن، بۇ چاغدا «مەش-
ھۇرلارغا چېقىلىپ نام چىقارماقچى بولغان» قالپاقنى كىيىۋا-
لىدۇ(مۇشۇ قۇرلاردا يالقۇن روزى ئېسىمدىن كەچتى).

تۇيۇقسىزلا شېئىرىيىتىمىزنى نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن
قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئىجادى يوللىرى ھەققىدىكى سوئالىڭىز ئې-
سىمدىن كەچتى. بۇ ھەقتە سۆزلەشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ
كىينىكى ئامانلىقىم ئۈچۈن ئىككى ئېغىز ئىزاھات تەرىقىسە-
دە گەپ قىلىشىم كېرەك. بىز كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئىجا-
دىيەت جەريانىدا باشقىلارنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا دۇچ كې-
لىمىز، ھۆرمەت قىلغانغا ئىززەت كۆرستىش بۇرچىمىز بار،
شۇ سەۋەبتىن بىز خۇشاللىق بىلەن ئۇ سوئاللارغا جاۋاب
بېرىمىز. جاۋاب بېرىش جەريانىدا سۆزىمىزنىڭ قايىل قىلىش
دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەبئىي ھالدا ھۆكۈم خارەك-
تىرلىك سۆز- ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنالايمىز، لېكىن
بىزنىڭ جاۋابلىرىمىزنىڭ ئاشۇ سوئاللارنىڭ بىردىنبىر جاۋا-
بى بولۇشى ناتايىن. ھازىر مەن بەرمەكچى بولغان جاۋابىمۇ
سىز سورىغان سوئاللارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى بولماسلىقى
مۇمكىن، بىراق كۆڭلۈمدىن كەچكەنلىرىنى سۆزلەش ئارقى-
لىق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي. كىتابخانلىرىمنىڭ ئىنكاسلىرىغا
قارىغاندا نۆۋەتتىكى شېئىر ئىجادىيىتىم چوڭقۇر كىرىزىسقا
پېتىپتۇ، بۇ شېئىرلىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىتىغا ياقمىغاند-
لىقى، شۇنداقلا مېنىڭ كەلمىگەن ئىلھامنى ساقلىماي جاھىللىق
بىلەن توختىماي شېئىر يازغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. كىرىزىس
مېنى ئويلاندۇردى، بىراق قۇتۇلۇش ھەققىدە ئويلانمىدىم.
نىمىشقا؟ چۈنكى قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر مەزگىل ياكى ئۇزاق-
قىچە شېئىر يازماسلىقىم كېرەك. ئۇزاق داۋاملاشقان شېئىر
يېزىش ئادەتلىرىمدىن زېرىكتىم، شېئىرلىرىمدىكى تەكرار
سۆزلەر، جۈملىلەر، رەڭلەر، پۇراقلار قەلبىمنىڭ كونا دۇنى-
يانىڭ ئاسارەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىل-
دۇردى. ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاۋۋال قەلبىمنى قۇ-
رۇقدىشىم كېرەك.... شائىر ئۈچۈن شېئىر يېزىشتىنمۇ مۇۋا-
پىقراق بولغان ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋاستىسى يوق. بۇ جەر-
يانىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمدىن كىتابخانلىرىم ئۆزى
تونۇيدىغان «غوجمۇھەممەد»نى تاپالمىدى ۋە «شېئىر بە-
لەن غوجمۇھەممەد» ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆلچەپ
چۈچۈپ كەتتى، نەقەدەر يىراق، نەقەدەر يىراق... بىلە-
شىمچە بۇ دەۋردە مەن بىلىدىغان بىر تۈركۈم ياش شا-
ئىرلار بۇ خىل كىرىزىسقا دۇچ كەلدى، بىراق ئۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئىلگىرى ئېرىشكەن شان - شۆھرەتلىرىنى
ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بىر مەزگىل سۈكۈت قىلىشنى لايىق
تاپتى. زور كۆپچىلىك كىشىلەر شېئىرىيەتنى كىرىزىستىن قۇتۇل-
دۇرۇشنىڭ يولى — ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى بىلىش، يەنى -
ئەسەر يازغاندا زور كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قى-
لىش- قىلالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك، دەپ قارىد-
شىدۇ. مېنىڭ قارىشىم ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنداق بولغاندا

كىتابخانىلارنى ئاسانلا زېرىكتۇرۇپ قويىمىز، ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەش رولىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ قالىمىز ياكى ئارقىدا قالىمىز، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر پاجىئە! ئۇ چاغدا دائىم باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز. ئۆزىمىزگە خاس بولغان تەنھا قەلبىمىز، قايغۇ- ھەسرەتلىرىمىز ۋە شاد تەنتەنىلىرىمىز ئاستا - ئاستا توزۇپ كېتىدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇدھىش تىراگېدىيە! پەقەت ئۆزىمىزگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەتلا باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا قىلچە ساختىلىق ۋە زورۇقۇش يوق. ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىم، يالغان شېئىرلار بىزنى ھالاك قىلىدۇ، مۇھەببەت - كىرىزىستىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ بىردىن- بىر - يولى.

مۇھەممەدسېلىم مۇھەممەدقاسىم: سىز شېئىرىيەتنىڭ كىشىلەردە ئادىمىلىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش رولىغا قانداق قارايسىز؟

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد: سەنئەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا شېئىرىيەتنىڭ ھېچقانداق بۇرچ ياكى مەجبۇرىيىتى يوق، لېكىن ئۇ يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىق ئاما بىلەن ئۇچرىشىشتەك تارقىلىش شەكلىگە ئاساسەن تەبىئىي ھالدا جەمئىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شېئىردىكى ئىدىيەنىڭ سىڭىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۆزگەرتىشى مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئاستا، لېكىن چوڭقۇر بولىدۇ. ھەقىقىي شېئىر دىداكتىكا ئەمەس، ئۇ بىۋاستە پەندى- نەسىھەت ئارقىلىق ياخشى- ياماندىن ئۆگۈت قىلمايدۇ، لېكىن كىشىلەرگە گۈزەل تۇيغۇلارنى بېغىشلاپ، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھاياتقا، ئىنسانغا ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. مۇھەببەتلىك قەلب- ئەزگۈلۈكنىڭ بۆشۈكىدۇر. شائىر - يۈرىكى ئەزگۈ مۇھەببەتكە تولغان ئادەمدۇر. شائىر - ئىزگۈلۈك ۋە مۇھەببەت تارقاتقۇچىدۇر. ئىنسانىي تاكامۇللۇقنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى تونۇش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى تونۇغان كىشى ئاستا - ئاستا ئىنسانىي تاكامۇللۇققا قاراپ يۈزلىنەلىگۈسىدۇر. ئىنسانىي تاكامۇللۇققا يېتىشنىڭ يوللىرى خىلمۇخىل ۋە مۇشكۈلاتلارغا تولغان بولۇپ، دىندار ئۆمۈرلۈك ئەمەل - ئىبادەتلىرى، جەڭچى جەڭگاھلاردىكى مىسلىسىز قەھرىمانلىقلىرى، ئالىم جاھانشۇمۇل كەشپىياتلىرى بىلەن بۇ پەللىگە يېتەلمەسلىكى مۇمكىنكى، دېھقان تۇپراققا بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى، ھۆنەرۋەن كەسپىگە بولغان چوڭقۇر ئىشتىياقى، ئانا پەرزەنتىگە بولغان كىرسىز كۆڭلى بىلەن يېتىشى مۇمكىن. ئادىمىلىك - سانسىزلىغان گۈزەل پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە يار قىلغان، گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى سەممىي ۋاپادارلىقتۇر. شەكسىزكى، ئۆزىگە ۋاپا قىلمىغان كىشى ھېچكىمگە ۋاپا قىلماس.

ئايانكى، بىر دەۋردە شېئىرىيەتنىڭ سۇسلاپ كېتىشى ياكى قويۇق شېئىرىي ھاۋانىڭ بولماسلىقى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ماددىيەتكە بولغان چوقۇنۇشىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ. قەلبتىكى نازۇك تۇيغۇلار ۋە گۈزەل ئەستىلىكلەر ماددىي مەنپەئەتنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. شېئىرىي تۇيغۇ بولمىغان قەلبتە ئەزگۈلۈككە ئورۇن يوق، بۇنداق قەلب ئىگىسى ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەتتىن تېخىمۇ يىراقتۇر. بۈگۈنكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان، ئادەملەر بىر- بىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان، ھەر بىر مۇناسىۋەت مەلۇم مەنپەئەت ئاساسىدا قۇرۇلۇۋاتقان دەۋردە شېئىر خۇددى تۇزدەك مۇھىمدۇر. ئىنسان ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغۇدەك بىر ئارمان، تايانغۇدەك بىر رەھنەما بولۇشى كېرەك، ۋەھالەنكى- بۇلار ئاشۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدىدۇر. ئۆزىگە ھاجەتمەن بولمىغان، ئىلتىجا قىلمىغان كىشى شەكسىزكى باشقىلارغا ھاجەتمەن بولىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ... مەن باشتىن ئاخىرى مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىمەن. مۇھەببەت- مۇھەببەتسىزلىك ئاپىرىدە قىلغان ئەينى قىيامەتتىكى نوھنىڭ كېمىسىدۇر.

مەن شېئىرلىرىم ئارقىلىق باشقىلارنى تەربىيەلەشنى، ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلمايمەن، مېنىڭ خەلقىمگە شېئىر يېزىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىممۇ يوق، مەن پەقەت مۇھەببەت سەۋەبىدىن شېئىر يازىمەن، ئوقۇرمەنلىرىمنىڭمۇ شېئىرلىرىمنى مۇھەببەت سەۋەبىدىن ئوقۇيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مېنىڭچە شېئىر سىياسىي ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ؛ دىنىي تەرغىبات ئەمەس، كىشىلەرنى مەلۇم بىر ئىدىيەگە باش ئۇرۇشقا چاقىرمايدۇ، شېئىر- بۈيۈكلۈك ئەمەس، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا؛ شېئىر بىزگە ناتونۇش ئەمەس، شۇڭا يۈرىكىمىز ئۇنىڭ تىۋىشلىرىنى تونۇيدۇ. مېنىڭچە شۇنداق، شېئىر ئەزگۈلۈكتۇر، شېئىر مۇھەببەتتۇر!

2011 - يىلى 15 - ئاپرېل. خوتەن

# ئەپلاتون نېمە ئۈچۈن «شائىرلارنى غايىۋى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەيدۇ؟



غەيرەتجان ئوسمان بىلكىيار

## 1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

سوقراتنىڭ بىر ئۆمۈر  بارلىقىنى بېغىشلىغىنى قانداقتۇر مېتافىزىكا، ئېتىكا ۋە ياكى ئېستىتىكا بولماستىن بەلكى چىن مەنىدىكى پەلسەپە. ئۇ ھەرگىز ئادەتتىكى مەنىدىكى ئىلىم - پەن بولماستىن، بەلكى مۇكەممەل ئېستېتىك ئەخلاق ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان بەختىيار تۇرمۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش بولدى. سوقراتتىن ئىلگىرىكى پەلسەپەنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مېتافىزىكا ۋە ھەرىكەت، شەيئىلەرنىڭ قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە بارىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. سوقرات تۇنجى بولۇپ، پەلسەپەنى جەننەتتىن ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىغا سۆرەپ كىرىپ، ئادىمىزاتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ياقىلىملىقتا ئىگە شەيىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە كېڭەيتىپ، ئىلىم - پەن، ھايات، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەت، بەخت - سائادەت، ياخشى - يامانلىق، ھەتتا شېئىرىيەت ۋە سەنئەت مەسىلىلىرىگىچە كېڭەيتتى.

سوقرات تارىختا كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان ھەرقايسى ساھەلەردىكى بارلىق ئىلىمدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر. ئۇ پۈتكۈل غەربنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئېغىر ۋەزىنلىك ئىلىمدار بولۇش سۈپىتىدە، شەرق - غەرب پەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا زادىلا ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى مۇ-

ھەم شەخس بولۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەن ـ
مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە ئالماشتۇرۇشىدىمۇ كەم بولسا بول-
مايدىغان كىلاسسىك دانىشمەن ئالىم. ئۇ، گەرچە ئۆز قولى بى-
لەن بىر پارچە ئەسەر يېزىپ قالدۇرمىغان بولسىمۇ، ئەپلاتون
قاتارلىق ئىخلاسمەن ۋە پەزىلەتلىك شاگىرتلىرىنىڭ ۋىجدانەن
ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئالەم، ئادەم، ئىلاھىيەت، ئادىمىيەت،
روھىيەت، شېئىرىيەت، سەنئەت قاتارلىق ئىلىملەرنىڭ ھەر-
قايسى ساھەلىرىدە بىباھا ھېكمەتلەر ـ ئەقىل دۇردانىلىرىنى
قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇ مۇناسىۋەتتە، ئۇ شېئىر ھەققىدىمۇ
نۇرغۇن ئىدراكى تەنقىت ۋە قىممەتلىك مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، مەشھۇر «شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپىنىڭ ماجىرا-
سى»نىڭ پىلتىسىگە تۇنجى بولۇپ ئوت ياققان ئالىم. بۇ ئە-
سەردە سوقرات ۋە ئەپلاتوننىڭ شېئىر ھەققىدىكى تەنقىدى
مۇھاكىملىرىنى ئاساسى لىنىيە قىلىپ، قەدىمدىن بۈگۈنگە،
غەربتىن شەرققە ـ ئۇيغۇرغا، بۈگۈندىن كەلگۈسىگە نەزەر
تاشلىنىپ، پەلسەپە ۋە شېئىرىيەت مەسىلىرى توغرىسىدا بىر
قەدەر ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

«شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ» قاي-
تا تىلغا ئېلىنىسلا، بۇ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەم ئۇ-
نىڭغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ دەل سوقرات
ۋە ئەپلاتون ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. «غايىۋى دۆلەت»نىڭ
10 ـ جىلتىدا ئەپلاتون، ئۆز قەلىمى ئارقىلىق سوقراتنىڭ
« ποίησιζ » (شېئىر) ھەققىدىكى تەنقىدىنى ئىنتايىن
مەركەزلىك ھەم كەسكىن كۆرستىپ ئۆتكەن. ھەتتا شائىرنى
غايىۋى دۆلەتتىن تەدرىجىي قوغلاپ چىقىرىشنى تەشەببۇس
قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپىنىڭ
ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشى» غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى
ھەممىگە ئايان تىلسىملىق دىلوغا ئايلىنىپ قالغان. پەلسەپەنىڭ
قوللىغۇچىلىرى بىر سەپ بولۇپ ئەپلاتوننى ھىمايە قىلسا، شې-
ئىرىيەتكە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار يەنە بىر ياقتا شائىرنى ئاق-
لىسا، يەنە بىر بۆلەكلەر ئوتتۇرا مەيداندا تۇرۇپ مۇرەسسە-
چىلىك قىلىپ، ئەپلاتوننىڭ شېئىرغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشى
يۈزەكى ھادىسە، ئەمەلىيەتتە ئەپلاتون ئۆزىمۇ بىر شائىر
دەپ، بۇ دەتالاشنى توختىتاماقچى بولۇشقان. ئۇنداقتا، بۇ
يەردىكى «شېئىر» ۋە «پەلسەپە» زادى نېمە؟ بۇ تىلسىملىق
مەسىلىدىن بىز قانداق ئىلھاملارغا ئېرىشەلەيمىز؟ بۇ ھەقتە ئە-
لىمىزدە بەس ـ مۇنازىرە ۋە دەتالاشلارمۇ ئاز ئەمەس. ئە-
سەرنىڭ مۇددىئاسىمۇ داۋاملىق دەتالاش قىلىش بولماستىن،
ئەكسىچە، بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا تېخىمۇ ئېنىق ھەم چوڭقۇر
قاتلاملىق چۈشەنچە ۋە ئىزاھلارنى بېرىپ، پەيلاسوپلارنىڭ
شېئىرغا كەڭ قورساقلىق بىلەن قارىشى، شائىرلارنىڭمۇ ئە-
لىم ـ پەن ۋە ئەقلىيلىككە قاراپ زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى
مۇراجىئەت قىلىندى.

## 2. قەدىمىي يۇنانىستانلىقلارنىڭ تىل كونتېكىستىدىكى «شېئىر» ۋە «پەلسەپە»

ئەپلاتوننىڭ شېئىرىيەتكە بولغان تەنقىدىنى چۈشىنىش
ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال بىز «شېئىر»دىن ئىبارەت بۇ
سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەدىمىي گرېك ـ
يۇنان تىلىدىكى كونتېكىسلىك(تىل مۇھىتىدىكى) مەنىسىنى
جەزمەن ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىز ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز-
غا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، قەدىمدىن ھازىر، ھەتتا كەلگۈسى-
گىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە ئېھتىمال نۇرغۇن ئوخشى-
مىغان قاراشلار بولۇشى مۇمكىن. «شاڭ يوسۇنلىرى دىۋا-
نى(يوسۇننامە)»دە بىرخىل قاراش بولۇپ: «شېئىر دېمەك
غايە، ناخشا دېمەك ئۇزۇن(سوزۇلغان) تىل، ئاۋاز رىتىمغا با-
قىدۇ، رىتىم، بىلەن ئاۋاز بىر گەۋدە»، بۇنىڭ مەنىسى شېئىر
ـ ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان تىل،
ناخشا بولسا تىلنى سوزۇپ دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇش، ئا-
ھاڭ ـ ئۇدار دېكلاماتسىيە قىلىنىۋاتقان تىلغا ماس كېلىشى،
ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى مۇزىكىنىڭ رىتىمى بىلەن ماس
كېلىشى كېرەك، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەردە بىز
«شېئىر»، «ناخشا» ۋە «مۇزىكا» يەنىلا بىر پۈتۈن گەۋدە
ئىكەنلىكىنى، «شېئىر» دېمەك، ناخشا(تېكىست) ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ھەمىشە مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ناخشا قىلىپ ئوقۇل-
غاندىلا ئاندىن مۇكەممەل ئىپادىسىنى تاپالايدىغانلىقىنى كۆرە-
لەيمىز. ئەكسىچە، تىلىمىزدا شېئىرغا «ئەدەبىياتنىڭ بىرتۈ-
رى(ژانىرى)» دەپ تەبىر بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەسلى
ئوبرازى ئۆزگەن بولىدۇ. بىز ھەمىشە «شېئىر»نى گرېكچە-
دىكى « ποίησι »گە ئۇدۇللاپ تەرجىمە قىلىمىز، بۇ
سۆز گرېكچىدىكى« ποιω » دېگەن پېئىلدىن كەلگەن
بولۇپ، ئۇ «ياساش، ئىشلەش، قىلىش» دېگەن مەنىدە قوللى-
نىلىدىغان بىر ئابىستىراكت ئىسىم. كەڭ دائىرىدىن «ياساش»،
«ئىجاد ـ ئىختىرا قىلىش»نى كۆرسەتسە؛ تار مەنىدىن (شېئىر
ـ قوشاق ئىجادىيىتى) دېگەننى كۆرستىدۇ. بەزىدە يەنە
«شېئىرى كارامەت»، «شېئىرى(ناخشا) ئىجادىيەت ئەسىرى»
دېگەننىمۇ كۆرستىدۇ. گرېك تىلى كونتېكىستىدىكى شېئىر
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ھېكايە»، «ناخشا»، «بەدىئىي ماھا-
رەت» قاتارلىقلارنىمۇ كۆرستىدۇ. بۇ مەزمۇندىن قارىغاندا،
شېئىر دېگەن ھېكايە، شۇڭا شائىر دېگەن «ھېكايە توقۇغۇ-
چى» بىلەن ئوخشاش ئادەم، دەپ قارىلىدۇ. بۇنى كۈنىمىزگە
تەققاسلىساق يازغۇچى ياكى «سىنارىست»(ھېكايىنى سەھنى-
لەشتۈرۈپ توقۇپ چىققۇچى) دېگەنلىك بولىدۇ. شەكىل جە-
ھەتتىن شېئىر دېگەن ناخشا بولۇپ، قاپىيە ياكى ئاھاڭدارلىققا
ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بىز ھەمىشە شېئىر دې-
گەن قاپىيەلىككە ئىگە بولغان تىلنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا ق-

لىپ(قوشاققا قېتىپ) ھېكايە ئوقۇش، دېكلاماتسىيە قىلىش، دېمەكتۇر دېيەلەيمىز. بىراق، شېئىرنىڭ قاپىيەلىكى، يەنىي ۋەزىن ۋە رىتىمچانلىقى ئۇنىڭ ھېكايىلىق تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇھىم ۋە ئاچقۇچلۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەپلاتون شېئىر ھەققىدە توختالغاندا ھەمىشە، شېئىرنىڭ ھېكايىلىق تەرىپىنىلا تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قاپىيەسى، ۋەزىن ھەم رىتىمى، ئاھاڭدارلىقى دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايتتى. ئارىستوتېلمۇ: «شائىر ئەمەلىيەتتە، قاپىيەلىك گەپ ياسايدىغان(شېئىرى نەسىر توقۇيدىغان)لاردۇر، ئۇلارنى ‹ھېكايە توقۇغۇچىلار› دېگەن تۈزۈك.» دېگەنىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «شېئىر» گىرېك تىلىدا «توقۇلما ئەدەبىيات»(ساختا ۋە قۇراشتۇرۇپ قۇرۇق ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئەدەبىيات، دېگەن مەنىدە) ياكى «خىيالەن(تەسەۋۋۇر) ئەدەبىيات» دېگەنگە تېخىمۇ يېقىنراق كېلىدۇ. گەرچە، «بەدىئىي ماھارەت»نىڭ مەنىسىدىن كەسكىن پەرقلەندۇرىدىغان سۆز كەڭرى بولسىمۇ ئەپلاتونمۇ بەزىدە «بەدىئىي ماھارەت» بىلەن «شېئىرى ماھارەت»نى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلگەن، گەرچە ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن كۆپ ۋە كەڭرى قوللىنىلىدىغان بولسىمۇ.

قەدىمىي گىرېكچىدا شائىر كۈنىمىزدىكى شائىر بىلەن ئوخشىمايتتى. شائىرلار ئەڭ دەسلەپكى «ئەدىب»لەردۇر. تارىخشۇناسلار ۋە پەيلاسوپلار مۇشۇ ئىككى ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغانلاردۇر. ئەڭ دەسلەپكى شائىر، ھەتتاكى «ئەدىب»مۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ساۋاتسىز ئىدى. «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك داستانلارنىڭ ئاپتورى ھومېر ساۋاتسىز بولۇپ، ئۇنىڭ خەت يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئېنىق؛ ئەكسىچە خەت يېزىشنى بىلمىسىمۇ كارايەتى چاغلىق، ئاساسلىقى داستاننى ھۆكمەت ئوقۇغاندەك تەسىرلىك قىلىپ ئېيتالىسىلا بولاتتى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھومېر يالغۇز كىشىلىك قوشاقچى ــ سەنئەتكار بولۇپ، ھەمىشە داستانىنى يالغۇز ئۆزىلا ئورۇنلايدىكەنتۇق. ھومېرنىڭ ئەسىرلىرىدىمۇ شائىرلارنى« τηιοπ » دەپ ئاتىماستىن ئەكسىچە، « οδιο » (مەدداھ، ۋائىز، قوشاقچى) دەپ ئاتىغانىكەن. «ئېغىز ئەدەبىياتى» (ئاغزاكى تارقىتىش، راۋىي) ئىپتىدائى مەدەنىيەتلەرنى تارقىتىشنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ، يېزىق كېيىنكى كۈنلەردە پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغانكەن؛ يېزىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئارا ئېغىزاكى يەتكۈزۈلۈۋاتقان داستان(بېيىت ــ قوشاق، ھۆكمەت)لەرنى يېزىق ئارقىلىق خاتىرلەيدىغان بولۇشقان. ھومېرنىڭكىدەك تارىخىي داستان ۋە باشقا ئەسەرلەر يېزىق ئارقىلىق خاتىرلىنىشكە باشلىغان. شۇندىن بېرى شائىرلار ۋائىز(قوشاقچى، غەزەلخان ،مەدداھ، راۋىي) دەپ ئاتىلىشتىن يازغۇچى، شائىر دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىكەن. ھومېرغا (جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارقىتىش تارىخىدىكى شاھ مەشرەپكە) ئوخشىغان تارىخىي داستانلارنى دېكلىماتسىيە قىلىدىغان ياكى راۋاب بىلەن قوشاققا قېتىپ ئوقۇيدىغان (مەدداھ، ۋائىز داستانلارنى بىر ئاڭلىماققا ھۆكمەت ئوقۇغاندەك، شېئىر ئوقۇغاندەك، يەنە بىر ئاڭلىماققا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك، ناخشا ئوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان)لارنى «قوشاقچى«ھاپىز، مەدداھ» ياكى «جاھانكەزدى قوشاقچى» دەپ ئاتىغانىكەن. ئەپلاتون «جاھانكەزدى»دە ئۇنى تەنقىدلەپ، ئۇ خۇددى ھېزىئود دېگەنىكەن.

شائىرلار قەدىمكى زامانلاردا ھەقىقەتەن بىر مەھەل ئىنتايىن يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولغانكەن. «شائىرلار، ھەقىقەتەنمۇ بىر مەزگىل ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر؛ ئۇلار جاھان كېزىپ داستان ئوقۇپ، ۋائىزلىق قىلىپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر بولۇپلا قالماستىن، ئەكسىچە ئەۋلىيا ــ ئەنبىيا ۋە دانىشمەنلەر، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەزگىللىرىدىكى مەسلىھەتچىلەر دەپ قارالغان. ھەتتا شائىر، سىنارىستلار، ھومېر ۋە ھېزىئود قاتارلىقلاردىن ئىلھام ئىزدەپ ئۆتكەنىكەن.» قەدىمى ئافىنادا، كىشىلەر ئادەم ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قانۇنداتۇر پەيلاسوپلار، ئالىملار ياكى مەنسەپتىكى دىندارلاردىن تەلىم ئالماستىن، ئەكسىچە ئاشۇنداق شائىر، قوشاقچى(سىنارىست)لاردىن تەلىم ـ ساۋاق، ھەتتاكى ھومېر ۋە ھېزىئود قاتارلىقلاردىن ئىلھام ئالاتتىكەنىدۇق. شائىر دىن ۋە ئېتىكا ئۆگۈتلىرى جەھەتلەردە خېلى زور رول ئوينايدۇ، دەپ قارالغانىكەن. ئۇلار مەلۇم مەنىدىن «ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى دانىشمەن ــ ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئەۋلىيا» ۋە ئوگۈت بەرگۈچىلەر(ۋەز ــ نەسىھەت، بېيىت ئارقىلىق ئاۋامنى تەربىيەلىگۈچىلەر) دەپ تەرىپلەنگەن. چۈنكى، شائىرلار دائىم تىلى ئارقىلىق تەبىئەت، ئىنسانىيەت، جەمئىيەت ۋە روھىيەت مەسىلىلىرىنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىندوكسىيەلەشنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ۋەزىپىسى قىلىشۇالغانلار بولماستىن، ئەكسىچە يەنە ئۇلار ھەمىشە نۇرغۇن ئىلاھىيەتلىك ــ ساماۋىي ھېكايەتلەر ۋە قەھرىمانلار ئېپوسى قاتارلىق داستانلارنى يازغان، قوشاق توقۇغان ۋە ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا، ھامان كىشىلەر (جۈملىدىن ئاڭلىغۇچىلار) نىڭ مەلۇم دۇنيا قاراش، كىشىلىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى تاۋلاش، مەنىۋىيىتىنى ساپلاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا، شېئىر ئاساسلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتى ھېسابلىنىپ، ئاۋامنىڭ نەزىرىدە ئەقلىنىڭ ئاساسلىق كارتىنىسى ۋە ئىپادىلەش شەكلى دەپ قارىلاتتى. شېئىر قوشاقنىڭ ئېمىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، كائىنات، ئادىمىيەت، جەمئىيەت، ئىلاھىيەت، روھىيەت ھەتتاكى جىسمانىيەت (جىنسىيەت)، ئۆرپ ــ ئادەت، ئەخلاق ــ پەزىلەت ۋە سىياسەتلەرگىچە بولغان بارلىق شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىكتىي توغرىسىدىكى ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دېمەك، شېئىر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئال-

دۇ، دېيىش تامامەن مۇمكىن، ھېلىھەم شۇنداق. ساددا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شائىر ئېنسىكلوپېدىيەلىك «چوڭ ئۇستاز»، چۈنكى شائىر ھەممىنى بىلىدىغان، بارلىق ماھارەتلەرنى ھازىرلىغان، بارلىق ياخشى -يامان، گۈزەللىك ھەم رەزىللىككە ئالاقىدار بارلىق ئىش - ھەرىكەت ۋە ئادەمنى، ھەتتا ئىلاھنىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغانلاردۇر، دەپ قارىلاتتى. شېئىرىيەت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ھومېرنىڭ تارىخى داستانلىرى، گرېك ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش «ماتېرىيالى» ھېسابلىناتتى. ئەكسىچە، ئادەتتە بەلگىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكى گرېكلار ھومېر، ھېزئود قاتارلىقلارنىڭ تارىخى داستانلىرىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىشەتتى، كىشىلەر زاكۇنچىلىق ۋە ياكى ۋەز - نەسىھەت ئېلىپ بارغانلىرىدا ھەمىشە دېگۈدەك ئۇلارنىڭ «كىلاسسىكلىرى»دىن نەقىل قىلىپ سۆزلەيتتى، بۇ خۇددى كېيىنكى كۈنلەردە «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ساماۋىي كىتابلاردىكى ئىلاھىي پەرمان، ساماۋىي بۇيرۇقلاردەك مۇھىم ئورۇن تۇتقاندى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بۇ كىلاسسىك داستان ۋە شېئىر قوشاقلارنىڭ تارقىلىشى كەڭرى، تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، بۇنىڭدىكى بىر قىسىم ئەخلاق - ئېتىكا قاراشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئېقىم ئىدېئولوگىيەسىگە ۋە گرېكلارنىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، شائىرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى تاۋلاپ، پەزىلەت يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. لېكىن، شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ھامان خام - خىيال ۋە توقۇلما بىلەن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنى ھەقىقىي تارىخ ۋە رېئال ئىلىم - پەن بىلىمى دەپ قاراشقا ھەم شۇ قاتاردا مۇئامىلە قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ. ئەكسىچە، شېئىر - قوشاقلاردا يەتكۈزۈلگەن ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار بەزىدە بىر قەدەر قوش قىرلىق(ئىككى بىسلىق) بولۇپ، ھەر كىم ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈۋالسا بولىدىغان نەرسە. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىبىر لاياقەتسىز شائىرلار ئېھتىمال ئەقىدە - ئەخلاق مىزانلىرىدىن چەتنىگەن پەسكەش - ناچار بېيىت - قوشاقلارنىمۇ يېزىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەۋايى ۋە نىمشېھىتتىن باشقا شائىرلارنىڭ شېئىر - قوشاقلىرىدا «ئىلىمسىزنىڭ دىلى ئەما، ئىلىمسىز ئۇستىخان يەڭلىغ... ئىلىم دەرياسىغا شۇڭغۇپ ئۇنىڭدىن قازغۇلۇق گەۋھەر... جاھان رەنالىرى ئىچرە ئىلىمدىن ئۆزگە گۈزەل يار يوق، بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولار ئۇ گاھىدا بار - يوق...» دېگەندەك «ئىلىم - پەن»گە يېتەكلەيدىغان مىسرالارنىڭ كەم بولۇشى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تەبىئىي پەن ئېڭىنىڭ سۇس بولۇشى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، دېيىشكە ئاساسىمىز يېتەرلىك.

## 3. شېئىر ۋە مەرىپەت

ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي مەرىپەتچىلىك ياكى ئالىي دەرىجىلىك مەرىپەتچىلىك پەقەت تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، تەسىرلەندۈرەلەيدىغان پەلسەۋى تەربىيە ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ،

## 4. شېئىر ۋە ھەقىقەت

ئەپلاتوننىڭ شېئىرغا بولغان تەنقىدى دەل «مەرىپەتچىلىك» نەزىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان، ئەكسىچە ھەقىقىي مەرىپەتچىلىكنىڭ ئۆزى زادى نېمە، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، مەرىپەتچىلىك دېگەن «ياخشىلىق»، «ئادالەت» توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئېرىشىشنى «گۈزەل ئەخلاق»نىڭ ھەقىقەت ياكى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆزىتىپ ئېنىق كۆرۈپ يېتىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. رېئاللىقنىڭ قارشى تەرىپى بولسا خام خىيالنى پەردىلىۋالغان ساختىپەزلىك بولۇپ، ئەپلاتوننىڭ «سۇبيېكتىپ قارىشى» پەقەت پەلسەپىلا «ھەققانىيەت» ۋە «گۈزەل ئەخلاق»نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. شېئىرلاردىكى ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىك ئۇنىڭ «ساختا كۆرۈنۈشى» ياكى «ئوبرازى» بولۇپ، ھەمىشە ساختا ۋە تۇترۇقسىز ھالەتتە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. چۈنكى، شائىرلاردىكى ھەققانىيەت ۋە گۈزەللىك گاھىدا ئۇنداق كۆرۈنسە گاھىدا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ - دە، ھەقىقەتنىڭ «بىر»لىكى «ئەسلى ماھىيىتى» ياكى «ئەسلى ئىدىيەسى»نى مەڭگۈ ئىگەللەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىراق، ئاخىرقى «ھەقىقەت» ھامان بىر ھەم مۇقەددەس بولىدۇ، ئۇ ئىگىلمەيدۇ، سۇنمايدۇ، ئىگىلسە، سۇنسا ھەقىقەت بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، شېئىر تەمىنلىگەن نەرسىلەر بىلىمنىڭ ئۆزى بولماستىن، پەقەت شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ پىكىرلىرى ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان قىياس - تەسەۋۋۇرىدىنلا ئىبارەت. ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت»نىڭ 5 - جىلتىدا كۆرسىتىلگىنى بويىچە بولغاندا «بىلىم» ۋە سۇبيېكتىپ «پىكىر»لەرنى پەرقلەندۈرگەندە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەقلىيلىق ۋە بىلىمگە ھېرىسمەن ئىلىمدارلار بىلەن ھېسسىيات ئىپادىلەشكە ۋە ئوبراز يارىتىشقا ھېرىسمەن قەلەمدار(شائىر)لار ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان ھەم پەرقلەندۈرۈلگەن. يەنى، «ئىدىيە ۋە ئەقلپەرەس، پاراسەتكە ھېرىسمەنلەر» بىلەن «ھېسسىياتپەرەس، شېئىرىيەت ۋە ئوبرازپەرەسلەر»نىڭ ماھىيىتى ۋە ئورنى ئېنىق ئايرىلغان. شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى(مەستانىلىرى)نى «ئەقىل - پاراسەتپەرەسلەر»دىن پەرقلەندۈرۈپ «سۇبيېكتىپ پىكىرپەرەسلەر»(خام خىيالپەرەسلەر) دەپ ئىپادىلىگەن. «غايىۋى دۆلەت»نىڭ7 - جىلتىدا ئەپلاتون ئەقىل - پاراسەتپەرەس(ئەقىل سۆيەر، ئەقلىيلىككە ھېرىسمەنلەر)نى تەربىيەلەش دەرسلىكىدە ئالدى بىلەن ماتې-

ماتىكا ۋە ئارفمېتكا، ئاندىن گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە
ئاكۇستىكا(ئاۋاز ئىلمى) ئىلىملىرى، ئاخىرىدا دېئالېكتىكا قا-
تارلىقلار تىلغا ئېلىنىپ، شېئىرغا ئورۇن بېرىلمىگەن. چۈنكى،
شېئىر دېگەن پەقەت «سۇبيېكتىپ چۈشەنچە»دىنلا ئىبارەت
بولۇپ، ئۇ(شېئىر)نىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى «تۆرىلىش(پەيدا
بولۇش) ۋە ئۆلۈش - يوقۇلۇش» بولۇپ، ھەرگىزمۇ «ماھ-
يەت» ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، «شائىر پەقەت
ھەققانىيەتنىڭ قەتئىي ۋە كەسكىن مەنىدىكى تەلەپچان چاك-
رىدىنلا ئىبارەت.»

بىز يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، پەلسەپە
نەزەرىدە شېئىر ھەققىدىكى تەنقىد ئادەتتىكى ئاقارتىش ۋە
مەرىپەتچىلىك نەزەرىدىن ھالقىپ بىلىم ۋە ھەقىقەت نەزەرىدە
تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان چىن مەنىدىكى ئىلمىي ۋە ئىدراكى
تەنقىدتىن ئىبارەت، خالاس. سوقرات ناۋادا، شېئىرنىڭ ھەق-
قەت ۋە مەرىپەت نەزىرىدە بەل «غايىۋى دۆلەت»نىڭ 10 -
جىلتىدا «شېئىرىيەت ۋە ئۇنىڭ زېيىنى توغرىسىدىكى ئا-
گاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن
چىرىتىش رولىغا ئىگە» ئۇ يەنە «تەقلىدچى‹سوقرات بۇ يەردە
تىلغا ئالغان تەقلىدچى ئېنىقكى، شائىرنى كۆزدە تۇتقان› ئۆ-
زىنىڭ تەقلىد ئوبيېكتى توغرىسىدا ھېچقانداق بىلىمگە ئىگە
ئەمەس. تەقلىد قىلىش بىر خىل ئويۇندۇركى، ئۇنى راست
دېگىلى بولمايدۇ.» دېگەن. «شائىرلار تەقلىد قىلىپ ياراتقان
نەرسە ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان پۇقرالارغا گۈزەل كۆرۈنىدۇ.
تەقلىدچى ئۆزىنىڭ تەقلىد ئوبيېكتى توغرىسىدا ھېچقانداق بى-
لىمگە ئىگە ئەمەس.» گلاۋكون سوقراتنىڭ بۇ يەكۈن خاراك-
تېرلىك پىكرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «تەقلىدنى ھەقىقەتتىن
ئۈچ دەرىجە(قەۋەت) يىراق(تۆۋەن)دېسەك بولىدۇ.» دەپ
كۆرسەتكەن ھەم سوقراتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىش-
كەن.گىلىك ئاكتىۋال رولى ۋە ئەھمىيىتى بار دېيىلسە، چو-
قۇمكى، ئۇ ئاھاڭدارلىق، قاپىيە، رىتىم ھەم توقۇلما(ھېكايە)
ئارقىلىق، ئەقلىي جەھەتتىن تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان
كىشىلەر(ياشلار)نى يۈزەكى تەربىيەلەپ ۋە تاۋلاپ، خاراكتېر
يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ سىلىق - سىپايە، ئەدەپلىك ۋە قائى-
دە - يوسۇنلۇق بولۇشى جەھەتلەردىكى تەربىيەلىنىش -تاۋلى-
نىشىغا بەلگىلىك ياردىمى بارلىقىمۇ ھەم پاكىت. ھەقىقەت نەزى-
رى بىلەن قارايدىغان بولساق، ئەپلاتوننىڭ شېئىر ھەققىدىكى
تەنقىدى پاكىت ئارقىلىق دەلىللەنگەن. سوقرات يەنە، تېخىمۇ
ئوبرازلىق قىلىپ «ناھايىتى روشەنكى، تەقلىدچىلىكنى ھۈنەر
ۋە كەسىپ قىلىدىغان شائىرلار ماھىيەتتە روھنىڭ ياخشى تە-
رىپىگە تەقلىد قىلالمايدۇ. شائىرنى رەسساملار بىلەن ئوخشاش
ئورۇنغا قويساق ناھايىتى ئادىل بولغان بولىمىز. رەسساملار-
غا ئوخشاش شائىرلار ئىجادىيىتىنىڭ ھەقىقىتى تۆۋەن بولۇپ،
ئۇلار روھنىڭ چاكىنا تەرەپلىرى بىلەن باغلىنىشلىق ھەم غەيرى

ئەقلىيلىك ۋە ھېسسىياتپەرەسلىككە ئىلھام بېرىپ، ئەقلىي-
لىك، گۈزەللىك ۋە ھەقىقەتنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.
شۇ سەۋەبلىك شائىرلارنى «غايىۋى دۆلەت»تىن ھەي-
دەپ(قوغلاپ) چىقىرىشقا ھەقلىقمىز»، «تەقلىد قىلىش نا-
چارلار بىلەن ناچارلارنىڭ قوشۇلىشى، ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان با-
لىمۇ پەقەت بىر ناچار تۆرەلمىدىن ئىبارەت.» دەپ كۆرست-
دۇ. شېئىر ھەقىقەت ۋە ئەقلىيلىكتىن يىراق بولۇپ، «شېئىر
ئەڭ دۇرۇس ئادەملەرنىمۇ چىرىتەلەيدۇ. بۇ جەھەتتە، ئۇ نا-
ھايىتى قورقۇنچلۇق»، چۈنكى «بىرىنچىدىن سەنئەت - تە-
سىرات سۈپىتىدىكى غەيرى ئەقلىي نەرسىلەرنىڭ ئىنكاسى بو-
لۇپ، ئۇ ھەرگىز بىلىم ۋە ئەقلىيلىكنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، ئۇ
كىشىلەرنى مۇتلەق چىنلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن،
سەنئەت ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ھېسسىيات بۆلىكىنى غىدىقلاپ
ۋە قوزغاپ، روھى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدۇ. ۋەھالەنكى، روھى
مۇۋازىنەت ئادالەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.» سوقراتنىڭ قا-
رىشىچە: «ھومېردىن باشلانغان بارلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى
سېپى ئۆزىدىن تەقلىدچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت
تەسىراتنىلا قوبۇل قىلىپ ماھىيەتنى تۇتالمايدۇ. خۇددى
رەسسام مۇزدوزنىڭ ھۈنىرىنى بىلمىسىمۇ ئاياغ سىزالايدۇ،
كۆرگۈچىلەر بولسا بۇ ھۈنەرنى چۈشەنمەيدۇ، پەقەت سىزغان
رەڭ ۋە شەكىلگە قاراپ ھۆكۈم قىلىپ، راست ئوخشايدۇ، دەپ
قالىدۇ. شائىرمۇ پەقەت تەقلىد قىلىشنىلا بىلىدۇ، يېزىقلارغىلا
مۇراجەت قىلىپ، ھەرخىل ھۈنەرلەرنىڭ «جۇلاسىنى چىقى-
رالايدۇ»، لېكىن ئۇنىڭ زۇۋالانغۇچىلىرى بولسا يېزىقىلا ئا-
ساسلىنىپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ئەسلى ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ھە-
قىقەت ھەم بىلىملەرنى ئەسلاچۈشەنمىسىمۇ، شائىرنىڭ تەسۋىر-
لىگىنى پەقەت يېزىقتىكى قاپىيە، رىتىم ۋە ئاھاڭ بولغاچقىلا
راست ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ. شېئىردىكى بۇخىل تەركىبلەر
ئەسلىدىنلا ناھايىتى زور سېھرى كۈچكە ئىگە.»، «بىز ھېسس-
ياتچانلىققا چاپان ياپىدىغان تەقلىدچىلىكنى كەسىپ قىلغان شا-
ئىر»غا دەيمىزكى، بىر ئادەم نام - ئاتاق، پۇل - ۋەج ۋە
باشقا ئىمتىيازلارنىڭ ئىزىقتۇرۇشىغا، ھەتتا شېئىرنىڭ دامىغا
چۈشۈپ، ھەققانىيەت، چىن مەنىدىكى بىلىم ۋە باشقا ئەخلاقى
ئەمەللەرگە سەل قارىماسلىقى كېرەك. شېئىريي تەقلىدنىڭ ئوب-
يېكتى ھەرىكەتتىكى رېئال ئادەم. ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن
تىلسىملىق، مۇرەككەپ بولغان تەبىئىي جانلىق مەۋجۇدىيەت.
شۇڭا ئۇنى ئاددىي ھالدىكى تاشقى تەسۋىر ۋە ھېسسىي تەس-
ۋىر بىلەنلا مۇكەممەل ئىپادىگىلى بولمايدىغىنى مۇنازىرىسىز
ئىلمىي ھەقىقەت.

ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ھېسسىياتپەرەسلىكتىن خالىي
بولۇشقا، ھېسسىياتلىرىنى باشقۇرۇپ ياشاشقا ئۇرۇنىسىمۇ، شېئىر
ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قايتىدىن پەرۋىش قىلىپ تەربىيەلەپ،
ھېسياتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ۋە «تىرىلدۈرۈپ»، ھېسسىياتىنى

ئادەمگە ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ، بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، دېگەننى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. ناۋادا، بالىلار ئەقلىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلمىگەنلىكتىن شائىرلار ياراتقان ــ نامايان قىلغان «ئوبراز» ۋە قەتئىي مەنىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر ھەم پەلسەپە ــ لوگىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن، ئەقىل بىلەن پاتلانمىغان، بىلىم بىلەن تويۇنمىغان خام «سۇبيېكتىپ پىكىر»لەرنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەقىل ـ ئىدراكتا پىشمىغان ــ يېتىلمىگەن كىشىلەر بۇنداق ئەقلىيلىك، ھەقىقەت ۋە پاراسەتتىن يىراق بولغان «ئوبراز» ياكى «پىكىر»لەر بىلەن ۋىدالىشىپ، «ئەقىل ـ پاراسەت» ۋە «ھەقىقەت»كە يېقىن بولغان «ئىدىيە» ياكى «بىلىم ـ پاراسەت»كە ئىنتىلىشى كېرەك. بۈگۈنمىزدە بۇ، يەرشارلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۆگىنىشچان، پاراسەتلىك، ئىختىراۋى ئەقلىي مىللەتلەردىن بولۇشنىڭ تۈپ تەلىپى خالاس. شۇنداق بولغاندا، شېئىرىيەتكە بولغان تەنقىد ئادەتتىكى تەربىيە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، يەنى مەرىپەتچىلىك ۋە ئاقارتىش دائىرىسىدىن بىلىم ـ پاراسەت ۋە ھەقىقەت سەۋىيەسىگە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ناۋادا شېئىرنىڭ ئاۋامنى تەربىيەلەپ ـ تەسىرلەندۈرۈش جەھەتتە مۇئەييەن ئەھمىيىتى بار دەپ قارالسا، ئۇ شېئىردىكى ئاھاڭدارلىق، رىتىم ھەم ۋەقەلىك ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتە تېخى يېتىلمىگەن(قورامىغا يەتمىگەن ياكى سىستېمىلىق تەلىم-تەربىيە كۆرمىگەن) كىشىلەرگە «ئادەت ــ خاراكتېر» يېتىلدۈرۈشتە تەسىرلەندۈرۈپ تەربىيەلەش ۋە تاۋلىنىشقا ئاز ـ تولا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشتا قائىدە ـ يوسۇنلۇق «سىلىق ـ سىپايە ۋە لايىقىدا ئىش قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ.» شۇنداق ئىكەن، ھەقىقەت نەزىرىدىكى شېئىر پۈتۈنلەي پاسسىپ دېمەكتۇر. ھەقىقەتنى چىقىش قىلغاندا، ئەپلاتون شېئىر ھەققىدە ئىككىلا ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بىرى، «تەلۋىلەرچە مەپتۇن قىلىپ ئازدۇرۇش نەزەرىيەسى»، يەنە بىرى، «تەقلىدچىلىك نەزەرىيەسى»دىن ئىبارەت. «تەلۋىلەرچە مەپتۇن قىلىپ ئازدۇرۇش نەزەرىيەسى» بولسا شائىرلارنىڭ تالانتى ياكى روھى ھالىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان؛ «تەقلىدچىلىك نەزەرىيەسى» بولسا شېئىرىيەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە مەزمۇنىغا قارىتا ئېيتىلغان. شائىرلارنىڭ روھى ھالىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە شائىرلار شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغاندا ھەقىقىي ئىدراكى ھالەتتە بولماستىن، گاھىدا قىسمەن دۇرۇستەك گەپلەرنى قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ ئۇ ئىلاھىي چاقىرىق ياكى ئىلھامنى چىقىش قىلغان. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى قىلۋاتقان گەپلەرنى ئىدراكى جەھەتتىن چۈشىنىش ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. ئۇ خۇددى ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى بىلەرمەن ھۆكۈما ياكى كاھىن(مۇتەۋەللى)لەرگە ئوخشاش. ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تېئولوگ(دىندار ئىلاھشۇناس)لىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلاھى ئىلھام ئەقلىيەتچىلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئەپلاتون بىلىم ۋە ماھارەت «ئەقىل-پاراسەت»(ئەقلىيلىك)كە تېخىمۇ يېقىنراق بولۇپ، ئەكسىچە غەيرى ئەقلىيلىك بولغان «تەلۋىلەرچە مەپتۇن قىلىپ ئازدۇرۇش»قا مەنسۇپ ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇ (ئەپلاتون) بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي قەدىمىي يۇنانلىقلارنىڭ ئەقلىيەتچىلىك پىكىر ئېقىمى مەيدانىدا تۇرغان. دېمىسىمۇ، ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ توقۇنۇشىشى سوقرات ۋە ئەپلاتون مۇھاكىمىلىرىدىكى دائىملىق مۇنازىرە تېمىسى ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئەقلىيلىك ۋە ئېتىقاد پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەسلى كېلىش مەنبەسى بولۇپ، بارلىق مەدەنىيەتلەر دەل شۇ ئەقلىيلىك بىلەن ئېتىقادنىڭ كېرىلىش كۈچى ئارىلىقىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققاندۇر.

ئەپلاتون تەلۋىلەرچە مەپتۇن بولۇشنى پۈتۈنلەي پاسسىپ بىر نەرسە دەپمۇ قارىمىغان. ئۇ شائىرلار شېئىر، ناخشا-قوشاق ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا ئاجايىپ بىرخىل ئەسەبىيلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل «ئەسەبىيلەرچە مەپتۇنلۇق ئىچىدە تەمكىن، پىنھان قەلب پادىشاھلىقىغا ئېرىشىپ، روھنى ئۇرغۇتۇش، لەرزان، لىرىك ناخشا ۋە باشقا ناخشا-قوشاق(شېئىرى)ماھارەتلىرىگە مەدەت بېرىدۇ. ئۆتمۈش ۋە تارىختىكىلەرنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش يوللىرى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. شائىرلار دەل مۇشۇ شېئىرى ماھارەتلىرى ۋە بەدىئىي ماھارەتلىرىگە تايىنىپلا مەشھۇر شائىر بولۇپلا قالماي، شېئىرىيەتكە بولغان بۇ خىل ئەسەبىيلەرچە مەپتۇنلۇق شائىرنى شائىرلىق مۇقامىغا يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەقلىنىڭ پىشىپ ـ يېتىلىشى ۋە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆمرىنىڭ ھېس ـ ھاياجانلىق شېئىر ـ قوشاقتىن باشقا ھېچبىر نەتىجىسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىشىدۇ؛ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەرقانداق ئاقىلنىڭ نەزىرىدىكى شېئىر ـ قوشاق(نەزمە)لەر، بولۇپمۇ شېئىر ـ قوشاققا زىيادە مەپتۇنلۇق تېخىمۇ خۇنۈك، دەپ قارىلىدۇ. «ئەپلاتون «شائىرلار باشقا تەقلىدچىلەر»نىڭ روھنى ئالتىنچى روھى(سەزگۈ)گە تەۋە بولۇپ، روھى ۋە قەلب سەزگۈسى1 ـ دەرىجىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان پەيلاسوپلارنىڭ روھىدىن تولىمۇ تۆۋەن ۋە يىراقتا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئەپلاتون «ئەسەبىيلەرچە مەپتۇنلۇق چۈشەنچىسى» ئارقىلىق شائىرلارنىڭ «غەيرىي ئەقلىيلىك» بەلگە ـ خاراكتېرىنى بىۋاستە ئېچىپ بېرىش بىلەن شېئىرنىڭ «غەيرىي ئەقلىيلىك» خاراكتېرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان دېسەك، ئۇنداقتا «تەقلىدچىلىك چۈشەنچىسى» ئارقىلىق شېئىرنىڭ «غەيرىي ئەقلىيلىك» خۇسۇسىيىتىنى بىۋاستە چۈشەندۈر-

مەكچى بولغان. ئەمەلىيەتتە، «ئەقىل» بىلەن «ھەقىقەت» ئىككىسى دەل پەلسەپە قەسرىنىڭ ئاساسى بەلگە ۋە چەك - چېگرىسى، خالاس.

«غايىۋى دۆلەت»نىڭ 3 - جىلتىدا «تەقلىد قىلىش» پەقەت تىياتىر - دىراممىلاردىن ئىبارەت بۇخىل ئالاھىدە شېئىرىيەت شەكلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، 10 - جىلتىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇنى شېئىرنىڭ ئادەتتىكى بەلگىسى دەپ قارىغان. «شېئىرى ماھارەت» بىرخىل «تەقلىد قىلىش ماھارىتى» دەپ قارالغان ئىكەن، «تېخنىكىلىق ماھارەت» نۇقتىسىدىن بۇ زادى قانداق ماھارەت ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «شېئىر ئىجادىيىتى» ياغاچچىلىق، كېسەل داۋالاش، قوشۇن تارتىپ جەڭ قىلىش ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ ئەلنى ئىدارە قىلىش ماھارىتى دېگەنلەرگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ. كېيىنكى پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس كەسپى ئاساسى بىلىم ۋە ماھارەتلەر ۋە بىلىملەرنى(يۈزەكى ھالدا بولسىمۇ) ئۆگىنىپ، ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملىگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى «شېئىر»نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان ھېچبىر تېمىسى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بىلمەيدىغىنى يوقتەك كۆرۈنىدۇ، ۋەھالەنكى، يەرشارىلىشىش ۋەزىيىتىدە شائىرلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ تار بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەن ساپاسىنىڭ زىيادە تۆۋەنلىكى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. بىراق شائىرلار ئۆز مەستانىلىرىگە «ھەممىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان»، «ھەممىگە تەڭ سۆز تاشلاپ»، «ھەممىنى بىلىپ»يۈرىدىغان، ھەتتاكى «ھەممىنى ياساپ — ئىجاد قىلالايدىغان»دەك بىلىنىدۇ. شائىرلار ھەممىنى «ياسىغۇچى (ئىجاد قىلغۇچى)»لىق «ئوردېنى»نى تاقىۋېلىپ يۈرگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە، ھېچنېمىنى «بىلمەيدۇ ۋە ياساپ-ئىجاد قىلالمايدىغان»بولۇپ، پەقەت ئالاھىدە شارائىتتىلا ۋە ئالاھىدە ئىلھامى كەلگەن چاغدىلا ئالاھىدە شەكىلدە ھەممىنى «قايتا نامايەندە قىلىپ - ئىپادىلەپ (تەقلىد قىلىپ)» بېرەلەيدۇ، خالاس. دېمەك، «شېئىرى ماھارەت» دېگەن پەقەت رەسسام رەسىم سىزغانغا ئوخشاش «قايتا نامايەندە قىلىش — تەقلىد قىلىش ماھارىتى»دىنلا ئىبارەت بولۇپ، رەسسام شەيئىنىڭ قىياپىتىنى مۇئەييەن ۋە ئۆزگىچە ئوبراز يارىتىش «شەكلى» ئارقىلىق تەقلىد قىلىپ - ئىپادىلەپ بەرسە، شائىر شەيئىنىڭ قىياپىتىنى مۇئەييەن «تىل ۋە ھېسسىيات» ۋاستىسى ئارقىلىق قايتا نامايان ياكى تەقلىد قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىدۇ، خالاس. بۇ خۇددى بىر كارىۋات سىزغانلىق بىر تال كارىۋات ياسىغانغا ئوخشاش بولمىغاندەكلا بىر ئىش، ئۇ پەقەت ھېسسىيات ۋە ئوبرازدىنلا ئىبارەت بولۇپ، شائىر ۋە رەسسام ھەرقانچە نەپىس ۋە كۆركەم بىر كارىۋات سىزالىسىمۇ(تەسۋىرلەپ بېرەلىسىمۇ)، ئادەتتىكى تۆت پۇتلۇق ئاددى كارىۋاتنى ياساشنى بىلمەيدۇ، دېگەنلىكتىن باشقا گەپ ئەمەس. بۇنى ھەم شائىرلىق ۋە رەسساملىقنىڭ غەيرى ئەقلىيلىك ۋە ھېسسىياتپەرەس، تەقلىدچىلىكنىڭ شەجەرىسى بولۇشتىن ئىبارەت كەسپ ئالاھىدىلىكى بەلگىلىگەن. بىراق، باشقا ھەرقانداق ئەقلىيلىك، ھەققانىيەت ۋە ھەقىقەت ئىزدەشنى ئەڭ زور گۈزەل ئەخلاق ۋە ئۆمۈرلۈك ئىزدىنىشى ھەم بەخت - سائادىتى دەپ بىلىدىغان تەنقىدچىلەرنىڭ سەردارى بولمىش پەيلاسوپلار ۋە باشقا ھەرقانداق ساھەنىڭ ئىلىمدارلىرى چوقۇم ئۆزى مەسئۇل بولماقچى بولغان ساھە ۋە كەسپىنىڭ ئالاقىدار زۆرۈر ئاساسىي بىلىملەر ۋە ماھارەتلەرنى چوقۇم پۇختا ئىگەللىشى لازىم. بۇ مەنىدىن پەيلاسوپ ۋە ئالىم - ئىلىمدار بىلەن ھەرقانداق بىر شائىرنى ھەرگىزمۇ باراۋەر ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئوخشاشلا گۈزەل ئەخلاق ۋە ھەقىقەت ھەققىدىكى ناخشا - قوشاقلارمۇ ھەرگىز گۈزەل ئەخلاق ۋە ھەقىقەتنى يارىتالماستىن، پەقەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ «ھېسسىي ئوبرازى»نىلا نامايەن قىلىدۇ. «قايتا ئىپادىلەش (نامايەندە قىلىش) — تەقلىد قىلىش «ئەمەلىيەتتە ھەقىقى مەنىدىكى «ياساش - ئىجاد قىلىش» بولماستىن ئەكسىچە، «تەقلىد قىلىش ماھارىتى»دىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھەقىقىي«ماھارەت» ئەمەس. شۇڭا، شائىر ھەرگىزمۇ «ئىجاد قىلغۇچى — ياسىغۇچى» دېگەن ئالىي ئاتاق ھەم شەرەپلىك نامغا نائىل بولۇشقا مۇناسىپ كەلمەيدۇ. «تەقلىدچى» دېگەن بۇ سۆز قەدىمىي گرېكچىدا ئاڭلىماققا «ساختىپەز»، «مەككاركاززاپ»، «ئارتىس» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەتتا ئۇ «سېھىرگەر» (ئالدامچى) دېگەن ئىبارىلەر بىلەن تەققاسلىنىدۇ. ئەپلاتوننىڭ شائىرنى بۇنچىۋالا كەمسىتىدۇرۇپ قاتتىق سۆكۈشى، قەدىمىي گرېكلارغا نىسبەتەن دۇرۇس. پۇقرالار ئالدى بىلەن ھەقىقى «ماھارەت»كە تايىنىدۇكى ھەرگىزمۇ باشقا ھىيلە - نەيرەڭ ياكى تەقلىدچىلىك دېگەندەك نامۇۋاپىق ئىشلارغا تايىنىپ، شەھىرىستاندا كۈن ئۆتكۈزمەيدۇ. شائىرلار ھېچنەرسە «ئىجاد قىلماي»، پەقەت «ئويۇن قويۇپ ساختا كۆرۈنۈش ياساپ، نومۇر ئورۇنلاپ» ئۆتىدىغان بولغاندىكىن، شەھەردا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە قىممىتى يوق. ئەگەردە شائىرلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقى قىلىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئەرمەك تېپىپ، باشقىلارغا خۇشاللىق بەخش ئېتىمىز دەيدىكەن بۇنىڭ ئەپلاتون ئۈچۈن ھېچقانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش» دېگىنىنىڭ ھېچبىر مەنىسى يوق، ئەكسىچە زىيانلىق، خالاس. «غايىۋى دۆلەت»نىڭ 2 - جىلتىدا «ساغلام شەھەر»گە پەقەت سەممىي دېھقانلار، ھەرخىل ھۈنەرۋەن ئۇستىكارلار، ئىلىمدار، مۈلۈكدار ۋە سودىگەرلەرلا كېرەك، ئەكسىچە پەقەت «قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان شەھەر»لەردىلا بۇنداق «تەقلىد-

چى»(ھەزىلكەش، ئارتىس، نەيرەڭۋاز)لار بولدۇ، بۇ دەل شائىر ۋە ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچى(ياردەمچى) لىرى (مەسلەن: ھەرخىل ناخشا ـ ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچى، شېئىر ـ نەزمە دېكلاماتسىيە قىلغۇچى، ھۆكمەت ئوقۇغۇچى، قىرائەت قىلىشىپ بەرگۈچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)لارمۇ شۇنداق.

«قايتا نامايان قىلىش ـ تەقلىد قىلىش» دېگەن زادى نېمە؟ ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىدىكى «ئىختىرا قىلىش ياساش، ئىجاد قىلىش» بىلەن قانداق ئوخشىماسلىقى بار؟ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەپلاتون تېخىمۇ چوڭقۇر مىتافىزىكىلىق چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ ئالدى بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۈچ خىل دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرگەن؛ ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي قاتلىمى بولسا «ئىدىيە» ياكى «مەڭگۈلۈك ماھارەت»، ئاندىن بىر قانچە ئالاھىدە ئىدىيەلىك كونكرېت شەيئى ۋە ئىشلارغا ئايرىلغان؛ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولسا «ئوبراز»دۇر، يەنى كونكرېت شەيئىلەرنى قايتا نامايان قىلىش دېمەكتۇر. مەسلەن، ئەينەكتە كۆرۈنگەن تەسۋىرى ئوبرازغا ئوخشاش. بۇ خىل تۆرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى «ھەقىقەت» ياكى«ھەقىقانىيلىق» ـ يەنى مەۋجۇتلۇق قاتلىمىغا نىسبەتەن مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، خالاس. ئىدىيە ئىختىرا قىلىدىغان ئىلاھ بىلەن كونكرېت سايمان ـــ ئەسۋابلارنى ياسىغان ھۈنەرۋەن ـ ئۇستىكارلار «يازغۇچى، ئىختىراچى، ئىجادكار، ئىجاد قىلغۇچى» دېيىشكە تېخىمۇ ماس ھەم مۇۋاپىق. ئەكسىچە، «شائىر ـ يازغۇچى» دېگەن «رەسىمچى ‹رەسسام›»گە ئوخشاش پەقەت ئوبراز يارىتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى «يازغۇچى(ياسىغۇچى)» دېمەي، «تەقلىدچى» دەپ ئاتاش ئەڭ مۇۋاپىق.

ناۋادا، تەقلىدچىلەر تەمىنلىگەن «ئوبراز» ياكى «فاكسىمىل كۆچۈرۈلمە ـ كۆپەيتىلگەن ياكى تەقلىد قىلىنغان نۇسخا»نى تېخىمۇ ياخشى «قايتا نامايان قىلىپ، ئەسلىگە قايتۇرۇش» ئۈچۈن ئەسلى تەقلىد قىلىنغۇچى بىلەن توقۇنۇشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەپلاتوننىڭ شېئىردىكى «غەيرىي ئەقلىيلىق» ھەققىدىكى قارىشى تېخىمۇ ھېسسىداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ. ئەھۋال مۇنداق: ئەخلاق «ئەقىدىسى»نى ھەقىقى چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن شائىرلار چوقۇم «دېئالېكتىكا»، «ئىلىم ـ پەن» ۋە «پەلسەپە» ئۆگىنىپ، «ئەخلاقىي پەيلاسوپلار»دىن بولۇشى كېرەك (بۇ خۇددى ئادەتتىكى بىر ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ چوقۇم تىرىشىپ، ئۆزى مەشغۇل بولۇۋاتقان كەسىپنىڭ ئالاقىدار كەسپىي نەزەرىيەۋى بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ كامىل ھۈنەرۋەن، ماھىر ئۇستىكار ياكى لاياقەتلىك بىر ئىنژېنېرغا ئايلانغاندەكلا ئىش). بۇ ئەمەلىيەتتە، ئەپلاتوننىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ كامىللىق يولىدىكى ئوربېتىسى بىلەن ئوخشاش.

# 5. بۇلار شېئىرنىڭ غەلبىسىمۇ ياكى پەلسەپەنىڭ ئۇتۇقىمۇ؟

بىز شۇ تاپتا، مۇنداق بىر تەسىراتقا ئېرىشەلەيمىزكى، گەرچە ئەپلاتون شېئىر مەلۇم مەنىدىن كىشىنى تەربىيەلەش رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرغا بولغان ئاساسىي پوزىتسىيەسى يەنىلا پاسسىپ. شېئىر غەيرى ئەقلىيلىك بولغان «ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولۇش»نىڭ مەھسۇلى؛ شېئىر ـ شەيئىلەر تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرا بولمىغان قايتا نامايان قىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھەققانىيەت ۋە ئەخلاقنىڭ ھەقىقى ئۇقۇمىنى تەمىن ئېتەلمەيدۇ؛ شېئىر ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇپ، ئەقلىيلىكنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ قانىتىنى بوغۇشلايدۇ، ئۇ ئىستېلىستىكا ۋە مۇزىكا (رىتىم ھەم ئاھاڭدارلىق)ى بىلەن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقى ھەم خاپىلىقىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق «قايىل قىلىش»، ھەتتا كىشىلەرنى «قايمۇقتۇرۇپ ئازدۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇدىكى، ھەرگىزمۇ سۇغۇققانلىق بىلەن پىكىرلىشىش ياكى تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش ھەم ئەقلىي جەھەتتىن ئويغۇتۇش ئەمەس. سوقرات «ئوخشاش بىر چۈشنى كۆرىمەن، چۈشۈمدە بىر سادا ‹سەن بەدىئىي سەنئەت بىلەن شۇغۇللان!› دەپ جېكىلىمەكتە. بىراق، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ۋە نەزىرىمدىكى ‹ئەڭ ئۇلۇغ بەدىئىي ماھارەت› دەل پەلسەپە دەپ ئىندا قىلماقتا، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن مەن ھەقىقىي ماھارەت ـــ پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت، دېگەن ‹پەرمان›غا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ھېلىقى چۈشۈمدە ماڭا توختاۋسىز دالالەت قىلىۋاتقان بۇ خىل چۈشىنىشلىك ھەم ئاددىي بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، ئۇنى رەت قىلمىغان بولسامكەن دېگەننى ئېسىمگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن پانىي ئالەمدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ھېلىقى چۈشۈمدىكى دەۋەت بويىچە بىر قىسىم نەزمىلەرنى ئىختىرا قىلىپ، ‹گۇناھىمنى يۇيۇشۇم› كېرەكەنتۇق» دېگەنىكەن. سوقرات باقى ئالەمگە كېتىش ئالدىدا مەرىپەتچىلىك (پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى)نىڭ ئاۋامغا تېخىمۇ يېقىن، «شېئىر ـ نەزمە ـ مۇزىكا ـ ئەدەبىيات»نىڭ ھەقىقەتتەنمۇ كومېدىيەلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق دېيىش يۇقىرى ئىستىدات ئىگىسى ھېسابلىنىدىغان پەيلاسوپنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىنى «يەرگە ئۇرۇپ»، شائىرغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەنلىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ «پەلسەپىچە ھاكاۋۇرلۇقى» ئۈچۈن «تۆۋبە قىلغانلىقى» بولسا كېرەك. نېتچى «تىراگېدىيەنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن كىتابىدا: سوقرات ئۆلۈم ئالدىدا پەلسەپەگە بولغان «شۈبھىسى» ۋە سەنئەتكە بولغان «ھېمايىسى»نى تولىمۇ ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن ھەم ئانالىز قىلغان؛ ئۇ «نەزمە قو-

شاق ۋە سەنئەت»نىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ «لوگىكشۇناس — ئەقلىيەتچى» بولغان سوقراتنى زەھەرخەندىلىك بىلەن مەسخىرە قىلغان. ناۋادا ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدىنىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاقماس شېرىن خىيال ۋە ئازاپ بىلەن نەتىجىلىنىدىغان(ئاخىرلىشىدىغان) بولسا، ئۇنداقتا پەلسەپە بەرپا قىلغان «ئىدىيەۋى دۇنيا» بىلەن شائىرلار سۈرەتلەيدىغان(تەسۋىرلەيدىغان) «ئوبرازلاشتۇرۇلغان دۇنيا» (تەسۋىرى دۇنيا)نىڭ قانداقمۇ پەرقى بولسۇن؟ دەل مۇشۇنداق قىياسنىڭ تۈرتكىسىدە، چېكىدىن ئاشقان كېيىنكى مودېرنىزمچىلار ئىلىم - پەن بىلەن ھېكايەنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى يوق، دېگەننى تەرغىپ قىلىپ كەلدى.

ئەلۋەتتە، پەقەت سوقرات ۋە ئەپلاتون «ھەققانىيەت»، «گۈزەل ئەخلاق» ۋە «روھ ئۆلمەيدۇ» دەيدىغان ئاساسلىق تەرغىباتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، ئۇمۇ شائىر بىلەن ئوخشاش بىر «لاگىر»دا تۇرغان. لېكىن، ئۇ دېئالېكتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن «پەلسەپىۋى ھالدا» «ھەققانىيەت» ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئۇرۇنغان، بۇ جەھەتتە ئۇ تەبىئىي ھالدا سوقراتنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان. دېئالېكتىكىنىڭ نىشانى ھەققانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەبىر ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت. ئەكسىچە،شېئىرنىڭ قوغلىشىدىغىنى قانداقتۇر بىرەر ئېنىقلىما(تەبىر ) بېرىش بولماستىن، ئاۋامنىڭ روھىدىكى بىۋاستە ھالدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھەققانىيەت جەريانى، ھەققانىيەت قارىشى توغرىسىدا تەلىم - تەربىيە بېرىش پائالىيىتى(مەرىپەتچىلىك)بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ھەققانىيەت قارىشى «دېئالېكتىكىلىق ئۇسۇل»، لوگىكىلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىرىلغان(گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆزىلا ئالاھىدە بىرخىل بىلىم دېمەكتۇر)، سىرلىق شەكىل ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىلاھىي ئىلھام — ساماۋىي ئۇقۇم بولۇپ، بۇ مەسىلە يەنىلا ئېچىۋېتىلگەن كەڭ ۋە ئومۇمىي مەسىلىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەققانىيەت — ئادالەت، گۈزەل ئەخلاق دېگەنلەرنى ئاددىيلا لوگىكىلىق ئۇسۇل ياكى يۈزەكى ئۇقۇملاش(تەبىرلەش) يولى بىلەنلا ئېنىق شەكىللىك بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھايات كەچمىشلىرى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر قاتلاملىق تەكشۈرۈش، ھېس قىلىش(باشتىن كەچۈرۈش) ئارقىلىق ھەقىقىي تونۇپ يەتكىلى ۋە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئىنتايىن مۇرەككەپ بىلىش ۋە ھېس قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئەپلاتوننىڭ دېئالېكتىكىنى مەشىق قىلىۋاتقىنىدا، شائىرغا ئوخشاش «مەسەل - ھېكايە، قىسسە» ئىجاد قىلغانلىرىنىمۇ ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. بىراق، شائىر ئىجاد قىلغان مەسەل، ھېكايە، چۆچەك بىلەن ھەرقانداق بىر پەيلاسوپ ئىجاد قىلغاننىڭ ساپا - سۈپەت، سەۋىيە، قۇرۇلما، ئۈنۈم ۋە تەسىر كۈچى جەھەتتىن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، شائىرنىڭ مەسەل، ھېكايىلىرى يەنىلا ھېس - ھاياجان، تەقلىدچىلىك ۋە غەيرىي ئەقلىيلىك ئامىللىرىغا تويۇنغان بولسا، پەيلاسوپنىڭ ئادەتتىكى ھېسابلىنىدىغان ھەر بىر ئېغىز ھېكمەتلىرىمۇ ئەقىل بىلەن پاتلانغان، بىلىم بىلەن تويۇنغان بولۇپ، ھەقىقىي ئەقلىيلىك، تەنقىدچىلىك، ئىجادكارلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تويۇنغان بولۇپ، ھەرقانداق بىرى شائىرغا نىسبەتەن ياخشى بىر دەرسلىك بولالايدۇ.

تارىخى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شېئىر ئاۋۋال پەيدا بولۇپ، پەلسەپە كېيىن پەيدا بولغان. شېئىر «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت»كە ۋەكىللىك قىلسا، پەلسەپە «يېڭىچە ئىدىيە ئېقىمى»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پەلسەپە بىلەن شېئىرنىڭ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇشى ئەمەلىيەتتە «ئىلىم - پەن» تالاش - تارتىشى بولماستىن، بەلكى «يېڭى ئىدىيە ئېقىمى» بىلەن «كونا، قاتمال مەدەنىيەت»نىڭ ماجىراسىدىن ئىبارەت. ھومېر ھېسسىيات ئىپادىلەپ ئوبراز يارىتىشنىڭ تىپىك بەلگىسى ۋە غەيرىي ئەقلىيلىككە تەۋە بولغان «شېئىر» ياكى «كونا مەدەنىيەت»كە ۋەكىللىك قىلسا، سوقرات، ئەپلاتونلار ھەممىگە ئىدراكى قاراپ، تەنقىدى مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقلىيەتچىلىكنىڭ تىپىك بەلگىسى بولغان «پەلسەپە» ياكى «يېڭى ئىدىيە»نىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن «كونا مەدەنىيەت بىلەن شېئىرنىڭ دەتالىشى»نى ئەپلاتون ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپلا قالماستىن، زىددىيەتنىڭ تىغ ئۇچىنى ھومېرغا قاراتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ شۇنداقلا ئەپلاتوننىڭ رىم - يۇنان ئەقلىيەتچىلىك ئىدىيەۋى ئېقىمىغا يوللۇق يان بېسىشىدىن ئىبارەت. ئەپلاتوننىڭ تەنقىدىگە جۆر بولغان ھالدا، پەلسەپە شېئىرىيەتنىڭ تەربىيە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈشنىڭ ۋارىيانتلىق (ئالماشلىق) ئورنىنى پەلسەپە ئىگەللەشكە باشلىدى - دە، بۇ خىل رېئاللىق غەربنىڭ ئىدىيە تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە مەدەنىيەت چۈشەنچىسىدە ئەقلىيەتچىلىك — پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەن يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ھېسسىياتپەرەسلىك، تەقلىدچىلىك قاتارلىق غەيرىي ئەقلىيەتچىلىكنىڭ شەرتلىك بەلگىسى بولغان «شېئىرىيەت» ئاساسىي ئېقىم بولۇشتىن تەدرىجىي قېلىپ، ئىلىم - پەن ۋە ھەققانىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ئەقىدىسى سۈپىتىدە ئومۇملىشىپ، پۈتكۈل غەرب مەدەنىيىتىدە ئاساسىي ئېقىم ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇ ھال ھېلىھەم شۇنداق. ئەقلىيەت، تەنقىد ۋە يېڭى ئىدىيەنىڭ سىمۋولى بولمىش پەلسەپە بىلەن كونا مەدەنىيەت، قاتمال كۆز قاراش، غەيرىي ئەقلىيەتچىلىكنىڭ سىمۋولى بولمىش شېئىرىيەتنىڭ ئۆزەڭگە سوقاشتۇرۇشىدەك بۇنداق ھال تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە

داۋاملاشقان «ئىككى خىل مەدەنىيەت» (ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدەبىيات)نىڭ تالاش ـ تارتىشى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ سوفىزم ۋە باشقا نۇرغۇن مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شېئىر، قوشاقچىلىق، تەقلىدچىلىك، ھېسسىياتپەرەسلىك، قىزىققانلىق دېگەنلەر بىزگە «مىراس ۋە ئۇدۇم» بولۇپ، ئاۋام ـ خەلقنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمۇ ئوخشاشلا ئىنكار قىلغۇسىز رېئاللىق. بۇ ھال يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنى پەلسەپەدىن «ئۆي ئايرىپ» چىققاندىن تاكى ھازىرغىچە بولغان 500 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ئىلىم ـ پەن ۋە ئەقلىيەتچىلىك(پەلسەپە)دىن بارغانسېرى يىراقلاپ، ھېسسىياتپەرەسلىك، قوشاقچىلىق، ئويۇنخۇمارلىق ۋە قىزىقانلىققا بارغانسى يېقىنلاشتۇق. شۇ ۋەجىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسى ئومۇمىي سەپ بويىچە ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋە مول مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىۋاتقان كۈنلەردە، خەلقىمىزنىڭ يەنىلا ھېسسىيات ئىپادىلەش، ئوبراز يارىتىش، تەقلىدچىلىكنى مەنبە قىلغان شېئىرىيەت مەپتۇنلۇق قىزغىنلىقى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى دولقۇن ھالىتىدە تۇرماقتا...

## 6. ئىزتىراپلىق تەلقىن

«گرېتسىيە ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئەسلى پەيدا بولغان ھەم تارقالغان مۇقەددەس جايى»، «ئىنسانىيەت تارىخىدا، گرېتسىيەلىكلەردە تۇنجى بولۇپ، ئىدراكى تەبىئەت قارىشى شەكىللەنگەن، بۇ دەل ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ ئەڭ ئاساسى ئامىلى». ئىلىم ـ پەندىكى ھەرقانداق كاتتا كەشپىيات ۋە ئىجاد ـ ئىختىرالارنىڭ غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە توقۇنۇششىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى؛ ئىدراكى تەبىئەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە يېتىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى «خۇسۇسىنىڭ ئەركىنلىكى ئىنسانىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ شەرتى، تېخىمۇ مۇھىمى كەشپىيات ۋە بايقاشنىڭ (ئالتۇن) ئاچقۇچى.» بۇنىڭ ئىچىدە كىشى قەلبىنىڭ ھۆرلىكى ۋە مۇستەقىل تەپەككۇرلۇق بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

«قەدىمى گرېك ـ يۇنانلىقلارنىڭ ئەركىن ـ ئازادە، دېموكراتىك، باراۋەرلىك ۋە قانۇن تۈزۈملۈك روھى ـ غۇرۇرىنىڭ ھېدى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە خاراكتېرىنى يارىتقان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئېپتىدائى ئەپسانىلىرى بىلەن زىچ ئىچكى باغلىنىشلىققا ئىگە.»

«بىرقەدەر ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە قەتئىي ئەقلىيلىكنى (تەپەككۇر ـ تەتقىقات ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە) قىبلىنامە قىلىدىغان، تەپەككۇرغا ماھىر يۇيانلىقلار، قەدىمدىن تارتىپ ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ھەممە نەرسىنىڭ روھى بولىدۇ دەپ قارايدىغان ئىلىم ـ پەن ئەندىزىسىدىن تەدرىجى ھالدا تەبىئي پەنگە قاراپ ئۆزگەرگەن، تەبىئىي پەن دەل شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بارلىق بىلىم ساھەسىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە باشلىغان.»

تىلشۇناس ۋىكو (1668 – 1744) «شېئىرىي جۈمللەر ھېسسىيات ۋە ئىشقىي تەسىراتلار ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. پەلسەپىۋى جۈمللەر بولسا تەپەككۇر(پىكىر) ۋە ئەقلىي يۈكۈنىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قانچىكى ئومۇملىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغانسېرى ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىنلاشقان بولىدۇ.» دەيدۇ.

ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، شائىرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تاۋلاپ، پەزىلەت يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە ئەھمىيىتى ھەقىقەتەن زور. بىراق، شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ھامان خام خىيال ۋە توقۇلما بىلەن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنى ھەقىقى تارىخ ۋە رېئال ئىلىم ـ پەن بىلىمى دەپ قاراشقا ھەم شۇ قاتاردا مۇئامىلە قىلىشقا ئەسلا بولمايدۇ. ئەكسىچە، شېئىر قوشاقلاردا يەتكۈزۈلگەن ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلار بەزىدە بىر قەدەر قوش قىرلىق (ئىككى بىسلىق) بولۇپ، ھەر كىم ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈۋالسا بولىدىغان نەرسە. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىبىر لاياقەتسىز شائىرلار ئېھتىمال ئەقىدە ـ ئەخلاق مىزانلىرىدىن چەتنىگەن پەسكەش بېيىت قوشاقلارنىمۇ يېزىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، شائىرلىق قىلىش ئۇچۇن مەخسۇس سىستېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلىشمۇ بىھاجەت. مۇئەييەن تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ھېسسىيات ـ ئىلھامى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھەر قانداق ئادەم شائىرلىق قىلالايدۇ.»، «ئىلھام» ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئاڭسىزلىق ئامىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نامى. «ئىلھام»نى چىللاپ كەلگىلى تۇتۇپ قالغىلىمۇ بولمايدۇ.

**6.1. شائىر بىلەن پەيلاسوپنى، ئەدەب بىلەن ئالىمغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئەقلىيلىككە يېقىنلاشقانلىقنىڭ سىماسى**

ئۇنداقتا، زادى قانداق كىشىلەر ھەقىقى پەيلاسوپ بولالايدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، تەبىئي پەن ئاساسى بولمىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ھەقىقي بىر لاياقەتلىك پەيلاسوپ بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پەيلاسوپ ئالدى بىلەن ئېسىل نەسەبلىك، پەزىلەتلىك، ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن، ھۆر قەلب ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە، پىكرى ئۆتكۈر، نەزەر دائىرىسى ۋە كۆڭلى ـ قارنى كەڭرى، قەيسەر، كەمتەر ئالىيجاناب، ئىنسانىي كامىللىقنىڭ تۈۋەندىكى ۋە ئۆتكۈنچى باسقۇچى بولغان «ئۆزلۈك»تىن ھالقىپ، ئىنسانىي كامىللىقنىڭ ئالىي ئۇقۇمى ۋە يۇكسەك قاتلىمى بولمىش «ئۆكلۈك» مەقامىغا يەتكەن ئادەملەردۇر.

فرانسىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ھەم جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ

بەرپاچىلىرىدىن بىرى ئىمايلى دۇركېيىم ئالى مەكتەپتە ماگىس-
ترانتلارغا پەلسەپە دەرسى ئۆتكەن ھەم ئۆزى پەلسەپە دە-
رىسلىكى تۈزۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا فرانسى-
يەنىڭ پەلسەپە ئوقۇتۇشى ۋە پەلسەپە تەتقىقاتى، فرانسۇزلار-
نىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ھەم شەكىللەندۈرۈش
ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان جەمئىيەتشۇناسكى، ھەرگىز
پەيلاسوپ ئەمەس. ئۆزى ۋە باشقىلارمۇ ئۇنداق ئاتىمىغان.
ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىلچە تەبىئىي پەن ئاساسى
يوق ياكى تەبىئىي پەن بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز، ھېس - ھا-
ياجانلىق شېئىر ياكى ماقالە يازىدىغان كىشىلەرنى قارا قو-
يۇقلا پەيلاسوپ دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال ئادەتكە ئايلىنىپ
قالغاندەك قىلىدۇ. سوقرات، ئەپلاتون، ئارىستوتېل، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئىبنى سىنا، ئەل بىرۇنىي،
ئەل فارابى، ئۇلۇغبەگ... قاتارلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىغا
مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە چىن ئالىملارنىڭ قايسى بىرىنىڭ تەبىئىي
پەن ئاساسى يوق؟!

6.2. تەبىئىي پەن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ يېڭى بىرلىكىسپىنى
بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

تەبىئىي پەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسكى، ئۇ
«تەڭرىنىڭ بىرىنچى كىتابى» بولمىش تەبىئەتنىڭ تىلى؛ شۇڭا
ئۇ تەبىئىي ھەم چىنلىققا ئىگە دەلىل - ئىسپاتلار ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان ۋە بارلىققا كەلگەن؛ ئۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي توپ قا-
نۇنلۇق ھەم قانۇنىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپلا قالماي،
يەنە دۇنيا قاراش ۋە بارلىق ئادىمىيەت پەنلىرىگە قارىتا توپ
يىلتىز، يېتەكچى ئىدىيە، نەزەرىيەۋى ئاساس بولۇش قىممىتى-
گە ئىگە. ئۇ ھەم مۇقىم ۋە تۇراقلىق يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە
ئىگە بولغاچقا، ئىنسان ئۇنى قانچىكى ئىچكىرىلەپ ئۆگەنگەن
ھەم تەتقىق قىلغانسېرى ئادەمنىڭ ئەقلىنى شۇنچە بىلەپ، رو-
ھىنى پاك ھەم جەسۇر، قەلبىنى ھۆر، ئۆزىنى «ئۆگ»، پىكرى-
نى ئۆتكۈر قىلىپلا قالماي، ئادەمنى راستچىل، سەممىي، سا-
داقەتمەن، ۋاپادار ۋە ئالىي جاناب قىلىپ، ھىلە - مىكىر ۋە
نەيرەڭۋازلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ؛ ئادەمنى ئۆزى ئۈچۈنلا باش
قاتۇرىدىغان شەخسىيەتچىلىك «ئۆزلۈك» كىشەنلىرىدىن قۇ-
تۇلدۇرۇپ، ئالەملىك نەزەر، ئىنسانىي بىرلىك ۋە دۇنياۋى
سەۋىيە، خەلقئارالىق ئۆلچەمدە تۇرۇپ تەپەككۇر، تەتقىقات
ۋە ئىش ھەرىكەت قىلىدىغان «ئۆگلۈك» ئىنسان بولۇشقا
رىغبەتلەندۈرىدۇ ھەم يېتەكلەيدۇ. تەبىئىي پەن ئادەمنى ئاتال-
مىش ئۆزلۈكنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، چىن ئىخلاس ۋە
مېھرى مېتود بىلەن تەپەككۇر - تەتقىقات ۋە ئىش ھەرىكەت
قىلىشقا ئۈندەش بىلەن بىرگە، ئالەملىك نەزەر، ئىنسانىيەت
يۈكسەكلىكىدىكى دۇنياۋى بىرلىك - بۈيۈكلۈك ۋە دۇنياۋى
ئىلىم - پەن ئۇرۇبىتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ ئىنچىكە كۆزىتىش،
تەجرىبە قىلىش، ماتېماتىكىلىق ئانالىز قىلىپ ئومۇملاشتۇ-
رۇش، ئەتراپلىق لوگىكىلىق ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە چىقى-
رىش، دېدۇكسىيەلەش، كەلتۈرۈپ چىقىرىش ۋە ئەمەلىيەتتىن
ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋ-
جۇت بولغان شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكەت ھادىسى-
لىرىنىڭ تۈپكى، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ
بېرىدۇ ھەم چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. تەبىئىي پەندە ھەق-
قەت(توغرا ياكى خاتا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن) دەپ قا-
رالغان ھەر قانداق بىر نەرسە يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىدە
ئوخشاشلا «ھەقىقەت» دەپ قارىلىپ، ئورتاق ئېتىراپ قىلى-
نىدۇ ۋە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئەكسىچە ئىجتى-
مائىي پەندە «ھەقىقەت» دەپ قارالغان بىرەر ئۇقۇم ياكى قا-
راشنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە ئورتاق ئېتىراپ قى-
لىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ناتايىن. تەبىئىي پەن كىشىلەرنىڭ
تەبىئەتنى ماھىيەتتىن بىلىشىگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە
تەبىئەت دۇنياسىدا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان
ھادىسىلەر توغرىسىدا (ماتېماتىكىلىق تەتقىقات ۋە قۇرۇق تە-
پەككۇر ئارقىلىق)ئالدىن بىلىش ھەم مۇناسىپ ئالدىنى ئېلىش
ۋە تاقابىل تۇرۇش (ھېچ بولمىغاندا قىسمەن ياكى مەلۇم جە-
ھەتتىن بولسىمۇ) ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، يولۇققان مەسىلى-
لەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلالايدۇ.

6.3. شېئىرىيەتنى ئەقلىيلىك ۋە ئىلىم-پەنگە يېقىنلاشتۇ-
رۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا

سوقرات يەنە «ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى خاتا تۇيغۇ ۋە
شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
شېئىرى تەقلىدنىڭ پىسخىك تەسىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇ-
نىڭ ياخشى، يامانلىقىغا قاراپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۇنى ئۆل-
چەملەشتۈرۈش، ھېسابلاش، ئۆلچەش، بۆلۈك گىرادۇسىنى
ئۆلچەش قاتارلىق تۈرلۈك ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق
ئېنىق چۈشەنچىگە ئېرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.» بۇنىڭدىن
شېئىرىيەتنى ئەقلىيلىققا، ئىلىم-پەنگە ھەقىقىي يېقىنلاشتۇ-
رۇش، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تەتقىقاتى، ئىجادىيىتىنىمۇ قې-
لىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى
كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

«سوقرات زامانىسىدىن تارتىپ ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان
‹ئۆزەڭنى تونۇ!›دىن باشلانغان مەرىپەتچىلىك ۋە ئۆزى ئۇس-
تىدە ئويلىنىپ ئەقلىي ئويغىنىش غەربلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋىي
روھى.» بۇ گرېكلارنىڭ ئەنئەنىۋى روھى بولۇپلا قالماستىن،
يەنە ئاڭلىق ھەرىكىتى. بىراق، بىزدە بۇنداق ئويلىنىش كەم-
دىن كەم بولۇۋاتىدۇ. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ يۇقىرقى كىلاسسىك
مۇھاكىمىلەردىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزى ھەققىدە جۈملىدىن ھېس-
سىياتپەرەسلىكتىن ئەقلىيلىككە قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدا يە-
نىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# «ئۈچ پەدە»نىڭ ئېستېتىك قىممىتى

يۈسۈپجان سەمەت ئەففىي




## 1

ئىشىق مۇنبىرىگە چىققان چاغدا بىز،
ئىشقتىن باشقا سۆز بىلمىدۇق ھەرگىز.
بىزنىڭ بۇ مەنزىلگە ئاياغ قويمىسۇن،
ئىشىق بىلەن يانمىغان يۈرىكى ھېسسىز.

— نىزامى گەنجىۋى

سەنئەت ـ ئىنسان روھىيىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئەڭ قەدىمىي ئاۋاز. ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ئەينەن ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ؛ گەرچە سۆزلەر، ناخشىلار، رەسىملەر، ھەيكەللەر، مۇزىكىلار، ... روھىيەتنى ئەينەن ئىپادىلەشتە مەلۇم توسالغۇلارغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي سەنئەتنىڭ شۇ توسالغۇلاردىن، چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىغان قىسمى — خۇددى تامچە سۇدا قۇياشنى كۆرگىلى بولغاندەك ـ روھىيەتنىڭ مەلۇم بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى بىزگە ئەينەن كۆرسىتىپ، بۇ ئەيەنلىك ئەنە شۇ سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق كۆرمەكچى بولغان روھنى زىلزىلىگە سالالايدۇ. بۇ زىلزىلىدىن پەيدا بولغان ھاياجان بىزنى كائىنات قوينىغا: دېڭىزلارغا، ئېدىرلارغا، زەڭگەر ساماغا، يۇلتۇزلارغا، بوستانلىقلارغا، دەريالارغا، چۆل ـ باياۋانلارغا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىگە ... ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ ئويغاتقان تۇيغۇ ھەربىر كىشىگە غايىۋىلىكنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىگە مەلۇم ياكى نامەلۇم بولغان دۇنيانى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىنسان ئۆز روھىيىتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئەنە شۇ دەرد ـ ئەلەملىرىنى غايىۋىلىكتە، مۇقەددەسلىكتە سۆزلەپ بەرمەكچى بولىدۇ:

بىر ئاللاھتىن تىلەيمەن، بىر خۇدادىن تىلەيمەن!

## 2

گەرچە كۆلكە ـ بەخت كۆپىنچە چەكلىك بولسىمۇ، ئازاب ـ تىراگېدىيە چەكسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ چەكسىزلىكى سەنئەتتە مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچ بېغىشلىغان. ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك ئازابنى، چەكسىزلىككە ئىگە بولغان ئازابنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تالاي شائىر ئۆز مىسرالىرى بىلەن قوشئۇچۇن ئىزدىنىشى، ئەمەلىيەتتە چەكسىزلىككە ئىگە بولغان ئۆز ۋۇلۇپ ئازاب دۇنياسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا، تالاي سازەندە ـ قوشاقچى بىر دانە راۋاب ياكى تەمبۇر بىلەن سەرسانلىق دالاسىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئە-



نە شۇنداق هايات ــ ماماتى بەدىلىگە روھ قۇشىنىڭ پەرۋازى تىراگېدىيەسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز ئازابىنى بىلدۈرەلەيدىغان سۆز ياكى ئاھاڭ ئىزدىگەن. ئەمما، كۆپىنچە كىشى پەقەت ئۆزلىرى بىلىدىغان «سۆز» ياكى «ئاھاڭ»نىلا چۈشىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل تىراگېدىيەنىڭ مەنىسىنى ئۆز مەنىسىدە چۈشىنىدىغانلار ئەزەلدىن ئاز بولۇپ كەلگەن ياكى يوق بولغان. خەلق ناخشىلىرىغا، بولۇپمۇ ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلاردىكى شادمانلىق ــ خۇشاللىققا قارىغاندا، ئازاب ــ تىراگېدىيە مىسلىسىز بولۇپ، ئەنە شۇ تىراگېدىيەلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەن كىشىلەرنىڭ چەكسىز ئازاب مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مەڭگۈلۈك سېھىرىي كۈچكە ئىگە ناخشىلارنى بەزمە سورۇنلىرىغا ئارىلاشتۇرۇۋالغانلىقى يۇقىرىقى سۆزىمىزنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ. بۇ ناخشىلاردا مەڭگۈ چېكىمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان غەملەر، مەڭگۈ ھېس قىلىپ يەتكىلىمۇ بولمايدىغان ئازابلار سۆزلەنگەن:

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.

* * *

دەردكە دەرد بەرگەن خۇدا، دەردمەنگە دەرد بەرگەن خۇدا،
شۇنچىلا دەردنى بېرىپ، ھەسسىلەپ بەرگەن خۇدا!

## 3

بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىنى چۈشىنىمەن دېيىشى پەقەت ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ئىشتا ئوخشاشلىققا ئىگە بولغانلىقىنى، پەقەتلا شۇ خىل ئىشنىڭ بىر قىسمىنى ھېس قىلالايدىغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىر ــ بىرىنى «چۈشىنىمەن» دېيىشىدىكى سەۋەب.

بەخت ــ ئىنساننىڭ ئۆز قەدرىنى ئىزدەش سەپىرىدىكى غايە بولۇپ، ئىنساننىڭ قەدرى پەقەت باشقىلارنىڭ «چۈشىنىشى» بىلەنلا بولىدۇ. بىراق، بىر ــ بىرىدىن ئاسمانۇ ــ زېمىن پەرقلىق بولغان روھىيەت ئالەمى بۇنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسان مەڭگۈ ئۆز يۈرىكىنى، ئازابىنى، دەردلىرىنى چۈشىنىدىغان ئادەمنى تاپالمايدۇ؛ شۇنداقلا، بەختكە ــ قەدىرلىنىشكە بولغان تەلپۈنۈشىدىن ئۇنى ئىزدەشتىن يالتىيالمايدۇ. مانا بۇ ھال ئۇلاردىكى ئازاب پىلتە بولىدۇ. ئۆمۈرلۈك تەنھا ھاياتنى مۇزىكىغا بېغىشلىغان بۈيۈك ــ يېتۈك كومپوزىتور بېتخوۋېن گاس بولۇپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ۋەكىللىك ئەسىرى بولغان «توققۇزىنچى سىمفونىيە»نى ئىجاد قىلغان. گاس بېتخوۋېننىڭ تەنھالىق قوينىدىكى ئازابلىرى بۇ ئەسەردە ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ سىمفونىيىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ شاتلىق ئۇرغۇغان مېلودىيەلىرىدىن بۇ مۇزىكىنى ئازاب ئىچىدىكى بېتخوۋېن ئىجاد قىلمىغاندەك بىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ مېلودىيەلەرنىڭ قوينىغا بېتخوۋېننىڭ ئازابلىرى تەبىئىي ھالدا سىڭىپ كەتكەن، بۇنى پەقەت قەلبى ھەقىقىي ئازابقا تولغان، مۇزىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان كىشىلەرلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. «رۇس ھاياتىنىڭ ئەينىكى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئۇلۇغ ئەدىب لېف تولستوينىڭ: «توققۇزىنچى سىمفونىيە» كىشىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان ئەسەر» دېگىنى بۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرسە كېرەك.

دېمەك، ئىنسان ئۆزىنى چۈشىنىدىغان بىرىنى تاپالمىغاندا، بۇ دەرد ـ ئەلەملىرىگە ھەمنەپەس بىرىنى تاپالمىغاندا ئۆزلىكىدىن «سايرايدۇ»:

ئىنسابى يوق بەندەڭنىڭ ئىنسابىنى تىلەيمەن.

* * *

دەرد كېلەر ۋاي، دەرد كېلەر، دەرد كەلگەننى كىم بىلەر؟!

## 4

مۇھەببەت ـ ئىنسانلار بۇ ئالەمدە ھاياتلا بولىدىكەن مەڭگۈلۈك تېما. ئۇ بارلىق ئازاب ۋە خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى. ئەگەر سەنئەتكارلار ئازابقا مۇپتىلا بولغان، سەنئەت ئەسەرلىرى ئازابلاردىن ئۇرغۇپ چىققان دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا مۇھەببەت دەل شۇ ئازابلارنىڭ ئانىسىدۇر. مۇھەببەت ئۆز سايىسىنى تاشلىمىغان، مۇھەببەت بوسۇپ زىلزىلىگە سالمىغان بىرەرمۇ يۈرەك يوق. تاكى ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزدىن باشلانغان بۇ مۇقەددەس رىشتە ئىنسانلار دۇنياسىنى ئۆز يىپى بىلەن باغلاپ ھاياتنى مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى. ناۋادا ئەنە شۇ مۇھەببەت بولمىسا ئىدى، شۇنچىلىك غەملىك يۈرەكلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئىنسانلار بۇ دۇنيانى، ئۆزلىرىنى، ھەتتا بارلىق نەرسىنى ئاللىبۇرۇنلا چۆرۈۋەتكەن بولاتتى. مۇھەببەت ئىنسانلارغا ئەنە شۇ ئازابلارنى كۆتۈرۈشتە ھەمدەم بولدى. ۋاقىتلارنى نۇرغا تولدۇردى. مۇھەببەت مۇقەددەسلىكى بىلەن ئازابلارغا تولدى؛ ئەنە شۇ ئازابلىرى بىلەن چەكسىز مەنىگە، جەلپكار كۈچكە ئىگە بولدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئىزدىگەن سۆز ـ ئاھاڭى ۋە بەخت ـ قەدىرلىنىش تۇيغۇسى «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مۇھەببەتنى مەڭگۈلۈك تېمىغا ئەكىرگەن تەرەپ، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئازابنىڭ ۋە بەختنىڭ مەنىسى بولغانلىقىدا ئىدى. مۇھەببەت خەتەرلىك بىر كوھقاپىكى، ئىنسان ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قاچىدۇ؛ مۇھەببەت بىر باغۇ ـ بوستانلىقكى، ئۇنىڭغا مەڭگۈ تەلپۈنىدۇ. ئىنچىكە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ شۇنچە مۇڭلىنىپ، زارلىنىپ تۆرۈپ ئېيتقان دەرد ـ ئەلەملىرى ئەمەلىيەتتە شۇ ئازاب سالغۇچىغا بولغان تەلپۈنۈشنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشىدۇر، خالاس.

بۇ ئالەم سىناق ئالەمى بولغاچ، كۆپىنچە ھەم ھېكمەتلەر دەرد ـ ئەلەملەرگە يوشۇرۇنغان بولغاچ كۆپ ھالدا غەم ـ غۇسسە، دەرد ـ ئەلەم ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. غەمسىز، ئۇيسىز ھېكمەتلەرنىڭ مەنىسى يوق ئىدى. پۈتۈنلەي شادىمانلىققا تولغان ھايات خۇددى ئات ئۈستىدە سەيلە قىلغانلىق بولۇپ، بۇ خىل ھاياتتىن جەۋھەرلەر سۈزگىلى بولمايتتى. ئۆزىگە تۇشلۇق ئازاب ـ ئوقۇبىتى بولمىسا ئىدى، مۇھەببەت ئۇنچە شېرىن ۋە تاتلىق بولمايتتى؛ شۇنداقلا مۇھەببەت پەقەت ئەنە شۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئوچىقىدىلا ھەقىقي تاۋلىنالايتتى. «فەرھاد ۋە شېرىن»، «لەيلا ۋە مەجنۇن»، «رومېئو ـ جۇلىتتا»... قاتارلىق ئەسەرلەردىكى كىشى كۆڭلىنى مەست قىلىدىغان ۋىسال دەقىقىلىرى ئەمەس، بەلكى قەلبىنى ھەر ۋاقىت ئويغىتىدىغان مەڭگۈلۈك تىراگېدىيەلا كىشىلەرنى يەنە يۈز يىللاردىن كېيىنمۇ ھاياجانغا سالالايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ تىراگېدىيەلەرنىڭ ھېچقانداق يالغىنى يوق ھەقىقي ـ چىن بولغانلىقىدىن ئىدى، گەرچە باشقىلارنىڭ تىراگېدىيەلىرى بۇنىڭغا ئوخشاپ كەتمىسىمۇ!

ئىككىمىزنىڭ دەردىنى ياراتقان ئىگەم بىلەر.

## 5

ئىنسان روھى قۇشقا ئوخشايدۇ، ئۇ مەڭگۈ قەپەسنى خالىمايدۇ؛ ئىنسان روھى سۇغا ئوخشايدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئاقسام دەيدۇ؛ ئىنسان روھى مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە تويۇنغان كېڭەيگۈچى بولۇپ، مەڭگۈ رامكىلارنى خالىمايدۇ. رامكا، توساق، چەكلىمە... ھەممىسى ئىنسان روھىنىڭ پەرۋازى بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرىدىغان نەرسىلەردۇر. چەكسىزلىككە ئاللىبۇرۇن باغلىنىپ بولغان مۇھەببەت ئۆزىگە لايىق بوشلۇق ئىزدىگەندە رامكىلارغا يولۇققاچ ئەركىنلىككە تەلپۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاخىرقى ھېسابتا ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئازادىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. ئۇ بارلىق نەرسىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالىدۇ. ئەركىنلىك ـــ ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى بولۇپ، ئىنسان پەقەت ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالىغاندىلا ئاندىن خالىغىنىنى قىلغان بولىدۇ. گەرچە بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسىمۇ، ئىنسان ھاياتى ئۆزى ئىرادە قىلالمايدىغان نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىگە باغلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر كىشى ئەنە شۇ كىچىككىنە بېرىلگەن ئىرادە ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىشنى، تولۇق پايدىلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر شۇ كىچىككىنە ئىرادە ئەركىنلىكىمۇ بولمىسا ئىدى، ئىنسان ياغاچ قونچاق ئويۇنىدىكى ياغاچ قونچاقنىڭ ئورنىدا بولغان بولاتتى. شۇ كىچىككىنە «خالاش» دېگەن نەرسە گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن تۈزدەك رولى بىلەن ھاياتنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى يورۇتۇپ كەلمەكتە. بىر ئادەمنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۇتۇقى، دەل شۇ ئىرادە ئەركىنلىكىدىن قانچىلىك پايدىلىنالىغا-

لىقىدىدۇر.

خالاش ـ خالىماسلىق، ئىرادە قىلىش ۋە ئىرادە قىلالماسلىق.. قاتارلىق تونۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنسان پەقەت ئىنتىلگۈچى بولۇپ، ئەنە شۇ ئىنتىلىش، مەرىپەت، يۈكسىلىشكە بولغان تەلپۈنۈش... مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈش ئىنساننى پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن قىلغان. ئەنە شۇ يۈكسەك غايە بىر زامانلاردىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىنسانىيەتنى بۈگۈنكىدەك قۇللۇقتىن پۈتۈنلەي ئازاد بولغان بىر مەدەنىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كەلدى. ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقلاردىكى ئىنتىلىشلەردىن، ئۆلاردىكى چەكسىز ئىممۇنىتېت كۈچىدىن، ئۆلاردىكى ئالەمگە بولغان تەلپۈنۈشتىن بۇنى تېخىمۇ ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. سىز كىچىك بىر بالىنى رامكىغا سولىيالايمەن دەپ ئويلامسىز!؟ دەرد ـ ئەلەملەر بىر قەپەسكە ئوخشايدۇ، ئىنسان بۇنىڭ يېپىشاڭغۇ تورلىرىدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلايدۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. «كۆڭۈلدىكى ئىش»نى قىلىش گەرچە ئىنساننى دەرد ـ ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن، ئىرادە ئەركىنلىكىگە باغلانغان قىممىتى بىلەن ھەقىقىي ئەركىنلىكنىڭ بىر قىسمىنى ھېس قىلدۇرۇپ، قەلبتىكى ئەركىنلىككە، ئازادلىققا يول ئاچىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىنسانىيەت بەدىئىي ئەسەرلىرىدىكى مەڭگۈلۈك تېما بولغان مەڭگۈلۈك مەنىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ:

دۇتتارىم ئون بەش پەدە، باش پەدە يامان يەردە،
ئوينىغىلى قويمامسەن، كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

## 6

ئىشتارچىدىن چىققان خەلق سەنئەتكارى سەنەمجىنىكام تۇغۇرىسىدا كىچىكىمىزدە ھەر خىل گەپنى ئاڭلايتتۇق، بەزىسىگە ھەتتا ئىشەنگۈمىزمۇ كەلمەيتتى:

ــ سەنەمجىنىكامسىز ئاتۇشتا توي قىزىمايدۇ.

ــ سەنەمجىنىكام دۇتتار چېلىشقا شۇنداق ئۇستا!

ــ بىر قېتىم مۇنداق بوپتىكەن: سەنەمجىنىكام قەشقەردە بىرى بىلەن ئۇسسۇل ئويناشتا بەسلىشىپ قاپتۇ، قارشى تەرەپ دۇتتارنى بىر كېچە چاپتۇ، سەنەمجىنىكام بولسا بىر كېچە ئۇسسۇل ئويناپتۇ، ئاخىرى، ھېلىقى دۇتتارچى ھېرىپ كېتىپ چېلىشقا خوش ياقماي، پەقەت تىرىڭ ـ تىرىڭلا قىپ قويۇپ چېلىۋېرىپتۇ. سەنەمجىنىكام بولسا توختىماي ئويناۋېرىپ، ئاخىرى يىغلاپتۇ...

ــ ماڭاۋا سارالاڭ، نەدە شۇنداق گەپ بار، پەقەت ساراڭ ئادەملا بىر كېچە ئۇسسۇل ئوينايدۇ!...

كىچىكىمدە ئاڭلىغان بۇ گەپ كېيىنكى كۈنلەردە مېنى يەنە ئويلاندۇردى، ئاشۇ «بىر كېچە ئۇسسۇل ئويناش» توغرىسىدا ئويلىناتتىم: نەۋايى بىر ئۆمۈر «ئىشقى ـ پىراق»نى يازدى؛ بىر ئادەم شېئىر يازسا «ئىشقى ـ پىراق»نى يا بەش يىل يازار، يا ئون يىل، بىر ئۆمۈرمۇ يازامدۇ؟! سەنەمجىنىكام بىر ئۆمۈر ئۇسسۇل ــ سەنئەت بىلەن ئۆتكەن ئادەم. بىر ئادەم توي قىلىشتىن بۇرۇن بەش يىل ئوينىسۇن، ئۈچ يىل ئوينىسۇن، بىر ئۆمۈر ئوينامدۇ؟! بىر ئادەم ئۇسسۇلنى بىر سائەت ئوينىسۇن، ئىككى سائەت ئوينىسۇن، بىر كېچە دۇتتارنى تىرىڭ ـ تىرىڭ قىلىپ بەرسە ئويناۋېرەمدۇ؟ بۇ كۈچ زادى نەدىن كەلدى؟! ئاتۇش توي ـ تۆكۈنلىرىدىكى خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىدىن ئۆزۈمنى يوقۇتۇپ، خىياللار دۇنياسىغا غەرق بولغىنىمدا ئۇسسۇلغا تارتقان كىمدۇر بىرىنىڭ تويدىن كېيىن: «سەندە ئىشق دېگەن نەرسە يوقتە؟! ئۆمرۈڭدە قولۇڭنى كۆتۈرۈپ باققان نەرسە ئەمەسسەن!» دېگىنىدىن ئاشۇ «مەڭگۈلۈك ئىشقى ـ پىراق»نىڭ مەنىسىنى ھېس قىلغانىدىم: ئۇ بىردەملىك بەدەنىنىڭ، قاش ـ كۆزنىڭ ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى يۈرەكتىكى ئۆچمەس ـ ئۆچمەس بىر ئوت ئىدى!

ئەنە شۇ ئوتتىن لاۋالار ئېتىلىپ چىقاتتى، ئۇ ئۇلغىيىپ، ئىنسانلارنىڭ يۈرەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتەتتى. «ئۈچ پەدە» ــ سەنەمجىنىكامنىڭ يۈرىكىدىكى ئوتلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشالىغىنى ئىدى. ئەلنىڭ ـ خەلقنىڭ يۈرىكىگە ياققىنى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئەللەر ئۇنى ھەر سورۇندا ئۆزىگە ھەمراھ قىلاتتى، ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە ئۇنى قوشماقچى بولاتتى، ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگە تەسەللىي ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قەلبىدىكى چەكسىز تىراگېدىيەلەرگە مەنىلەرنى ئىزدەيتتى ۋە تىراگېدىيەدە بولسىمۇ ئوخشاپ كەتكەن قىسمەتلىرىدىن قانائەت ھېس قىلىشاتتى... مانا بۇلار سەنئەتنىڭ، بىر سەنئەتكارنىڭ تەسىرى ۋە قىممىتى ئىدى. گەرچە كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە «ئۈچ پەدە»گە تەقلىد قىلىنغان «بىر پەدە»، «ئىككى پەدە»، «تۆت پەدە»... دېگەندەك پەدىلەر مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ خۇددى «دونكخوت» دېگەن ئەسەرنىڭ ساختىسىدەك ئاسانلا مەغلۇب بولۇپ، يەنىلا ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى بولغان «ئۈچ پەدە» يۈرەكلەرنى زىلزىلىگە سېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

———

ئىزاھ: مىسرالار «ئۈچ پەدە» ۋە «دوست خېنىم»دىن ئېلىندى.



# قار مەنزىرىسى

(هېكايە)

ياسىنجان سادىق چوغلان

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

ئېگىزلىرى غادايغاندەك، پاكارلىرى مۆكچەيگەندەك كۆرۈنىدىغان سانجاق - سانجاق بىنالار شەھەرنىڭ كوچا - رەستىلىرىدە هاشار چۈمۈلىلىرىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ خۇلقى - مىجەزىگە ماسلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. هەئە، هاشار چۈمۈلىلىرى جېنىدا ئۇدۇل كەلسە بىر - بىرى بىلەن سالاملىشىپ، كۆرۈشۈپ ماڭىدۇ. لېكىن بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنداق ئەمەس. بىر - بىرىگە پەرۋاسىز، يات نەزەردە قارىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. خۇددى سوغۇق هاۋا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى مېهىر - مۇهەببەتنى مۇزلىتىۋەتكەندەك. ئىككى كۈندىن بېرى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار هېچ توختايدىغاندەك ئەمەس، خۇددى شەهەردىكى بۇ مەشئۇم سوغۇقلۇقنى بىراقلا كۆمۈۋەتمەكچى بولغاندەك. بويۇن، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى شارپا بىلەن ئوراپ، يۈڭ، خىرۇم، ماموق پەلتو - چاپانلارغا قىمدالغان ئادەملەر، مۇز تۇتۇپ غىلتاڭ بولۇپ كەتكەن يولدا تېيىلىپ كېتىشتىن ئېهتىيات قىلىشىپ ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى. چوڭ يولغا پاتماي قالغان ئاپتوموبىللارمۇ هاۋا ئوچۇق كۈنلەردىكى سۈر - هەيۋىسىنى يوقاتقان بولۇپ خۇددى مۆشۈكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چاشقانلاردەك بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنىڭغا باقماي ئالدىدىكى ئاپتوموبىللارنى «يول بوشات» دېگەندەك توختىماي سىگنال بېرىشىدۇ. بۇ سىگناللارنىڭ هەيۋەتلىكلىرى داڭلىق ماركىلىق ئېسىل ئاپتوموبىللارنىڭ هۆركىرەشلىرىدەك، ئاجىز - ناللىكلىرى ئادەتتىكى، نىمكەش ئاپتوموبىللارنىڭ ئاۋازىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. هەئە، ئاشۇ ئاپتوموبىللارنىڭمۇ ئېسىللىرى، ئادەتتىكىچىلىرىگە، يېڭىلىرى، نىمكەشلىرىگە غادىيىۋاتقاندەك، هۆركىرەۋاتقاندەك ...

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

ئادەملەرمۇ، ئاپتوموبىللارمۇ سوغۇقتىن تېزرەك قۇتۇلۇش كويىدا مەنزىلگە ئالدىرىشىدۇ. بىر - بىرىدىن يول تالىشىدۇ. خۇددى بىر - بىرىدىن كاتتىلىق، نوچىلىق تالىشىۋاتقاندەك. هەئە، ئۆتۈشمە يولنىڭ ئېغىزلىرىدا، ئېچىدىكى پەلەمپەيلەردە، پىيادىلەر يولىنىڭ گىرۋەكلىرىدە بىر پارچە كارتون قەغەزنىڭ ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تىلەمچىلەرلا بۇ مۇدهىش سوغۇققا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان قەهرىمانلاردەك تۇيغۇ بېرىدۇ ...

قار ئاسمانىنىڭ قانداق يېرىدىن ياغىدىغاندۇ؟ ياغسا - ياغسا نېمىشقا تۈگىمەيدىغاندۇ؟ قىشتا يېغىپ بولالماي قال-

غانلىرى يازدا ئېرىپ يامغۇر بولۇپ چۈشەمدىغاندۇ؟... كىچىك ۋاقتىمدا ئانام ئېيتىپ بەرگەن مۇنۇ چۆچەك ھېلىمۇ يادىمدا: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ئاسماندىن قىش پەسلىدە قار ئەمەس ئاپپاق ئۇن، ياز پەسلىدە يامغۇر ئەمەس سۈ مېيى ياغارمىشكەن. كىشىلەر قىش پەسلىدە ياغقان ئۇنلارنى سۈپۈرۈپ تاغدەك دۆۋىلىۋالسا، ياز پەسلىدە ياغقان مايلارنى كۆلچەكلەرگە قاچىلىۋالارمىشكەن. شۇ سەۋەبتىن يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلماي، بىر - بىرىگە موھتاج بولماي، باي - كەمبەغەللىكنى، يۇقىرى - تۆۋەنلىكنى بىلمەي ياشايمىشكەن. ھەئە، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ بىلىپ مىللەت، قوۋم، جىنس ئايرىماي قان - قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك مېھىر بېرىشىدىكەن. ئۇلار راھەت - پاراغەتكە شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كەتكەنكى نە ئەمگەكنىڭ، نە دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسىنى بىلمەيدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئايالنىڭ ئىچى سۈرۈپ توختىماي تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئايال چالما ياكى لاتىنىڭ ئورنىدا بالىسىنىڭ قوتىنى تەۋەككۈلدىكى قۇيماق بىلەن ئېرتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن تەڭرى، قىش پەسلىدە ياغدىغان ئۇننى قارغا، ياز پەسلىدە ياغدىغان سۈ مېيىنى يامغۇرغا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلىرى باشلىنىپتۇ. يۈرىكىدىكى مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ، بىر - بىرىدىن نىسۋەھ، يۇقىرى - تۆۋەنلىك تالىشىدىغان، ئاچكۆز، ئىنسابسىز، ھاكاۋۇر، ئاتاكاچى بولۇپ كېتىپتۇ ...

ناۋادا، ھازىر يېغىۋاتقان مۇشۇ قار قايتىدىن ئۇن بولۇپ ياغسا بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى قانداق قىلار بولغىيتتى؟ بىر - بىرىگە مېھىر - مۇھەببەت بېرىپ، بىر - بىرىنىڭ ئادەملىك ھەقلىرىگە رىئايە قىلىپ ياشار بولغىيمىدى ياكى ھېلىقى ناشۈكۈر ئايالدىن ئىبرەت ئېلىپ، مېھنەتسىز كەلگەن نېئمەتلەرنىڭ قەدرىگە يېتەر بولغىيمىدى ۋە ياكى بالىسىنىڭ قوتىنى قۇيماق بىلەن ئېرتىدىغانلار يەنە چىقار بولغىيمىتى؟ ...

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

ئېسىل كىيىملەرگە ئورۇنۇپ غادىيىپ كېتىۋاتقانلارنىڭمۇ، نىمكەش، يېلىڭ كىيىملەرگە قىمدىلىپ مۆكچىيىپ قالغانلارنىڭمۇ ئۈستى - بېشىغا قار توزۇندىلىرى ئوخشاش چۈشۈۋاتاتتى. ئەمما غادايغانلارنىڭ مۆكچەيگەنلەرگە قارار كۆزى يوق. قەدەمدە بىر دوقۇرۇشۇپ تۇرىدۇيۇ سالامغا تاۋى يوق. كۆرۈشمەيدۇ، ئەھۋاللاشمايدۇ. بىر زېمىندا، بىر شەھەردە ياشىمايۋاتقاندەك، بىر كوچىدا تەڭ ماڭمايۋاتقاندەك. ھەئە، تەڭرى ئادەمنى لايدىن ياسىغاندا روھنى كۆزىدىن پۈۋلەپ كىرگۈزگەن.

شۇڭا تۇنجى سەزگۈ كۆزدۇر. كۆز كۆرسە كۆڭۈل كۆزىدۇ، كۆز تونۇسا يۈرەك تونۇيدۇ. مېھىر - مۇھەببەتنىمۇ، غەزەپ - نەپرەتنىمۇ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىمۇ كۆز ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئادەملەر مېھىر - مۇھەببەتتىن پەيدا بولغان. مېھىر - مۇھەببەتتىن ئاۋۇيدۇ، مېھىر - مۇھەببەتتىن روناق تاپىدۇ. ئەمما، بۇ شەھەردىكى مېھىر - مۇھەببەت ئاشۇ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنىڭ سوغۇقىدا مۇزلاپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. باي - زەردارلارنىڭ ئېسىل پىكاپلىرىغا سالاپەت بىلەن چىقىپ، چۈشۈشلىرى سوغۇقتىن قورقمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارمۇ توڭىدۇ، مۇزلايدۇ. مەيلى روزىغارنى ئۇدۇللۇق غەملەۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى كۈندىلىك روزىغارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلاۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى بۈگۈنلۈك روزىغارىغا موھتاج بولۇپ ياشاۋاتقانلار بولسۇن ئوخشاشلا توڭىدۇ، مۇزلايدۇ. تىلەمچىلەرنىڭ داق يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشىمۇ سوغۇقتىن قورقمىغانلىقىدىن ئەمەس. ئۇلارمۇ توڭىدۇ، مۇزلايدۇ. ھەئە، ئادەملەرنىڭ سوغۇقتىن توڭلاپ كېتىشى ھېچ گەپ ئەمەس. مۇھىمى ئادەمىيلىك ھېس - تۇيغۇلىرى، مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ مۇزلاپ كېتىشى.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

قارنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭلاشقا توڭلاپ كەتسەممۇ پەرۋا قىلماي سىرتقا چىقىۋېلىپ قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ قارغا ياندىش خىياللارنى سۈرىمەن. گاھىدا پىيادە، گاھىدا كوچا ئاپتوبۇسىدا ماڭغاچ ئۆزگىچە ھاسىلاتلارغا ئېرىشىمەن.

كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ ئىچى ئۇنىڭغا ئورنىتىلغان پارۋايدىن ئەمەس، قىستىلىشىپ چىقىۋالغان سانجاق - سانجاق ئادەملەرنىڭ تىنىقىدىن ئىسسىپ كەتكەندەك قىلاتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇس قوزغالغاندا، تورمۇزلانغاندا يەقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن تۇتقۇچلارغا مەھكەم ئېسىلىشقان. شۇنداقتىمۇ بىر - بىرىگە سۈركىلىپ، سوقۇلۇپ كېتىشتىن بىر - بىرىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋېلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەمما، خېلى قاتتىق دەسسىلىش، سوقۇلۇشلارغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ئاپتوبۇسنىڭ سىرتىدا بۇنداق كىچىككىنە سۈركىلىش، سوقۇلۇش، دەسسىلىشلەر خېلى چوڭ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىغا، تىل - ھاقارەت، مۇشتلىشىشلارغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى ئۇنداق ئەمەس. مىللەت، جىنس، ياش پەرقى ئايرىشماي بىر - بىرىگە يول قويۇشىدۇ، ئەپۇ قىلىشىدۇ. چۈنكى كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ تۆر - پەگاسى يوق. ئۇنىڭغا چىققان يولۇچىلارنىڭمۇ يۇقىرى - تۆۋىنى يوق. كوچا ئاپتوبۇس ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى مىللەت، جىنس، ياش پەرقىنى، ئۇرۇن - مەرتىۋە ئېگىنى يوق قىلىۋەتكەن. تىنىقلىرىدىن پەيدا بولغان ھارارەت يۈرىكىدە مۇزلاپ كەتكەن مېھىر - مۇھەببەت ھېسلىرىنى ئېرىتىۋەتكەن.



ئاپتوبۇسنىڭ سىرتىدا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

بەستلىك كېلىشكەن يىگىت ئاپتوبۇسنىڭ چۈشۈش ئىشىكىگە يېقىن جايدىكى تۇتقۇچقا ئېسىلىپ تۇراتتى. يېنىدىكى غۇنچە بوي، نازاكەتلىك قىز بولسا ئۇنىڭ بىر قولىغا ئېسىلىۋالغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مېھىرلىك قارىشاتتى، پىچىرلىشاتتى، تاتلىق كۈلۈشەتتى. يىگىتنىڭ قارچۇغا كۆزلىرىدە ئەركىلەرگە خاس تەمەننا، قىزنىڭ چوڭ ـ چوڭ شەھلا كۆزلىرىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خاتىرجەملىك بالقىيتتى. ئاپتوبۇس تورمۇز قىلىۋىدى يىگىت تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان قىياپەتتە كۆكرىكىنى قىزغا يېقىشقا ئۇرۇندى. ئەمما قىز چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى، نارازىلىق تۇيغۇلىرى ئۇچقۇندىدى. چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۈشلىغىنىچە پىچىرلىدى:

— قىلىقسىز!

يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە ئاشىقلارچە تىكىلىپ تۇرۇپ ھىجايدى.

— تىللىمىغىنا، ئەركىلەپ قويدۇم.

— جايىنى تېپىپ ئەركىلەسەن.

— بىلدىم.

قىز بىزارلىق بىلەن سىرتقا قاراپ قويۇپ غۇدۇردى:

— ئەجەب بىر ئاستا ماڭدى بۇ ئاپتوبۇس. سائەت نەچچە بولدى؟

يىگىت، ئۆزۈك كۆرۈۋال دېگەننى قىلىپ بىلىكىدىكى سائەتنى قىزغا كۆرسىتىپ قويدى.

— ۋىيەي، شىنجاڭ ۋاقتى ئىشلىتىدىكەنسەن ـ ھە؟

قىزنىڭ تەلەپپۇزىدا ھەيران قېلىشتىن كۆرە مەسخىرە كۈچلۈك ئىدى.

— ئۈرۈمچى ۋاقتى دېگىنە گاچا، — دېدى يىگىت پەرۋاسىزلىق بىلەن.

— ئىككىسى بىر گەپ، — دېدى قىز تەن بەرمەي.

— ياق، بىر گەپ ئەمەس گاچا.

— دۆت، كالۋا — دېدى قىز نازلىق كۈلۈپ.

ئاپتوبۇس سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ توختىدى. مەنزىلگە كەلگەن يولۇچىلار چۈشۈشكە، يېڭى بىر مەنزىلنى نىشانلىغان يولۇچىلار چىقىشقا باشلىدى. يىگىتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇق بوشىغانىدى. يىگىت چاققانلىق بىلەن ئولتۇرۇۋېلىپ تۇرۇپ قىزغا قارىدى:

— كىلە، بۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋال.

— ئولتۇرمايمەن، ئورۇندۇقنى يېنىڭدىكى ئاۋۇ بوۋايغا بوشىتىپ بەر.

يىگىت خالىمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان بوۋاي «رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغىنىچە ھارغىن گەۋدىسىنى ئورۇندۇققا يۆلىدى.

ئاپتوبۇس قوپال سىلكىنىپ قوزغالدى. كىملەردۇر كىملەرگە سوقۇلدى. كىملەردۇر كىملەرنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدى. ئەمما ھېچكىم غۇدۇرىمىدى. كۆزلەر، چىرايلاردىنمۇ نارازىلىق تۇيغۇلىرى بالقىمىدى. ھېچكىم ھېچكىمدىن ئورۇندۇق تالاشمىدى. چۈنكى بۇ تۆر ـ پەگاسى يوق كوچا ئاپتوبۇسى ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچكىم ئۆزىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن ھېس قىلمايتتى. مىللەت، جىنس، ياش پەرقى ۋاقىتلىق ئۇنتۇلغانىدى. تالا مۇزدەك سوغۇق ئەمما ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى يولۇچىلارنىڭ تىنىقىدا ئىللىپ قالغانىدى.

سىرتتا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

— سوغۇقمۇ توڭىدىكەن ھە ئاغىنىلەر؟

دىققىتىم ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تۆت يىگىتكە بۇرالدى.

— نېمانداق پەلىپەتىش گەپ قىلىسەن ھاي لاڭقا؟

— كاللىسى يوق غۇژژەك، تۈز گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ؟

— ئەمىسە نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

— شۇ دەيمەنغۇ، سوغۇق توڭمىغان بولسا ئىشىكنى ئېچىپ بولغۇچە ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە كىرىۋالماس بولغىيتتى. ئىشەنمىسەڭ ئۆيۈڭگە بارغاندا ئىشىك ـ دېرىزىنى ئېچىپ سىناپ باق.

يىگىتنىڭ ساددا چۈشەندۈرۈشلىرىدىن دوستلىرىمۇ، ئەتراپىدىكى يولۇچىلارمۇ پىخىلداپ كۈلۈشەتتى.

— كاللىسىنىڭ ئازراق سۇيى بار بۇ ئاداشنىڭ.

— ياق، خاتالاشتىڭ. بۇ لاڭقا تەسەۋۋۇرغا ئاشۇنداق باي.

ــ تەپەككۇرى غەلتىرەك دىگىنە.
ــ شۇڭا بىزگە قارىغاندا ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى
مۇئەللىمگە بەك يارايدۇ ئەمەسمۇ؟
ــ شۇنداق قىلىپ سەن ماي بوياقنى تالالۋالدىڭمۇ؟
ــ ھەئە، ماي بوياق سىزىمەن ئەمدى.
ــ ئۇنداق بولسا، يېتەكچى مۇئەللىمنى قايتا تاللـ-
ساڭ بولامدىكىن؟
ــ نىمشقا؟
ــ مۇزەپپەر مۇئەللىم دۆغ بوياق سىزىدىكەن.
ــ نۇرئەلى، قىشلىق تەتىلدە كىم بىلەن بىللە رەسىم
سىزاي دەيسەن؟
ــ شىرزات بىلەن.
ــ قوشنا سىنىپتىكى ھېلىقى ئاۋاقما؟
ــ شۇنداق، مەنزىرىنى بەك پەيزى سىزىدۇ ئۇ.
ــ تېخنىكىسىغۇ راست يۇقىرى. ئەمما بېسىپ ئول-
تۇرغۇدەك قوڭى يوقتە ئۇ ئاداشىنىڭ.

ئاپتوبۇس سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ توختىدى. مەنزىلـ-
گە كەلگەن يولۇچىلار چۈشۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز كۆ-
زۈم ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ كېتىپ بارغان بايىقى كېلىشكەن
يىگىت بىلەن نازاكەتلىك قىزغا چۈشۈپ قالدى. قىز، يـ-
گىتنىڭ قولىغا ئېسىلغىنىچە سول پۇتىنى سۆرەپ چۈشۈۋا-
تاتتى. ئۇزۇن ماھۇق پەلتوسىنىڭ ئېتەكلىرى ئۇنىڭ ئاشۇ
يالغان پۇتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. مەنمۇ ئاپتوبۇس-
تىن چۈشۈپ كېتىش ئۈچۈن، ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلدۈم.
سۈرۈلۈپ كېتىپ بېرىپ، بىرسىنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالدىم.
ئەپۇ سوراش ئۈچۈن دەررۇ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدى ـ
كەينىم، ئوڭ ـ سولۇمدا ئادەم بار. ئەمما ماڭا نارازىلىق
بىلەن تىكىلگەن بىرمۇ چىراينى كۆرەلمىدىم. ھەئە، ھەر-
بىر بېكەتتە يولۇچىلار ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئاپتوبۇسنى چۆ-
رىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلار ئاساسەن بوش قالمايدۇ.
ئورۇندۇق يېتىشمىگەنلەر ئۆرە تۇرۇشقا، قىستىلىپ تۇ-
رۇشقا، سۈركىلىپ، سوقۇلۇپ، دەسسىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر
بولىدۇ. ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن ئاغرىنمايدۇ. ئەمما ئاپتو-
بۇس ئاخىرقى بېكەتكە كەلگەندە يولۇچىلار تولۇق چۈ-
شۈپ كېتىشىدۇ. ئۆزىدە تۆر ـ پەگا ھازىرلىمىغان، يو-
لۇچىلارغا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ھېس قىلدۇرمايدىغان،
سوقۇلۇش، قىستىلىش، دەسسىلىش يۈز بەرسىمۇ ئەپۇ قىلغۇ-
زۇۋېتىدىغان بۇ قاتناش قورالىنىڭ مۇساپىسى ئاشۇنداق تول-
مۇ قىسقا بولىدۇ. ھەئە، كوچا ئاپتوبۇسى لىپمۇلىق مېھرى ـ
مۇھەببەتنى ئېلىپ، ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرىگىنىچە ئاستا كې-
تىپ قالدى. ئەمما، تالا تولىمۇ سوغۇق ئىدى.
قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

ئاپتوبۇس ئىچىدە خېلىلا ئىللىپ قالغان ۋۇجۇدۇم
بىردىنلا مۇزلاشقا باشلىدى. سوغۇق بايامقىدىن خېلىلا
كۈچىيىپ قالغاندەك، شەھەر تېخىمۇ بەك مۇزلاپ كەت-
كەندەك قىلاتتى. بىرلىرى غادايغان، بىرلىرى مۈكچەيگەن
ئادەملەر ھاشار چۈمۈلىلەردەك توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇ-
راتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ ھاشار چۈمۈلىلەر-
نىڭ پەزىلىتى پەقەتلا يوق ئىدى. ھەئە، ئادەملەر شەھەر-
نىڭ يۈرىكى. ئاشۇ يۈرەك ھەرىكەتتىن توختىمايدىكەن،
شەھەر ئەبەدىي مۇزلىمايدۇ. زېمىستانىنىڭمۇ باھارى بار
دەيدىغۇ ئاتا ـ بوۋىلار. زېمىستان قانچە ئۇزۇن دا-
ۋاملاشمىسۇن، شىۋىرغان قانچە كۈچەيمىسۇن باھار ھامان
كېلىدۇ. باھار تىنىقى بىلەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گى-
ياھ، مەۋجۇداتلار قايتىدىن بىخلانغان، ئويغانغانغا ئوخ-
شاش، يۈرەكلەردە مۇزلىغان مېھىر ـ مۇھەببەتلەرمۇ
ئاستا ـ ئاستا ئېرىيدۇ. يۈكسەك ئارمانغا تەلپۈنگەن يۈ-
رەكلەر ھامان مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولىدۇ.
قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى ...

2015ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

«تەپەككۇر» ئالاھىدە سانىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇللاش ئادرېسى:

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى قۇرۇلۇش كوچىسى 320 ـ نومۇر چېڭجى سارىيى 6 ـ قەۋەت 601 ـ بۆلەك
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرناللار نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «تەپەككۇر» ئالاھىدە سانى تەھرىر ئىشخانىسى

ئادرېسىمىزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى:
乌鲁木齐市天山区建设路320号成基大厦6楼601室《新疆青年》杂志社维文编辑部《哲思》增刊部

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون: 2817081 ـ 0991 ئېلخەت: tepekkur@126.com QQ: 910006891

ئالاقىلاشقۇچى: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى



# تاغامنىڭ ھېكايىسى

(ھېكايە)

زۆھرەگۈل ئابدۇۋاھىد

قوشسۆگەت ئاھالىلەر كومىتېتىدا پۈتتۈرۈپ كېلىدىغان ئىشقا باشلىقىمىز رىشات ئىككىمىزنى بەلگىلىدى. ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا، ئىدارىنىڭ ھويلىسىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغان پىكاپقا ئولتۇرۇپ قوشسۆگەت ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراپ ماڭدۇق. شەھەر ئىچىدە ماشىنىلار كۆپ بولغاچ، قەدەمدە بىر توسۇلۇپ، ئون مىنۇتتا بېرىپ بولىدىغان يەرگە يېرىم سائەتتىمۇ يېتىپ بارالمايۋاتاتتۇق.

شوپۇر ماشىنا توسۇلىدىغان بۇنداق ئاۋارىچىلىققا كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك، مېنىڭ جىلە بولۇپ، ئالدى ـ ئارقامغا قاراپ غۇدۇڭشۇپ ئولتۇرغىنىم بىلەن كارى يوق ئالدىغا قاراپ ھېسسىياتسىز ھالەتتە ئولتۇراتتى. رىشاتمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، تېلېفونىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. مانا پىكاپ 100 مېتىر ماڭمايلا يەنە توسۇلدى. ئالدىدا قاتار تۇرغان ماشىنىلارغا قاراۋېرىپ، ئىچىم پۇشۇپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم. ئارقىدىمۇ ئوخشاشلا ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. شۇنداق قاراۋېتىپ يانىدىكى پىيادىلەر يولىدا بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ئايالىمنى كۆرۈپ قالدىم. تۇۋا! كۈپكۈندۈزدە ـ چوڭ كوچىدا ئەيمەنمەي بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقىنىنى قارا؟ خاتا كۆرۈپ قالمىغاندىمەن!؟ مەن كۆزۈمنى چىمچىقلىتىۋېتىپ قايتا قارىدىم. خاتا ئەمەس، ئايالىم دەل ئۆزى شۇ. ئاۋۇ بويىنىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئېسىۋالغان، ھەر بىر قەدەم ئېلىشىغا ماسلىشىپ، يانپىشىدا لىردىكىلىق چايقىلىپ تۇرغان مېغىزرەڭ سومكىنى تېخى ئالدىنقى يەكشەنبە بىللە بازار ئايلانغاندا سېتىۋالغان. ئۇچىسىدىكى قىزىل رەڭلىك چاپان، پۇتىدىكى كالتە قونجىلىق ئۆتۈك ھەممىسى ماڭا تونۇش. ئاۋۇ قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان يىگىت كىم؟ پىكاپتىن چۈشۈش ئۈچۈن قولۇم تۇتقۇچقا باردى، پۇتۇم قىمىرلىدى. لېكىن پىكاپتىن چۈشمىدىم. كۆز ئالدىمغا ئاغزىدىن قان ساقىغان ھالدا سۇپىدا ياتقان تاغام بىلەن «بىر ئىناق ئائىلە قۇرۇش سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىنمۇ تەس» دەپ ساقىلىنى سىيپاۋاتقان بوۋام كەلدى. شەيتىنىمغا ھاي بېرىپ، ئالدىمغا قاراپ لېۋىمنى چىڭ

چىشلەپ ئولتۇرۇۋالدىم. «كەچتە ئۆيگە بارغاندا ھەممىنى ئىنقلايمەن. بۇ كوچىدا ئادەم يىغىپ جېدەل قىلىپ، تاغامدەك ئىش قىلسام بولمايدۇ» ئۆز ـ ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ پىچىرلىدىم.

تاغام بويى ئېگىز، قاشلىرى قاپقارا، مىجەزى ئىتتىك ئادەم ئىدى. دادام بىلەن تاغام ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان چوڭ قورۇنى بۆلۈشۈپ جاي سېلىپ ئولتۇرغاچقا، بىز تاغام بىلەن قوشنا ئىدۇق. ئارىنى پەقەت بىر قەۋەت توپا تام ئايرىپ تۇراتتى. تامنىڭ ئۆيىمىزنىڭ كەينىگە تۇتاشقان يېرىدە بىر قاناتلىق كىچىك ياغاچ ئىشىك بار ئىدى. بىز ئىككى ئۆينىڭ باللىرى شۇ ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىپ ئوينايتتۇق. تاغام مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى تۈپەيلى خوتۇنى بىلەن تولا سوقۇشۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى تامدىن ھالقىپ بىزنىڭ ھويلىغا ئاڭلىناتتى. بۇنداق چاغدا ئاپام:

ــ ئوھۇش! ماۋۇ چۈجە ـ خورازلارغا يەنە نېمە بولغاندۇ؟

ــ دەيتتى.

ۋارقىراشلار ئەدەپ كەتسە، كىچىك ئىشىكتىن ئۆتۈپ تاغامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، ئىككىسىگە نەسىھەت قىلىپ جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ قويۇپ چىقاتتى. تاغامنىڭ ھويلىسىدا تامغا يۆلەپلا سالغان بىر تونۇر بار ئىدى. تاغامنىڭ خوتۇنى نان ياققان چېغىدا تونۇر بېشىغا چىقسا بىز ھويلىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرەلەيتتۇق. تاغامنىڭ خوتۇنى ئاپام بىلەن تاكى بىر تونۇر ناننى يېقىپ بولغىچە تونۇر بېشىدا تۇرۇۋېلىپ پاراڭلىشاتتى. ئاپامۇ بۇنداق چاغدا قولىدىكى قارىداپ كەتكەن كورىنى كۆتۈرۈپ، تامغا يېقىنراق جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولىدىكى كورىنى قۇمداپ ئاقارتقاچ، تاغامنىڭ خوتۇنى بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇلار زادى نېمە دېيىشەتتىكىن، ئىككىسى بىر گەپلەشكىلى تۇرسا، بىرى توختىسا بىرى سۆزلەپ پەقەت گېپى تۈگىمەيتتى. تاغامنىڭ خوتۇنى نان ياققاندا بىز باللارغا ئاتاپ كىچىك توقاچلارنى يېقىپ، تونۇردىن سويۇپ ئېلىپلا، ئىسسىق پېتى ياغاچقا سانجىپ بىزگە تۇتقۇزۇپ قوياتتى. گەرچە بۇ كىچىك توقاچنىڭ تەمى، ئاپام ياقىدىغان چوڭ توقاچنىڭ تەمى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، توقاچ كىچىك، چىرايلىق ھەم قولىمىزغا چوكا مۇزدەك ياغاچقا سانجىپ تۇتقۇزۇپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، بىزگە بۇ توقاچ باشقىچە تەملىك تېتىيتتى. تاغامنىڭ قىزى ماھىرە دائىم ئاپىسىنىڭ تونۇرغا «چۈشۈپ كېتىسەن» دەپ ۋارقىراشلىرىغا قارىماي تونۇر بېشىغا چىقىۋېلىپ، بىزنىڭ ھويلىغا قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. مەن ماھىرەنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىشقا نېمانچە ئامراقلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈم شۇ تونۇر بېشىغا چىقىپ باققاندا ئاندىن بىلدىم. تونۇر بېشىغا چىققاندا ئادەمنىڭ بويى ئۆسۈپ قالغاندەك بولۇپ، ئادەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدىغان نەرسىلەرگە، ئۈستىدىن قارىغىلى بولىدىكەن. پاكار تۇرۇپ بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ قاراش بىلەن ئېگىزدىن پەسكە غالىبلارچە قارىغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدىكەن. مەن شۇ چاغدا ماھىرەنىڭ تونۇر بېشىدا تۇرۇپ، بىزنىڭ ھويلىغا قارىغاندىكى تۇرقىدا مەغرۇرلۇق، غالىبلىق ئىپادىلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بىز ئىككى ئائىلە ھەم قوشنا ھەم تۇغقان بولغاچقا ئاپامدىن قالسىلا تاغامنىڭ ئايالى بىزگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئايال ئىدى.

توققۇز ياش چاغلىرىم ئىدى. بىر كېچىسى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ ئۇدۇلدىكى دېرىزىدىن تاغامنىڭ ھويلىسى تەرەپنىڭ غۇۋا يورۇپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭمۇ شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

ــ چىقىپ قاراپ باقامدۇق، نېمە ئىش بولدىكىن دېدى، ــ يېنىمدا ياتقان ئاكام. ئەسلى ئاكامۇ ئويغىنىپ كەتكەنىكەن.

بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقانچە ھېلىقى كىچىك ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدۇق. تاغامنىڭ ھويلىسىغا بىر مۇنچە ئادەملەر يىغىلىۋاپتۇ. بىرلىرىنىڭ قوللىرىدىكى قولچىراغنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تەۋرىنىپ، ئادەملەرنىڭ سايىسىنى بىردە دېۋىدەك ھەيۋەت قىلىپ ئۇزارتسا، بىردە پەتەك ئادەمدەك دىقماق قىلىپ قوياتتى. تالباراڭنىڭ سايىسىمۇ قولچىراغنىڭ نۇرىدا پۇلاڭلاپ، ئادەمنى قورقۇتاتتى. ئاكام ئىككىمىز كىچىك ئىشىكتىن ئۆتۈپ، تاغامنىڭ ھويلىسىغا كىردۇق. تاغامنىڭ خوتۇنى تاجىگۈل ئاپام ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاغزى ـ بۇرنى قان يېتىپتۇ. ئاپام قاتارلىق بىر نەچچە ئايال بېشىدا چېكىلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپتۇ. ھويلىنىڭ تالا تەرەپ تېمىنىڭ تۈۋىدە ئىككى ئادەم تاغامنى ئىككى قولىدىن تۇتۇۋاپتۇ. تاغام ئۇلارنىڭ قولىدىن بوشانماق بولۇپ يۇلقۇناتتى. بۇقىدەك ھۆركىرەپ تۇرۇپ كىمنىدۇر تىللايتتى. مەن ئۇنىڭ غەزەپ ـ ئاچچىقتىن كېسىلگەن، بوغۇلغان ئاۋازىدا «ھۇ بۇزۇق، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەنلىرىنى ئاڭقاردىم.

ئاڭغىچە بىزنى كۆرۈپ قالغان ئاپام:

ــ بۇ يەردە كىچىك باللارنىڭ ئىشى يوق، كىرىپ كېتىڭلار، ــ دەپ بىزنى كىرگۈزۈۋەتتى.

تاغامنىڭ ھويلىسىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىز ئۇخلاپ قالغىچە بېسىقمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ مەن تاغامنىڭ خوتۇنى تاجىگۈل ئاپامنى ئۇ ئۆيدە كۆرمىدىم. قىزلىرى ماھىرە، ئادىلە، گۈلمىرەلەرنىڭ چاچلىرى پاخپىيىپ، چىرايلىرىدىن توپا ئۆرلەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ماھىرەنىڭ تونۇر بېشىغا چىقىپ بىزنىڭ ھويلىغا قاراپ كۈلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

بىر كۈنى تاغام ئەمدىلا چىش چىقىۋاتقان ئوغلى جۈرئەتنى يۆگەككە يۆگىگەنچە كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاپامغا:

ــ بالىغا قاراپ بەرسىڭىز ، ــ دېدى.

ــ ۋاي ئەمدى مۇشۇ ئېمىۋاتقان بالىنىمۇ ئەكىلىۋالدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى ئاپام تاغامنىڭ قىلىقىدىن نارازى بولۇپ.

ــ ئۇنى قويىۋېتىمەن. بالامغا ئەمدى ئۇنىڭ پاسكىنا سۈتىنى ئەمگۈزمەيمەن.

ــ تاجىگۈلنىڭ ئاق ــ قارىلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. ناشايان بىر ئىشنى كۆرگەن بەندە يوق. ئۇ كۈنى تامدىن سەكرەپ قاچقان ھېلىقى ئادەم ئوغرىمۇ تېخى. ئىنقىلاپ كۆرمەيلا ئىش تېرىپ قويدىڭىز. ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئەمەس، تۆت بالا بار. قويىۋېتىمەن دېگەن گەپنى ئالدىراپ قىلماڭ.

ــ بۇ ئىشنى شۇنچە كۆپ ئادەم بىلىپ كەتكەن تۇرسا، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۆي تۇتالايمەن.

ــ شۇ خەقلەرگە ئۆزىڭىز بىلدۈرگەنسىز. «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. ئۇنداق ۋارقىراپ ــ جارقىراپ ئادەم يىغماي، ما يەردە ئاكىڭىز بىلەن مەن بولغاندىكىن، بىزنى چاقىرىپ مانداق ئىش بولدى، دېگەن بولسىڭىز. ئىشنىڭ ئاق ــ قارىسىنى ئايرىپ لايىقىدا بىر تەرەپ قىلمامدۇق. مانا، قىزىق قانلىق قىلىپ، ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز ئىش تېرىدىڭىز. بۇ ئىشنىڭ سورىقى ئەر ــ خوتۇن ئىككىڭلار بىلەن كەتمەيدۇ، بالىلارنىڭمۇ پېشانىسىگە چېپىق بولىدۇ. ئاجراشاق ئوڭاي، بىراق بۇ تۆت بالىنىڭ مەسىلىسى سىز ئېلىۋالغانلىق بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ.

مەن شۇ چاغدا تاغامنىڭ چىرايىدا پۇشايمانلىق بىر تۇيغۇنىڭ ئەگىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

كېيىن تاغام ئۆيلەندى. تاغامنىڭ ئىلگىرىكى ئايالى تاجىگۈل ئاپام ئارىلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بالىلىرىنى كۆرۈپ كېتەتتى. تاجىگۈل ئاپام ھەر قېتىم كەلگەندە، بىزنىڭ ئۆيدە يىغا ــ زار بولۇپ كېتەتتى. تاجىگۈل ئاپام بىلەن قىزلىرى ھەر كۆرۈشكەندە ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتەتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىمىزگە ياش كېلەتتى.

تاجىگۈل ئاپاملار چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان بۇ ئازابلىق كەيپىيات بىزنىڭ ئۆي ئىچىدە خېلىغىچە ئەگىپ يۈرەتتى. بىز بۇ كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە كۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشقىمۇ كۈلەلمەي، مەيۈس ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق.

چوڭ بولۇپ بىلسەم، تاغام ھېلىقى ئاكام بىلەن ئىككىمىز ۋاراڭ ــ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن كېچىسى بىر يەرگە بېرىپ قايتىپ، يېرىم كېچە بىلەن ئۆيگە كېلىپ، دەرۋازىنى قېقىپتۇ. ئايالى دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. تاغام ھويلىغا كىرىپ تۇرۇشى، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىرىنىڭ يولغا «گۇپ» قىلىپ سەكرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

تاغام كەينىگە يېنىپ سىرتقا چىقسا، بىرى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك، تاغام قوغلاپتۇ. قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم يول بويىدىكى بىر پاكار تاملىق ھويلىنىڭ تېمىدىن ئاتلاپلا، يوقاپ كېتىپتۇ.

تاغام ئۇ ئادەمنى قوغلاپ تۇتالماي، كۆڭلىدە خوتۇنۇم بىلەن ناشايان مۇناسىۋەتتە بار بىرى مېنى يوق دەپ ئۆيگە كېلىپ، مېنىڭ كېلىشىم بىلەن قېچىپ كەتتى، دەپ ئويلاپ ئۆيگە كېلىپ ئايالىنى يوتقاندىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۇرۇپ كېتىپتۇ. تاغام ئايىماستىن ئۇرۇۋەرگەچكە، ئايالى تاياققا چىدىماي نالە ــ پەرياد قىلىپ ۋارقىراپتۇ. بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتكەن قوشنا ــ قولۇملار تاغامنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىپتۇ. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، تاغامنىڭ خوتۇننى ئەيىبلىۋالغۇسى بولسىمۇ، شۇ كېچىدىكى سەتچىلىكنى نۇرغۇن ئادەم بىلىپ كەتتى، ئەمدى خوتۇنۇم بىلەن يارىشىسام تۆكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئاغزىمغا ئالغان بولىمەن، يۈزۈمگە سەت، دەپ باشقىدىن ئۆيلىنىپتۇ.

تاغامنىڭ كېيىنكى خوتۇنى تۇغماس بولغاچقا، تاغامنىڭ بالىلىرىنى ئۆز كۆرۈپ ئۇلارغا كۆيۈندى. «ئابلىكىم ئۆيلەنسە، ئالغان خوتۇنى بالىلارنى ئۆگەيلەپ قويارمۇ» دەپ ئەنسىرەپ يۈرگەن ئاپام بىلەن دادامنىڭ كۆڭلىمۇ تىندى. بىزگە ئۇلار خېلى ئوبدان ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بىر كۈنى ئاپامنىڭ دادامغا تاغامنىڭ چوڭ قىزى ماھىرەنىڭ لايىقىنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ «ئوغلىمىز ئالماقچى بولغان قىزنىڭ دادىسى ئايپىسىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتكەنىكەن، ‹ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز› دەيدىغان› گەپ بار. بۇنداق ئائىلىنىڭ قىزىنى قانداق كېلىن قىلغىلى بولىدۇ» دەپ توي قىلىشقا قوشۇلمىغانلىقىنى دەپ بېرىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. كېيىن ماھىرە شەھەردىن يىراق بىر ناھىيەگە توي قىلىپ كەتتى. بۇنداق تەقدىر تاغامنىڭ كىچىك قىزىنىڭمۇ بېشىغا كەلدى. گەرچە يىگىت چىڭ تۇرۇۋېلىپ گۈلمىرەنى ئەپقېچىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ گۆشىيىپ تۇرۇۋېلىپ ئاتا ــ ئانىسنى مەجبۇرىي توي قىلغۇزغان بولسىمۇ، قېيىنئانا، قېيىنسىڭىللىرى دائىم ئاتا ــ ئانىسىنىڭ سەتچىلىكىنى دارتمىلاپ يۈزىگە سالىدىكەن.

بىر ھېيتتا تاغامنىڭ ئۈچ قىزى بىزنىڭ ئۆيگە ھېيتلەپ كىرىپ ئۆز ئارا دەرد تۆكۈشۈپ كەتتى. مەن ياندىكى ئۆيدە ئىدىم.

ئوچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بۇ ئۆيگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاي، شۇ ئىش ئەجەب پوقتەك سۇۋىنىپ، پىشانىمىزدىن كەتمىدى، ئۇنتۇپمۇ قالمايدىكەن بۇ خەقلەر، — دېدى تاغامنىڭ ئوتتۇرانچى قىزى ئادىلە.

— مەن دادامدىن نەپرەتلىنىمەن. شۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزۈم مۇھەببەتلەشكەن ئادەم بىلەن توي قىلالمىدىم، بۇ شەھەردىن يوقالسام شۇ گەپتىن قۇتۇلىمەن دەپ، چۈشەنمىگەن، سىرداشمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىپ دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ئاجراشسام يەنە مۇشۇ شەھەرگە يېنىپ كېلىدىغان گەپكەن دەپ، چىشىمنى چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەردە دەردىمنى تۆككىدەك بىرەر تۇغقىنىم، دوستۇم يوق. ئادەملىرىدىن تارتىپ يوللىرىغىچە ماڭا ناتونۇش، — ماھىرە گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالماي يىغلاپ كەتتى.

— مەنمۇ شۇ ئىش تۈپەيلى قېيىنئانام بىلەن قېيىنسىڭلىلىرىمنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇق. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ئاللىكىملەرنى دېگەن بولۇپ شۇ گەپنى بىر دەۋىلىۋاتقان، — دېدى گۈلمىرە.

ئېسىمگە ئاپامنىڭ «بۇ ئىشنىڭ سورىقى ئەر – خوتۇن ئىككىلار بىلەن كەتمەيدۇ، باللارنىڭ يۈزىگىمۇ چېپىق بولىدۇ» دېگەن گېپى كەلدى.

ئاشۇ قىزىقتان، غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان تاغام ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ھويلىسىدا قار تازىلاۋېتىپ، يىقىلىپ چۈشكەنچە مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، شۇ ياتقانچە بىر ھەپتە يېتىپ، ئۆرە بولالماي ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ئەسلى دوختۇرغا ۋاقتىدا ئاپارغان بولسا ساقىيىپ قالاركەن. بىراق، خوتۇنى باللىرىغا، باللىرى خوتۇنىغا دوختۇر پۇلىنى تۆلەشنى بەس سېلىپ، ئۆيدە بىر كۈن تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. بىز ئەھۋالنى ئۇقۇپ كىرگەندە، تاغامنىڭ خوتۇنى بىلەن باللىرى بىر – بىرىگە ھۆرپىيىشىۋاتقانىكەن.

— ھەي خوتۇن، دادامدىن قالغان مال – دۇنيانى كۆرۈپ توخۇدەك پوكىنىڭغا بېسىپ يېتىۋالغۇچە چىقارساڭ بولمامدۇ؟! — دېدى تاغامنىڭ ئوغلى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا تاغامنىڭ مۇشۇ خوتۇننى ئاپا دەپ، ئېتىكىگە ئېسىلىپ چوڭ بولغانىدى.

— داداڭلار تاپقىنى بىلەن سىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، تويۇڭلارنى قىلدى. ئۆيدە نەدىمۇ ئارتۇق پۇل بولسۇن، — دېدى تاغامنىڭ ئايالى ئۆزى باققان باللىنىڭ قوپاللىقىدىن كۆڭلى رەنجىگەن ھالدا.

— ئالتۇن جابدۇقلىرىڭىزنى ساتسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى ئادىلە ئۆگەي ئاپىسىغا تىك قاراپ.

— ئالتۇن جابدۇق دېگەن مەندىلا بارمۇ؟ ئۇ ماڭا ئەر بولسا، سىلەرگە دادا. سىلەر نېمىشقا ئالتۇن جابدۇقلارنى ساتمايسىلەر؟ سىلەر ياش بولغاندىكىن ئۇ نەرسىلەرنى يەنە ئېلىۋالالايسىلەر، مەندەك بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرى كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى شۇنىڭ بىلەن قامدىمىسام، مېنى باقىدىغان باللىرىم بارمىدى؟ — دېدى تاغامنىڭ ئايالى، بىگىز قولى بىلەن تاغامنى جۆنەپ تۇرۇپ.

— ما يەردە بىر ئادەم ئۆلگىلىۋاتسا، دوختۇرغا ئاپارماي نېمە كوت – كوت؟ — دېدى دادام ئاچچىقى بىلەن.

دادامنىڭ گېپى بىلەن ئۇلارنىڭ جېدەلى بېسىققان بولدى.

مەن شۇ چاغدا تاغامنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىۋاتقىنىنى كۆردۈم. دېمەك، تاغام بۇ يەردە بولغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ، بىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ گەپ قىلالمىغىنى، ئىنكاس قايتۇرالمىغىنى بىلەن ئاڭلاش سەزگۈلىرى ساقكەن. ماڭا تاغامنىڭ چىرايىنى پۇشايمانلىق ھېسلار قاپلىۋالغاندەك، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى پۇشايمانلىرى بىر دەريا بولسا، كۆزىدىن ساقىغان بۇ ئىككى تامچە ياش بۇ دەريانىڭ ئەڭ ئاخىرقى تامچىسىدەك تۇيۇلدى. بۇ پۇشايمان دەرياسى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. دادامدەك ياۋاش ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن، تاغامنىڭ خوتۇنى بىلەن باللىرىنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ئادەمنى قۇتقۇزماي، ياتقۇزۇپ قويۇپ بېشىدا جېدەل قىلغان ئىشنى تاغام بىلىپ يېتىپمۇ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. دېمەك، ئادەم غۇرۇرلۇق بولۇشقىمۇ كۈچ – ماغدۇر كېتىدىكەن. تەندىن ماغدۇر قاچقاندا غۇرۇرىنى قوغداش ئۈچۈن گەپمۇ قىلالماي قالىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنى كەچتە تاغامنى دوختۇرغا ئاپارغان بولساقمۇ، كېچىكىپ قالغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي تۈگەپ كەتتى.

كۆز ئالدىمغا دائىم ھېلىقى كېچىدىكى قۇترىغان يىلپىزدەك ھۆركىرەپ، ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن بوشىنالماي خوتۇنىغا خىرىس قىلىۋاتقان تاغام بىلەن، خوتۇن باللىرى بېشىدا جېدەل قىلىۋاتسا، قاپىقىنىمۇ ئېچىپ قارىيالماي، ئاغزىدىن قان ساقىپ ياتقان تاغام كېلىدۇ. تاغام تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئاپام دائىم:

— باللار ئانىغا ئۆز بولغان بولسا، ئىشلار ئۇنداق بولمايتتى. دادىسىنى داۋالىتىدىغان ئىشنى باللار ئانىسىغا بەس سالمايتتى. ئۆگەي دېگەننىڭ ئېتى يامان بولىدۇ. قاراڭلار جۈرئەتنى، بۇۋىخەلچەم بۇ باللىنى يېشىغا تەگمەي تۇرۇپ قولىغا ئېلىپ باق-

قان، ۋاقتى كەلگەندە ئۆز ئانىسىغا ئوخشاتمىدى. بار بولغۇلۇق ئابلىكىمگە بولدى. «بەس بار يەردە نەس بار» دەپ ۋاقتسىز تۈگەپ كەتتى، — دەپ يۇردى.

مەن توي قىلىدىغان چاغدا ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقاندىن كېيىن بۆلەكچە مىسكىنلىشىپ كەتكەن چوڭ دادام:

— بالام توي قىلغىلىۋاتىسەن، ئەمدى بۇرۇنقى بەڭۋاشلىقىڭنى تاشلا. ئائىلە قۇرۇشنى ئۇنداق ئاددىي چاغلاپ قالما. «ياخشى بىر ئائىلە قۇرۇش، سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىنمۇ تەس» رەھمەتلىك تاغاڭدەك قىزىققان بولما. ئائىلىدە زىددىيەت كۆرۈلگەندە، بىرەر ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەندە ئېغىر بول. ئەھۋالنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ يەڭ تۈرۈپ چىقما. مانا تەجرىبە — ساۋاق كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. رەھمەتلىك تاغاڭنى ئاشۇ ئىشى ئۈچۈن پۇشايمان قىلمىدى دەمسەن. چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا جېدەل قىلىپ رەسۋا بولغان تۇرسام، قانداق يارىشىمەن دەپ خوتۇنى بىلەن ياراشمىغان. كۆردۈڭ ئاخىرى يېنى يەرگە تەككەندە، دوختۇرغا ئاپارغىلى ئادەم چىقمىدى. ئادەم دېگەن كۈچ — قۇۋۋىتى بار چاغدا، ئۇنداق كۆرەڭلەپ كەتسە بولمايدۇ. ۋاقتى كەلگەندە بىر پىيالە سۇنى ئېلىپ ئىچەلمەي قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئۆلگەندە جىنازىغىمۇ ئۆزى ئۆمىلەپ كىرىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇ خوتۇن — باللىرى يەرلىكدە قويىدىغان گەپ. ۋاقتىدا قايىنمىغان بىر چۆگۈن چاي ئۈچۈن، تىللىغا تېتىمىغان بىر چىنە تاماق ئۈچۈن جېدەل قىلىپ ئائىلەڭنى پاراكەندە قىلما ...، — دەپ بىر مۇنچە نەسىھەت قىلغانىدى.

«خۇدايىم بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالسىدى...» ئالدىمغا قاراپ ئولتۇرۇۋالغىنىم بىلەن ئايالىمنىڭ بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقىنىنى پۈتكۈل سەزگۈلىرىم تۇيۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئايالىم ئاشۇ ئېگىز پاشنىلىق كالتە خۇرۇم ئۆتۈكى بىلەن ماۋۇ سېمونت يولغا ئەمەس، يۈرىكىمگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك، ئاغرىق كىرىپ كېتىۋاتاتتى. تاغامنىڭ تېمىدىن سەكرىگەن ئادەمنىڭمۇ تاغام ئايالى بىلەن بىللە تۇرغان ھالدا كۆرمەپتىكەن. ئۇنى بىر نەرسە ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوغرى بولۇشى مۇمكىن دېگىلى بولار. بۇ ئىشىنچۇ؟ كۆپكۆندۈزدە جاراستاندا بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان ماۋۇ ئاتالمىش خوتۇنۇمنىڭ قىلىقىنى نېمە دەپ چۈشەنگىلى، قانداق ئۇقۇشماسلىق، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟! ئەگەر ئارىمىزدا ئىككى قىزىم بولمىغان بولسا، ماشىنىدىن چۈشۈپلا چېچىدىن تۇتۇپ راسا سالغان بولاتتىم. ئۆلتۈرۈۋېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. قىزلىرىمنىڭ تاغامنىڭ قىزلىرىنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن چىداپ تۇراي. كەچ بولسۇن، ئۆيگە بارغاندا ئىشىك — تۆڭلۈكنى تاقاپ، جاجىسىنى شۇ چاغدا بېرىمەن. ئەتىلا خېتىنى بېرىپ يولغا سالىمەن.

— ئاۋۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭمۇ؟ — دېدى رىشات پىكاپنىڭ دېرىزىسى ئالدىغىلا كېلىپ قالغان خوتۇنۇمنى كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ گېپى بىلەن شوپۇر بېشىنى بۇراپ قاراپ ھاڭۋاققىنچە تۇرۇپ كېتىپ «ئۇش» قىلىپ مەسخىرىلىك ئىسقىرتىپ قويدى. ئاندىن:

— پاھھوي، قالتىس چوكانكىنە بۇ! — دېدى.

مەن ئەڭ قورققان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ماۋۇ نىجىس يول ئېچىلغان بولسا، پىكاپ مېڭىپ كەتكەن بولسا، خوتۇنۇمنىڭ بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقىنىنى ماۋۇ ئىككىسى كۆرۈپ قالمىغان بولسا بولاتتى.

مەن خوتۇنۇمنى قويۇۋەتسەممۇ ئىككى قىزىمنىڭ كېيىنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى شاۋ — شۇۋ قىلماي قويۇۋەتمەكچىدىم. ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئايغىنى قانداق بېسىقتۇرغۇلۇق. بايىدىن بېرى خوتۇنۇمنىڭ بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ، مېڭىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئىچ — باغرىمنى خۇن قىلغان بولسا، بۇ ئىشنى ماۋۇ ئىككىسىنىڭ كۆرۈپ قالغىنى مېڭەمنى قوچۇپ ساراڭ قىلىپ قوياي دېدى.. بۇ ئىشنى زادى قانداق چۈشەندۈرۈپ، بۇلارنى قايىل قىلغۇلۇق ئەمدى. بۇ ئىش مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئاغزى ئارقىلىق جىمى شەھەرگە تارايدۇ. ياخشى ئىش قىلغان ئۆلگىلىك ئادەملەرنى گېزىتكە ماختاپ يېزىپ، تېلېۋىزورغا چىقىرىپ سۆزلەپ، ئاران دېگەندە خەقلەرگە بىلدۈرگىلى بولغىنى بىلەن بۇنداق يامان ئىش 32 چىشتىن قۇتۇلدىمۇ بولدى 32 مىڭ قۇلاق ئاڭلايدۇ.

ئۇ ئىككىسى ماڭا خۇددى ياۋايى ئادەمگە قارىغاندەك ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىشىپ قويۇپ، قايتىدىن پىكاپنىڭ ئەينىكىدىن بويۇنداپ، خوتۇنۇمغا ئۇنىڭ بىر يىگىتنى قولتۇقلىغانچە كېتىۋاتقان ھالىتىگە قاراشقىلى تۇردى. كۆزۈمگە ئايالىمنىڭ مېڭىشىدىن تارتىپ يانپېشىدا پۇلاڭشىپ تۇرغان سومكىسىغىچە شۇنداق چاكىنا، شاللاق كۆرۈنۈپ كەتتى. ماۋۇ يېنىمدىكى ئىككىسى ئىچىدە بەلكىم «بۇ يۇمشاقباش نېمىشقا سەكرەپ چۈشۈپلا، ماۋۇ ئىككى بىنومۇسنىڭ جاجىسىنى بەرمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقاندۇ؟

ئالدىدىكى يول ئېچىلىپ پىكاپ قوزغالدى. بايا پىكاپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بىزدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن خوتۇنۇمغا بىر دەمدىلا يېتىشىۋالدۇق. ئۇ يەنىلا ھېلىقى يىگىتنى قولتۇقلاپ توختىماي گەپ قىلىپ كېتىپ باراتتى.

خۇددى ئاللا مېنىڭ قانچىلىك سەۋر قىلالايدىغانلىقىمنى سى-

نماقچى بولغاندەك يەنە ئۇچراشقنى نېمسى؟

— پكاپنى يانغا تارتىپ توختاتقىنا، — دېدى رشات شوپۇرغا.

«رشات نېمە قلماقچىدۇ؟ مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئىشنىڭ سورىغنى قلماقچىمدۇ؟» كاللام ئىشلىمەيلا قالدى. مېڭەم ئابا-يىلا پىكىر قلىشتىن توختاپ قالغان. شۇڭا رشاتقا «نېمە قلىد-سەن؟» دەپمۇ سوئال قويمىدىم. ۋۇجۇدۇمدا گەپ قىلغىدەكمۇ ماغدۇر قالمىغانىدى.

شوپۇر پكاپنى توختاتتى. رشات پكاپنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈ-رۈپ ئارقىمىزدا قالغان خوتۇنۇمنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى.

— هوي، ئالىيەغۇ بۇ، — دېدى رشات خوتۇنۇم پكاپنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە خۇددى ئەمدىلا كۆرگەندەك بىر سىياقتا.

خوتۇنۇم شۇ چاغدىلا گەپ قىلىشتىن توختاپ، بىز تەرەپكە قاردى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ دېسەم، خىيالدا يوق هجىيىپ:

— هە، سىلەرمىدىڭلار، نەگە ماڭغان؟ — دەيدۇ. يېنىدىكى يىگىتمۇ سالاملىشىپ قويۇپ قاراپ تۇردى.

— ماشىنغا چىقڭلار، ئاپىرىۋېتەيلى، — دېدى رشات خو-تۇنىمنىڭ «كۆن نۇرى» تاللا بازىرىغا ماڭغىنىنى ئاڭلاپ.

خوتۇنۇم بىلەن هېلىقى يىگىت پكاپقا چىقتى. خوتۇنۇم ماڭا قاراپ:

— قايىقڭىز چۈشۈپ كېتىپتىغۇ، نېمە بولدى؟ — دەيدۇ تېخى. مانا مۇنداق بولدى دەپ ئېغىز — بۇرنىنى قان قىلغان بولسام...

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ تونۇمىدۇققۇ؟ — دېدى رشات يە-گىتنى ئىما قىلىپ:

رشاتنىڭ گېپى بىلەن خوتۇنۇممۇ، هېلىقى يىگىتمۇ كۈلۈپ كەتتى.

خوتۇنۇم كۈلۈپ قورسقىنى تۇتۇپ تولغىشىپ كەتتى. كۈلۈ-ۋېتىپ ماڭا قاراشلىرىچۇ تېخى؟

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى رەخمە، بىزنىڭ ئىدارىغا يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلدى، — دېدى خوتۇنۇم بىر هازا كۈلۈپ بولۇپ.

— بۇياق قىزمۇ؟ — دېدى شوپۇر چىرايىنى غورا يەۋالغاندەك تۇرۇپ.

— قىز! مۇشۇنداق ئوغۇل بالىدەك يۈرۈشكە هېرىسمەن قىزكەن، — دېدى خوتۇنۇم ماڭا قىيا بېقىپ قويۇپ.

بىز قايتىدىن ئۇ قىزغا قاردۇق. نەرى قىزغا ئوخشىسۇن. قىسقا ياساتقان چېچى، ئەرەنچە بوغماق چاپىنى، ئەرەنچە شىمى، قوپال ئەرەنچە ئايىغى، بىلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىر تۇتام ئاچ-قۇچى، گىرىمسىز قۇرغاق، قارامتۇل يۈزى. قىزلاردەك لەۋلىرىنى هىملاپ سۆزلۈپ تۇرماي، كالپۇكىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ،

ئاغزىنى سەل ئېچىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇشلىرى، بايقى سالىمچۇ تېخى! هېچبىر تۇرقىدىن، يا قىلىقىدىن قىزلارغا خاس سۈپەت تېپىلمايدۇ.

ئۇچىمىزنىڭ قاراشلىرىدىن سەل بىئارام بولغان بۇ قىز ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ ئالدىمدا بىر ئاكام بولىدىغان، ئىسمى رەخىم ئى-دى، مەن بەش ياش ۋاقتىمدا ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ تۈگەپ كەتكەن. ئاتا — ئانام شۇ ئاكامنىڭ ئوتىغا چىدىماي، ئاكامنىڭ كىيىملىرىنى ماڭا كىيگۈزۈپ «مانا، مانا ئەينى رەخىمگە ئوخشى-دى» دەپ كېتەتتى. ئەزان توۋلاپ قويغان مەغفىرەت دېگەن ئىسمىمنىمۇ چاقىرماي، رەخىم دەپ چاقىرىۋېرىپ ئىسمىم رەخمە بوپقالدى. شۇنداق قىلىپ ئاكامنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈپ، چوڭ بولغاچقىمۇ قىز بالىلارنىڭ كىيىمىنى كىيگىم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايىممۇ قىز بالىنىڭ چىرايىغا ئەمەس، ئوغۇل بالىنىڭ چىرايىغا بەكرەك ئوخشايدۇ. شۇڭا بىل-مىگەن كىشىلەر مېنى ئوغۇل بالىمىكىن دەپ قالىدۇ.

— هە شۇڭا قاپاقلىرىڭىز بارائىغا ئالغۇدەك بوپكېتىپتىكەن — دە — دېدى ئايالىم بايقى كەيپىياتىمنى ئەمدى چۈشىنىپ.

— سىلەرنى بىزلا ئەمەس، كوچىدىكى هەممە ئادەم خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ. بولسا كوچىدا مۇنداق قولتۇقلىشىپ ماڭ-ماڭلار، بۇنداق ماڭساڭلار رەخمەنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىد-غانلارغۇ هە ئۇ قىز دەر، بىلمەيدىغانلارچۇ؟ شۇ بىزدەك چۈشى-نىدۇ. بولسا سىزمۇ ئۇكام ئەمدى بۇنداق كىيىملەرنى كىيمەي، قىز بالا بولغاندىكىن قىز بالىدەك يۈرۈڭ. بۇنداق كىيىنىش ئۆ-زىڭىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ. بۇگۈنگۇ قىدي-يۇمنىڭ ئېغىرلىق قىلىشى بىلەن هېچ ئىش بولمىدى. لېكىن دائىم سىز بىلەن بۇنداق ئېغىر مىجەزلىك ئادەمنىڭ خوتۇنى بىللە ماڭ-مايدۇ. بۇنداق كىيىنىپ بىرەر قان جېدەلنىڭ سەۋەبچىسى بوپ-قالماڭ — دېدى رشات.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايالىم بىلەن رەخمە جىم بولۇپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا رەخمەنىڭ قولىقىدا بۇرۇن هالقا سېلىش ئۈچۈن تېشىپ، كېيىن هالقا سالمىغاچقا پۈتۈپ قالغان تۆشۈكنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇلارنى «كۆن نۇرى» تاللا بازىرىنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن شوپۇر :

— رشاتكا، سىز ئۇنىڭ قىز بالىلىقىنى بۇرۇن بىلەمتىڭىز، — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى رشات.

— ئەمسە نېمىشقا ئۇلارنى ماشىنىغا چىقىرىسىز. مەن سىزنى ئۇياقنىڭ قىز بالا ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بىزگە بىلدۈرۈپ قويغىلى شۇنداق قىلدىمىكىن، دەپ ئويلىدىم.

— ئۇ قىزنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام قانداق بىلەي. ئالىيەنىڭ كۆپكۆندۈزدە بىر ئوغۇل بالىنى قولتۇقلاپ مېڭىشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە تازا سىغمايدۇ. ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەملەر چوڭ كوچىدا قولتۇقلىشىپ ماڭماي، بۇلۇڭ - پۇچقاقتا ئىشلىرىنى تۈگىتىشىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بار، دەپ ئويلىدىم. بۇ ئۇقۇشماسلىقنى ۋاقتىدا ھەل قىلىۋەتمىسەك، ما ئادىشىمىزنىڭ ئۆيى بۇزۇلىدۇ. قارىسام روھى چۈشۈپ كەتكەندەك ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ بۇ ئاداش. شۇڭا ئۇلارنى ماشىنىغا چىقىرىپ ئەھۋالنى ئۆزلىرىدىن سورىدىم.

— ئەمما ئاكا كاللىڭىز بەك ئىشلىدى جۇمۇ، — دېدى شوپۇر رىشاتقا.

— مېنىڭ ئەمەس ما ئاداشنىڭ كاللىسى ئىشلىدى. سەۋر - تاقىتى ھەققەتەن باركەن، خېلى مەن - مەن دېگەن ئوغۇل بالا مۇنداق ئەھۋالغا يولۇقسا، بۇنداق تەمكىن بولالمايدۇ. بايا ماشىنىدىن چۈشۈپ جېدەل چىقارغان بولسا، ئوڭ ئىش تەتۈر بولۇپ، ئايالى بىر ئۆمۈر قارا بولاتتى، ئۆيى بۇزۇلاتتى. كېيىن ئەھۋال ئېنىقلانغان تەقدىردىمۇ ئاشۇ مەيداندا كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ئۇنداق ئەمەستى، مۇنداقتى دەپ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمىغاچقا بۇ ئىش خەلقئالەمگە تەتۈر پېتىم تارايتتى. «ئېغىرلىق رەھمانلىق، يېنىكلىك شەيتانلىق» دەپ بۈگۈن قەيۇم ئېغىرلىق قىلىپ رەھمانلىق دەرىجىسىگە يەتتى. شۇڭا سەن ماڭا ئەمەس قەيۇمغا قايىل بولساڭ بولىدۇ، — دېدى رىشات.

شوپۇر يىگىت مېنىڭ ئۈن چىقارماي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— ئاكا سىزنى مۇشۇنداق تەمكىن سەۋر - تاقەتلىك قىلغان زادى نېمە؟ ئادەتتىكىمۇ مىجەزىڭىز بۇنچە ئېغىرمۇ ئەمەس، بۈگۈن ئادەم ھەيران قالغىدەك ئېغىرلىق قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

بۇلارغا تاغامنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئۈمەللەپ بولۇپ توختاپ قالدىم. چۈنكى تاغامنىڭ ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىماي ئەل - يۇرتقا يېيىۋەتكىنى ئۈچۈن، كېيىن بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىپ ئۆتكەن، ئىشنى ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن يەنە تىلغا ئېلىپ، بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرگۈم كەلمىدى. بولسا تاغامنىڭ شۇ ئىشنى بىلىدىغانلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ، شۇ قارا كېچىدىكى تەپسىلاتلارنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىن پاكپاكىز ئۆچۈرۈۋەتكۈم بار ئىدى. بۇ رەھىمەتلىك تاغامنىڭ ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغان، لېكىن تۇرقىدىن بىزگە نۇرغۇن قېتىم بىلدۈرۈپ قويغان ئارزۇسى ئىدى.

ئۇلار مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى ساقلاپ بىردەم تۇرۇپ مەندىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن يەنە رەخمەتنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتتى:

— ئەجەب چىرايىمۇ ئوغۇل بالىغىلا ئوخشايدىكەن - ھە؟

— ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرىۋەتكەن ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزى.

— تېشىدىكى كىيىملىرىغۇ ئوغۇل بالىنىڭكىكەن، ئىچ كىيىملىرى قانداقتۇ؟ ئىچ كىيىملىرىمۇ ئوغۇل بالىنىڭمىدۇ؟

— باغرىداق تارتامدىغاندۇ؟

ئۇلارنىڭ رەخمە توغرىسىدىكى گەپلىرى بىز قوشۇۋگەت ئاھالىلەر كومىتېتىغا يېتىپ كەلگۈچە داۋاملاشتى.

2014 - يىل 9 - دېكابىر، قورغاس

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر» ئالاھىدە سانى ئۇرۇمچى «بۇلاق» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ، پوچتىخانىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ئوقۇرمەنلەر «بۇلاق» كىتابخانىسى ئارقىلىق ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

ئالاقىلاشقۇچى: ئىمىنتوختى قۇربانىياز تېلېفون: 0991 - 8521633 يانفون: 13899801709

تور بېكەت ئادرېسى: http://www.uyghurbooks.com

# پەلسەپەنىڭ ئىككى شېخى

سۇلايمان قەييۇم



## — غەرب ۋە شەرق پەلسەپەلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما ئويلار

### 1. پەلسەپە ۋە جۇغراپىيەلىك شارائىت

غەربنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز سالماقلىق ۋە دادىللىقنى كۆرىسىز، ئۇلار سىزگە شەرقنىڭ ئەسەرلىرىدەك قىزىقارلىق تۇيۇلمايدۇ. ئۇلار توغرا ياكى خاتا بولسۇن تەلىماتىنى «دەتتىكام» دەپ ئوتتۇرىغا ئاتىدۇ. ساددا دۇنيا بۇ تەلىماتنى دەماللىققا ئەقلىگە سىغدۇرالماي، ئاشۇ دانىشلارنى قارغايدۇ، دارغا ئاسىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كەلگۈسىگە، تارىخقا ۋە تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىدىغان بۇ دانىشمەنلەر مەردانە كۈلۈپ ياشىغان. دەسلىپىدە تولىمۇ بىمەنە بىلىنىپ، ھەممىنى پاراكەندە قىلغان بۇ تەلىماتلار كېيىن تارىخنىڭ يىلىكىگە ئايلىنىپ، دانىشمەنلەرنىڭ يۈرىكىدە يانغان ئوتتىن زۇلمەت يورۇيدۇ. شۇ تەلىماتنىڭ ئىگىلىرى قەبرىسىدە چىرىپ بولغاندا، ئۆزلىرىگە تىكلەنگەن شۆھرەتلىك ئابىدىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر ئۇسلۇبىدىن دېلىغۇللۇق ۋە شەرقچە تەكەللۇپنى ئۇچراتمايسىز. ئۇلار ئىشەنچ قىلالمىغان مەپكۇرىسىنى ئوتتۇرىغا ئاسانلىقچە ئاتمايدۇ.

غەربنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز ناھايىتى سوغۇق، چۈشىنىكسىز، قۇرغاق بىلىنىدۇ. بىراق ئاشۇ مۇزدەك پىكىرنىڭ قېتىدا ئىنسان ئەقلى، ئىلىم ۋە مەدەنىيەتكە بولغان چوغدەك مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت ۋە ھۆرمەت يېلىنجاپ تۇرىدۇ. مەيلى ياقتۇرۇڭ، ياقتۇرماڭ ئۇلار مەسىلىنى نەق ئوتتۇرىغا ئاتىدۇ، ئوتتۇرىغا ئېتىپ بالاغا قېلىشتىن قورقمايدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق قارامlıq قىلمىسا مەدەنىيەتنىڭ بىر ئىزدىلا

تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئاشۇ دانىشلار بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەھلىللىرى سوغۇققان، نەقىللەر ئەسلىي مەنبەدىن ئېلىنىدۇ، تەكشۈرۈشتىن زېرىكمەيدۇ، كىچىككىنە گۇمانلىق نۇقتىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ، ئىسپاتلىمىغۇچە كېسىپ يەكۈنلىمەيدۇ. بۇنداق ئىلمىي يەكۈننى ئاغدۇرۇشمۇ تەس. غەربنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتىنى شۇنداقلا غەربنىڭ ھەممىگە قول شىلتىپ ھۆركىرەپ يۈرىدىغان شاش ئەلپازىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا مۇشۇنداق سوغۇققان پەلسەپىگە، ئۇنۇملۇك تەپەككۇرغا ۋە ئەقلىيلەشكەن جەمئىيەتكە يىلتىزلىغان مائارىپ مەيدانغا چىقارغان.

ئىككى خىل پەلسەپىدىن ئىككى ئىقلىمنىڭ مىجەزى، قېنى، ھەزارىتى، تارىخى، پاراستى، شاماللىرى ۋە توپىسى پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ھەزارەت تارىخىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۇنيانى ۋە جەمئىيەتنى بىلىش ۋە كۆزدىتىشىدىكى پەرقلەرنى تەھلىل قىلساق پەلسەپىدىكى بۇ خىل ئوخشىماسلىقنىڭ يىلتىزىنى تاپالايمىز.

جۇغراپىيەدە مۇھىتنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەسىرى ئالاھىدە قەيت قىلىنىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئەينىكى ۋە موتورى بولغان پەلسەپىدىمۇ مۇھىتنىڭ تەسىرى ئەكس ئېتىدۇ. غەرب پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىگە بۆشۈك ۋە پاراۋوز بولغان گرېتسىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەلەرگە قارىساق، ئۇلارنى تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان كۆپكۆك ئوكيان ھەر تەرەپتىن سۆيۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا غەرب مەدەنىيىتىنى دېڭىز مەدەنىيىتى، شەرق مەدەنىيىتىنى قۇملۇق مەدەنىيىتى دېسەك خاتا بولمايدۇ.

ئوقۇرمەنگە ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ يەردىكى غەرب ـ ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىنى كۆرسىتىدۇ، شەرق ـ ئاساسەن ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەلقىن دېڭىز بويىدىكى شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ، شۇنداقلا جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھىندىستاننىڭ پەلسەپىسىگە چېتىلمايدۇ.

ئوكياندىن ئۇرۇلغان نەمخۇش شاماللار غەربنىڭ تەپەككۇرىنى تىنىماي غىدىقلايدۇ. ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ھەزارىتى دېڭىز بىلەن زىچ باغلانغان. غەرب پەلسەپىسى ۋە ھەزارىتىنىڭ بالىياتقۇسى بولغان يۇناننىڭ سېھرىلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ۋە ھومېرنىڭ داستانلىرىنى ۋاراقلىسىڭىز بىر ئايال ئۈچۈن ئون يىلغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ جانلىق تەسۋىرى، ئۈمىد ۋە قارامىلىقنىڭ شاملىغا يەلكەنلىرىنى كەڭ يېيىپ، بايلىق ۋە مۇستەملىكە ئىزدەپ، جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ كېتىۋاتقان تەۋەككۇلچى سەيياھلار ۋە قارام سودىگەرلەرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ دېڭىز سەپىرى، سودىگەرلەرنىڭ بايلىق باسقان كېمىلىرىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە قۇرۇقداپ قويىدىغان، قىلمىشلىرى تارىخشۇناسلارنىڭ تىترەپ تۇرغان پەي قەلەملىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ غەربنىڭ يۈرىكىنى سۇ قىلىۋەتكەن ۋەھشىيلىكلىرىنى كۆرىسىز.

غەربلىكلەر ئۈچۈن كۆز ئالدىدا ئۇپۇققىچە سوزۇلغان زەڭگەر دېڭىز گويا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان زەڭگەر تارىخ. دېڭىز ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەم كەلگۈسىنىڭ كۆرگۈسى. قىرغاق يالاپ دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان پايانسىز ئوكيان كۆپكۆك كۆزلىرىدە قۇرۇقلۇقتىكى ھەر بىر تىنۋىشقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. دېڭىزنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدە تەسۋىرىگە تىل يەتمەيدىغان جەلپكارلىق، سىرلىقلىق، تەمكىنلىك ۋە سۈرلۈكلۈك ئەكس ئېتىدۇ. ئىنسان زېمىنغا ئاپىرىدە بولغان شۇ دەقىقىدىن تارتىپلا دىققىتىنى تارتقىنى كۆز ئالدىدا ھەيۋەتلىك يېيىلىپ، سىرلىق تەبەسسۇم قىلىپ ياتقان دېڭىز بولدى. دېڭىز تالاي تېپىشماقنىڭ جاۋابى بولغان، تالاي سىرلىق تۈگۈننى ئاپىرىدە قىلغان، تالاي تارىخنى پىنھان قوينىغا جىممىدە يۇتۇۋەتكەن.

ئىنسان دېڭىزغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى؛ دېڭىزدىن قورقۇپ، ئەيمىنىپ تۇرۇپمۇ دېڭىزغا تەلپۈندى. بىپايان دېڭىزلاردىن، ئېگىز تاغلاردىن، ئىنسان سىزغان پاسىل ـ چېگرىلاردىن، پەسىللەردىن، ئىنسان تۈزگەن قانۇنلاردىن ئاتلاپ، پەرۋايى پەلەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار ئىنساننىڭ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇردى. دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ناتونۇش زېمىننىڭ توپىسىنى دېڭىز شاماللىرى بۇرنىغا پۇراتتى. دېڭىز ئالدىنى تۇسۇپ تۇرسىمۇ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئارمانغا يەتمەي بولمايتتى. ئىنسان كېمە بىلەن دېڭىزدا قاتناشنى بىلگەندىن تارتىپ، شاۋقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز قامۇسلارنىڭ بېتىدە، شەھرىزاتنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ۋە ئۇچقۇر خىياللىرىمىزدا لەرزان چايقىلىپ تۇردى. دېڭىزنىڭ ئويناق دولقۇنلىرى چاپچىپ تۇرغان تەپەككۇرىمىزغا سەمە بولۇپ، خىيالىمىزنى چەكسىزلىكنىڭ قوينىغا سۆرەيدۇ. دېڭىز ياقىسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئۇچ ـ چېكى ئۇپۇققا تۇتاشقان دېڭىز قوينىغا بىلىپ بولغۇسىز ئاجايىباتلارنى يوشۇرغان تىلسىملىق دۇنيا.

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئالا ئىت قىياسى»، ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ۋە پۇشكىننىڭ «بېلىقچى ۋە ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك» ناملىق ئەسەرلىرىدە دېڭىز بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىسى، دېڭىز ئاتا قىلغان ئەركىنلىك تۇيغۇلىرى، دېڭىزدىكى ۋەھىمە ۋە جەلپكارلىق، ھاياتنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتى، ئۈمىد ۋە كۈرەشنىڭ ھاياتتىكى مۇھىملىقى، ئۆلۈم گىردابىدا تىركىشىۋاتقان ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ئەسلىمە، سېغىنىش، قورقۇش ۋە قىيالماسلىق كە‍ـ

بى نازۇك پىنھان تۇيغۇلار كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

دېڭىز سەپىرى بىر مەيدان تەۋەككۈلچىلىكتۇر. جاندىن تويغان دېڭىز قاراقچىلىرى، يوشۇرۇن خادا تاش ۋە دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇن ھەر قەدەمدە دېڭىزچىلارنىڭ ھوشيارلىقى ۋە قەيسەرلىكىنى سىنايدۇ. دېڭىزدىن ئۆلۈم پۇراپلا تۇرىدۇ. ئوڭۇشسىزلىق ۋە غەلىبە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇزاق دېڭىز سەپىرىدىن كەلگەن پاراسەت ۋە ھايات ـ مامات توغرىسىدىكى تېرەن پىكىرلەر غەربنىڭ پەلسەپە قامۇسلىرىنى بېيىتىپ كەلدى.

بۆرە تېزىكىدىن ئۆرلىگەن كۆكۈچ ئىس، ماياكنىڭ غۇۋا نۇرى، قىزىل بايراق، خەت كەپتىرى، دۇربۇن، كۆچۈۋاتقان پەسىل قۇشلىرى ۋە چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بۈگۈنكى سۇنئىي ھەمراھ ۋە سىمسىز تېلېفوننىڭ ئىشىنى قىلىدىغان شۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى سەپەرچىلەرنىڭ پاراسىتىگە، ئۈمىدۋار روھىغا ۋە جاھىل ئىرادىسىگە قايىل بولماسلىق بولمايدۇ. تالاي كولۇمبۇ ۋە ماگېللان شۇنداق ماڭمىغان بولسا، مەدەنىيەتنىڭ قەدىمى بۇنداق تېز بولمايتتى.

چايكىلار خوشال پەرۋاز قىلىدىغان دولقۇنلۇق دېڭىزغا شۇنداقلا نەزەر سالساڭ زەڭگەر ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن دېڭىزدىن چەكسىزلىكنى، سۈزۈكلۈكنى، سىر ـ ھەيۋىنى ۋە ئوچۇقلۇقنى بايقايسەن. بۇ خىل ئوپئوچۇق ھالەت دېڭىز مەدەنىيىتىگە ئوچۇق، مەردانە، تەۋەككۈلچى، جاھىل خىسلەتلەرنى بەخشەندە قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى ئوچۇق ۋە دادىل. بۇنى سۈزۈك پەلسەپە، شەرق پەلسەپىسىنى غۇۋا پەلسەپە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. سۈزۈك ئادەملەر ۋە سۈزۈك مەدەنىيەت تەنقىد ۋە قارشى پىكىرنى مەردانە قارشى ئالىدۇ، تەنقىدتىن تۈگۈلۈۋالمايدۇ، بەلكى كۈچ ئالىدۇ. ئاۋامۇ بارا-بارا مۇشۇنداق ئوچۇق، دادىل، ئاچچىق يەرگە نەق بارىدىغان تەلىماتلارنى ياقتۇرىدىغان بولغان. سىياسىي، ئەدەبىيات ۋە تەتقىقاتمۇ ئاۋامنىڭ نازارىتىگە قويۇلغان. ئاۋامنىڭ دىتىغا ياقمايدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ سالغان ياكى ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە چاقچاق قىلغان مەنسەپدار ئۆزىنى بىلىپلا مەنسەپ كۈرسىسىنى بىكارلايدۇ.

بۆركۈتنىڭ تالماس قانىتى دەشت ـ چۆلنىڭ دەھشەتلىك بورانلىرىدا قاتقان. شىر ـ يولۋاسلار نەرە تارتمىغان تاغلاردا شامالدەك چاپىدىغان شاش كىيىك ـ جەرەنلەر بولمايدۇ. «بۆرىسىز جاڭگالنىڭ پادىشى بىغەم» دېگەن ھېكمەت دەل شۇنىڭغا قارىتىلغان.

غەرب پەلسەپىسىدىن تەبىئەتنىڭ ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ سايىسى ۋە ئەندازىنى بايقايمىز. ئۇلار تۈزگەن ئاساسىي قانۇنلار قانچە ئەسىرگىچە جۇلاسىدىن كەتمەيدۇ. ھەيران قالىسىز، ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر تەپسىلىي تۈزۈلگەن قانۇنلىرىدا ئىنسان ھوقۇقى، ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنساندىكى تۈرلۈك ھاجەت ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەن. بۇمۇ سۈزۈك پەلسەپىنىڭ قانۇنغا كۆرسەتكەن تەسىرى.

دېڭىزچىلار سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۆلكىدىكى تەئەللۇقاتلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي تىزىملاپ ۋەسىيەتنامە پۈتىدىكەن. چۈنكى دېڭىز سەپىرى جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىقىدىغان تەۋەككۈل سەپىرى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇنداق ۋەسىيەتنامىلەر مىراس دەۋالىرىنىڭ ئالدىنى ئالغان. بۇنداق ۋەسىيەتنامە غەربنىڭ مىراس قانۇنىغا ئاساس بولغان.

دېموكراتىك سىياسىي، ئىنسان تەبىئىتى، ئىنسان ھوقۇقى، بەخت، پاراسەت ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىزدىنىشلەرنىڭ دېڭىز بويلىرىدا بىخلىنىپ، شۇ جايدا شاخلاپ، مېۋىلىگەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەس. جىمىرلاپ تۇرغان دېڭىز ھەممىلا ئادەمگە باراۋەر قۇچاق ئېچىپ تۇرىدۇ. دېڭىز ئادەمگە چەكلىمىدىن ھالقىش، بۇزۇپ قايتا يارىتىش، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك دېڭىز سەپىرى ئۆزىدىن ھالقىش ۋە مۇشەققەتتىن كېيىنكى ئېرىشىشنىڭ ئۆزگىچە ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. غەزەپلىك دېڭىز تاشقىنى كىشىلەرنىڭ مىڭبىر جاپادا بەرپا قىلغان ھەر ـ ھەر سەلتەنەتلىك شەھەرلىرىنى يۇتۇۋېتىدۇ. دېڭىز تاشقىنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن مۇستەھكەم توسمىلار ياسىلىپ تۇرىدۇ.

پەيلاسوپ دېڭىزدىن پىكىر، بېلىقچى بېلىق، تەۋەككۈلچى سەيياھلار جاۋاھىر سۈزۈۋالىدۇ. سوقرات ۋە ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىۋى سۆھبەتلىرىدە، غەربنىڭ پەلسەپە كىتابلىرىدا دېڭىز ئاتا قىلغان ئەركىنلىك تۇيغۇلىرى دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. شۇ سۈزۈك پىكىرلەر ياۋروپادا پۇقراۋى سايلامنى، جۇمھۇرىيەتنى، سانائەتنى، سانائەتكە يېلىك بولغان تەبىئىي پەنلەرنى ۋە تەبىئىي پەنلەردىن بىخلانغان كاپىتالىزمنى بەرپا قىلدى.

شەرقنى قۇملۇق مەدەنىيىتى دەپ ئاتىدۇق. قاراڭ! بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ ياتقان جۇڭغار، تەكلىماكان، قىزىل قۇم چۆلى، قارا قۇم چۆلى، پارس دەشتلىرى، كەربالا چۆلى ۋە سەھرايى كەبىر قۇملۇقى بويلىرىدا قەشقەر، تۇرپان، سەمەرقەند، بۇخارا، قازان، ئوفا، باغداد، ئىسفاھان ۋە تېھران كەبى تالاي بىباھا مەدەنىيەت ۋە ھەزارەت ئوچىقى بولغان. شۇ ئوچاقلاردا كۆيۈپ تۇرغان ئوت زامانىۋى دۇنيانىڭ مۇزدەك قەلبىنى ھېلىھەم ئىسسىتىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادا غەربتىكى جىمىرلاپ تۇرغان پايانسىز دېڭىز بولمىسىمۇ، دېڭىزدەك بىپايان قۇملۇقلار بار. قۇم ئاستا ـ ئاستا كۆچىدۇ. قۇمنىڭ ھەيۋىسى كۆچۈشتىكى ئاستىلىق

ۋە پايانسىزلىققا مۇجەسسەم. دېڭىز بىر سىر دۇنياسى بولسا، دۇنيادىكى شۇنچە زور قۇملۇقلارمۇ گويا تىلسىمات.

شەھرىزاتنىڭ «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدە زەڭگەر دېڭىز ۋە سارغۇچ قۇملۇق ئوخشاشلا دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. غەربنىڭ دېڭىزلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، جىمىرلاپ تۇرغان دېڭىز تۈركلەر، ئەرەبلەر، پارسلار ۋە ھىندىلارنىڭ چۆچەك-رىۋايىتى ۋە پاساھەتلىك شېئىرلىرىغا جەلپكارلىق بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك خورىماس ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنالمىغان.

غەربلىكلەر دېڭىزدىن پاراسەت ۋە سانائەتنىڭ ئىلھاملىرىنى سۈزگەن بولسا، شەرقلىقلەر شېئىر دۇردانىلىرىنى سۈزگەن. شۇڭا پاراخوتنىڭ كەشپىياتچىسى ئامېرىكىلىق فولتون بىلەن پارس شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى، شەرقتىكى ھومېر دەپ تەرىپلىنىدىغان روداكىينىڭ دېڭىزدىكى لەيلەپ تۇرغان قولۋاقنى كۆزىتىشى ئوخشىمايدۇ. كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى پېكىرنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ، بۇ، پەلسەپەنىڭ ئىككى خىل رەڭگىنى بەلگىلىگەن. ئىككى خىل پەلسەپە مەدەنىيەت ۋە ھەزارەتنىڭ ئىككى خىل سۈرئىتى ۋە قىياپىتىنى بەلگىلىگەن.

غەرب ۋە شەرقتە سەلتەنەت ئالمىشىپ تۇرغان. غەرب ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىيان تەلىماتلىرىنىڭ بوشۇكىدە بىغەم ئۇخلاۋاتقاندا شەرقتە ئەقلىي ئىزدىنىش ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ قىيامىغا يەتكەن دەۋرلىرى بولغان. فارابىي، نەۋائىي، ئىبىن رۇشد، مۇھەممەد مۇسا ئەلخارەزمىي، ئەل كىندى، ئەررازى، ئىبىن سىنا ۋە ئۇلۇغبېكلەردەك بۈيۈك سىمالارنىڭ تەھپىلىرىنى كېيىنكىلەر تەۋەررۈك خورەك، باش ـ ئايىغى چىقماس جەڭگى ـ جېدەل، ئۇرۇش ـ يېغىلىق، غەيۋەت ـ خۇسۇمەت ۋە نەغمە ـ ناۋاللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قالغان بىلەن، غەربنىڭ پەي قەلىمى ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىغان. غەربنىڭ مەدەنىيەت خېمىرىنى بولدۇرۇشتا شەرقنىڭ ئەقىل خېمىر تۇرۇچلىرى تازا رول ئوينىغان.

بىزدە ئىجادىي خىياللار تولىمۇ مول بولغان. ئىجادىي خىيال بىر گەپ، ئىجادىيەت يەنە بىر گەپ. مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ خىل ئىجادىي ئىزدىنىش كېيىنكى بەش يۈز يىلدا مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ چىشلىق چاقى بولالمىغان. ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئامموۋى ۋە ئىقتىسادىي ئاساسى لىغشىپ قالسا، ئىلھامبەخش يۆلەنچۈكلەرنىڭ تايىنى بولمىسا، ئاسترونوم رەسەتخانىغا ئەمەس ئاشپۇزۇلغا، ئالىم كىتابخانىغا ئەمەس كېپەك بازىرىغا بەكرەك قاترايدۇ.

قۇياشلىق ئاسماننىڭ ئاستىدىكى مىستەك تاۋلىنىپ ياتقان قۇملۇق غايەت زور تىلسىم دۆۋىسىدەك قۇملۇق بويلىرىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلارنى ماكان ئەيلىگەن مىللەتلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. يىشىللىق ئۇلار ئۈچۈن گويا تۇتىيا. شۇڭا قۇملۇق ياقىسىدىكى ئوتتۇرا شەرق ئەللىرى دۆلەت بايراقلىرىنى يېشىل رەڭ بىلەن زىننەتلىگەن. قۇملۇق ئۇلارنىڭ چىرايلىق بوستانلىرىنى يالماپ يۇتۇپ تۇرىدۇ، ئاۋات شەھەرلەر ئىشچان قوللاردا يەنە بىنا بولۇپ تۇرىدۇ. قۇممۇ، ئادەملەرمۇ بىر ـ بىرىدىن جاھىل.

قۇملۇق بويلىرىدا ماكانلاشقان بۇ كىشىلەر بارغانسېرى ئىچ مىجەز، قۇمدەك چېچىلاڭغۇ، قوناق خېمىرىدەك قولاشمايدىغان بولۇۋالغان. ھەقتىن داجىغان مەزھەپلەر، سۇلۇك دەۋالىرى ۋە بىدئەت تەلىماتلار يامغۇردىن كېيىنكى چۆل شىۋاقلىرىدەك ئۈنۈپ، ھەممىسى ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ قۇياشى ھېسابلاپ، ئىختىلاپ ۋە ئاداۋەتنىڭ تۈگىمىنىگە سۇ قۇيۇپ كەلدى. كېيىنكى كۈنلەردە چۆشكۈنلەشكەن شەرق دۇنياسى پاراسەت ۋە ئەقلىي ئىزدىنىشنىڭ تارىختىكى مىسلىسىز رولىنى ئۇنتۇپ، تەپرىقچىلىك ۋە مەزھەپۋازلىقنىڭ سېسىق سازلىقىغا چۆكتى. مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نى پاراستى ۋە ئەقلىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ بۇلىقىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنياغا مىڭ يىلدىن كۆپرەك نۇر تاراتقان بۇ دىياردا مەسىلەك ۋە سۇلۇكلەر شۇ قەدەر كۆپەيدىكى، باش ـ ئاخىرى چىقماس قانلىق مەسلەك ماجىرالىرى، پىتنىخور ـ رىياكارلارنى بورداپ سەمرىتىپ، ئالىملارنى دارغا ئېسىش، كىتابلارنى كۆيدۈرۈش، ھەقنى سۆزلىگەن تىلنى كېسىش گويا بىدئەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ داغدام يولى بولۇپ قالغاندى. بۇمۇ شەرقتە پەلسەپىنىڭ ھېكايە تونىغا ئورۇلۇشىغا مۇھىم سەۋەب بولدى.

1980 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە داۋام قىلىپ، ئۈچ مىليون ئادەمنى تالاپەتكە ئۇچراتقان ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى زىددىيەتنى بىراقلا ئاشكارىلاپ، غەربنىڭ ئوتتۇرا شەرققە ئوغۇشلۇق سىڭىپ كىرىشىگە تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا 1453 ـ يىلى كونستانتىنوپولنى تۈركلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇپ، مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان غەربلىكلەر 500 يىلدىن كېيىن مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇردى. ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشىدىن كېيىن غەرب شەرققە بولغان تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. 1991 ـ يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا 26 غەرب دۆلىتى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، بىر دۆلەتكە قىلىچ تەڭلەپ يۇپۇرۇلۇپ كەلسە، ئوتتۇرا شەرقتىكى باشقا تىلداش ۋە دىنداش قوشنىلار خۇددى شاپتۇل دامولام شېك شىسەينىڭ كاللا كېسەرلىرىگە سۈكۈت قىلغانىدەك قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇردى. غەربلىكلەر ئوتتۇرا شەرق بىلەن دىپلوماتىك شاھماتقا چۈشكەندە ئۇرۇقنى قانداق مېڭىشقا بەكلا ئۇستا بولۇپ كەتتى. غەربلىك شەرقشۇناسلارنىڭ

ئەمگەكلىرى غەربتە سىياسىي تاۋكاغا بەكرەك ئەسقاتتى.

سەبر - تاقەت، غۇۋالىق ۋە مۇستەبىتلىك شەرقچە پەلسەپىنىڭ مەھسۇلى. ئوتتۇرا شەرق ۋە ئافرىقىلاردا مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئۇزاق داۋام قىلىشى ئۇلارنىڭ غۇۋا پەلسەپىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئامېرىكا سادام ۋە كازافىينى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىراق ۋە لىۋىيەدە داۋالغۇش يەنىلا بېسىلمىدى، ئەكسىچە ئۇرۇشتىن بۇرۇن خىلىلا گۈللەنگەن بۇ تىنچ ئەللەر دىنىي مەزھەبلەرنىڭ تۈگمەس تۇقۇنۇشىغا پاتتى. «ئەگرى پاچاقتا دوناي توقماق» دېگەندەك(ئىجرائىيە باش مۇھەررىردىن) ئامېرىكىلىق بەزى جەمئىيەتشۇناسلار ۋە سىياسىيونلار: «ئوتتۇرا شەرققە ئەسلىدە سادام ۋە كازافىيدەك مۇستەبىتلەر بولمىسا بولمايدىكەن» دېيىشتى. ئۇرۇش ئوتى بېسىلمايۋاتقان ئوتتۇرا شەرق پەلسەپىسى ۋە تەپەككۇرىدىكى ئاجىز نۇقتىلارنى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىدى. سادام، كازافىي، مۇشەررەفلەر كېيىنى - كېيىندىن موللاق ئاتتى. كازافىي، سادام ۋە بەشەر ئەسەدلەر نوچى بولسا خەلقنى ئىچكى ئۇرۇشقا سېلىپ نەچچە مىليون جانغا زامىن بولماي، ئۆزىنى سوراپ ئورنىنى بىكارلاپ، خاتالىقلىرىنى ھەقىقەتنىڭ سوتىغا تاپشۇرسا ئۇلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ ئۇستۇن بولاتتى. «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمانغا مۇسۇلماننىڭ قېنى، جېنى، مېلى ۋە ئابرۇيى ھارام» دېگەن بۇ بۈيۈك ئىلاھىي تەلىماتنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە ئىبغىر دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

پايانسىز دەشت - چۆللەر ۋە ئېگىز تاغلار شەرقتىكى يۇرتلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغاچقا، قۇملۇق ۋە دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سىرلىق دۇنيا ئۇلارنىڭ شېئىرىي تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلاپلا توختاپ قالغان. تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر بېكىك تۇرمۇش، نامراتلىق ۋە ناچار تەبىئىي مۇھىت شەرقتە مۇستەبىت سىياسىي، بېكىنمە ئەدەبىيات، لىرىك مۇزىكا، چاتقاق روھ ۋە غۇۋا پەلسەپىنى ياراتقان. ئۇلار ئۆزۈندىن - ئۆزۈن جەڭنامىلەر، سېھىرلىك چۆچەكلەر ۋە نەغمىلەرنىڭ قوينىدا ئەللەيلىنىپ، تەمسىلنىڭ پەردىسىگە ئورالغان ئۆگۈتلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى بېشارەتنىڭ تەكتىگە يەتكۈچە ئەقلىنىڭ ئېتى ھېرىپ قېلىپ يېرىم يولدا يېتىۋالغان. خىيالىدىكى ۋە چۆچەكلەردىكى شۇ جەلپكار سۆزلۈك دۇنياغا قانچە زارىقسىمۇ يېتەلمىگەن بۇ كىشىلەر بارا-بارا غۇۋالىققا كۆنگەن، غۇۋالىقنى قوبۇل قىلغان. پەلسەپىسىنىمۇ، سەنئىتىنىمۇ ۋە گەپلىرىنىمۇ گۇڭگا پەردىگە ئورايدىغان بولغان. سۆزلۈك تەلماتلارنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، ھۆكۈمداردىن تارتىپ ئاۋامغىچە يالىڭاچ پىكىردىن قاچىدىغان بولۇۋالغان. شەرقلىقلەر سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ يايتا گەپ قىلىشقا ئۇستا. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

كاللاڭ سۆزلۈك بولمىسا، سۆزلۈك تاڭمۇ سەن ئۇچۇن زۇلمەت. قەلبىڭدە قۇياش يانسا، كېچمۇ ھېچگەپ ئەمەس.

ئەرەب تىلىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ۋە مەنىداش سۆزلەر بەكمۇ مول، بىر سۆزنى ناھايىتى جىق تۈرلىگىلى بولىدۇ، سۆز ياساش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك. شۇڭا «ئەرەبلەر زاكونچى، يايتا گەپكە ئۇستا، ئاغزىدا قىلىچى بار مىللەت، پاساھەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەي دېسەڭ ئەرەبچىنى ئۆگگەن» دېگەن گەپ بار. تىل ھەزارەت ۋە روھىيەتنىڭ ئەينەكى. ئەرەب تىلىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنى ئەرەبلەرنىڭ پەلسەپىسى، مۇھىتى، روھىيىتى، تارىخى ۋە تەپەككۇرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەرەب تىلى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ مۇھىتى ۋە پسىخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلغان ئەسەرلەردە ئەرەبلەرنىڭ مۇھىتى، سىياسىي تۈزۈلمەسى، پەلسەپىسى ۋە پسىخىكىسىنىڭ تىلغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە قەيت قىلىنىدۇ.

توماس ئىسىملىك بىر ئوتتۇرا ئاسىياشۇناس گېرمان 2005 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قېتىملىق نۇتقىدا تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ شۇنداق دېگەنىدى: «بىر ئۇيغۇر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە مېھماندارچىلىقتا بولدۇم. كەچتە ‹قونۇپ قېلىڭ› دېدى، ماقۇل دەپ قونۇپ قاپتىمەن. كېيىن بىلسەم بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان تەكەللۇپ گەپكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىنى چۈشەنمەك راستلا تەسكەن. بىزدە قوندۇرغۇسى بولمىسا ئوچۇقلا قونۇپ قال دېمەيمىز. مېھماننىڭ رايىغا باقمىز، ھەرگىز زورلىمايمىز.»

ئادەمگەرچىلىك يوسۇنلىرىمىز ۋە دوست - بۇرادەرچىلىكىمىزدە قۇملۇق پەلسەپىسىنىڭ ئىزنالىرى روشەن ساقلانغان. تايىنى يوق بىر سەۋەبلەر بىلەن سورۇنلارنى قۇرۇپ، شاراب ۋە غەيۋەتلەرگە چىلىشىپ، بىر - بىرىگە ئوتلۇق قەسەملەرنى بېرىشىپ دوستلىشىدىغانلار بىزدە بار. بۇنداقلار يەنە بىر تايىنى يوق سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلىدۇ. بىز بىرسىگە سەۋەبسىزلا ئۆچ بولۇپ قالىمىز ياكى ئامراق بولۇپ قالىمىز. ئاشپۇزۇللاردا تاماق پۇلىنى تالىشىپ تۆلەيمىز - يۇ، كېيىندىن تىللايمىز.

ئېنگلىز تىلىدا «مەن» (I) دېگەن سۆز جۈملىنىڭ ھەرقانداق جايىدا چوڭ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىش ۋە قەدىرىيەت تۇيغۇسىنىڭ يېزىقتىكى ئالامىتى. ئۇلار «مەن بولسام باشقىلارمۇ بولىدۇ. مەن باي بولسام دۆلەتمۇ باي بولىدۇ. مەن ئەركىن بولالمىسام دۆلىتىممۇ ئەركىن بولالمايدۇ» دەپ قارايدۇ. مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە قانۇن چىقىرىشتىن باشقا ھوقۇق ۋە بايلىقنىڭ ھەممىسى شەخسكە تەۋە

بولغان بىر جەمئىيەتتە ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ھەممىگە ھۆكۈم-
ران بولۇشى، ئاخباراتلارنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرى توغرىسىدا
ئاشكارا گەپ قىلىشى ۋە ئەل بېشى بىلەن ئاۋامنىڭ كۆرۈشۈپ
پىكىرلىشىپ تۇرۇشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. غەربتىكى
شەخسچىلىكنى تار مەنىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى چۈشىنىش،
يۈكسەلدۈرۈش ۋە قەدىرلەشنى ئاساس قىلغان ئۆزلۈك تۇي-
غۇسى ۋە مەسئۇلىيەت دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. ئۇلار ئالدى-
راپ بىر كىمگە داستىخان سالمايدۇ. تاماقنىڭ پۇلىنى ئۆزى
تۆلەيدۇ. ئاسانلىقچە دوست تارتىشىپ، دەردىنىمۇ تۆكۈپ
كەتمەيدۇ. پەزىلەتنىڭ ئۇلارغا ياراپ قالسا سىنى تاشلىمايدۇ؛
بىرسىگە ئالدىراپ ئەقىدە قىلمايدۇ؛ سىنى نەپسى ئۈچۈن
ساتمايدۇ؛ سىرىڭنى چىڭ ساقلايدۇ؛ لەۋزىدە تۇرىدۇ؛ ئارىلىق-
نى پايانسىز ئوكيان ئايرىپ تۇرسىمۇ ھاياتىدا بىر قېتىم ئەس-
قاتقان بۇرادىرىنى مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرىدۇ.

بىز «خۇدايىم بۇيرۇسا» دەپ قول بېرىشىپ ۋەدىلەش-
كەن ھەر بۇرۇتلۇق ئەركەكلەرنىڭ لەۋزىنى سەۋزە ئورنىدا
يەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. ۋەدىسىدە تۇرۇش ۋە راست
سۆزلەش ئەلمساقتىن تارتىپ ئۆگىمەيدىغان بۈيۈك خىسلەت.
ئىنتېر تورى دەۋرىدىمۇ بۇنداق پەزىلەت ئەڭگۈشتەردەك
نۇر چاقناپ تۇرمىسا، بىز توردىكى چۈنىغا ئوخشاپ قالىمىز.

مۇنداق بىر تەسىرلىك ئىش بولغان. ماگىستىرلىقتا ئوقۇ-
ۋاتقان نەۋرە ئىنىم ئەلى ئىنتېر توردا بىر پولەك بىلەن تو-
نۇشۇپتۇ. تازا پۇل لازىم بولۇۋاتقان نەۋرە ئىنىم ئۇنىڭدىن
قېنى بىر سوراپ باقايچۇ دەپ 2000 دوللار قەرز سوراپتە-
كەن، راست دېگەندەك ھېلقى پولەك بۇرادەر پوچتىدىن پۇل-
نى سېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار پەقەت ئېلخەتتىلا بىرنەچچە رەت
خەت يېزىشقان، لېكىن ئەسلا يۈز كۆرۈشمىگەن، نەۋرە ئىنىم
ھېلقى پولەكنىڭ قايسى دۆلەتتە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدى-
كەن. نەۋرە ئىنىمنىڭ روھىيىتىنى بۇ ئىش تا ھازىرغىچە زىل-
زىلىگە سېلىپ كەلمەكتە.

ئۇلار توغرا دەپ قارىغان ئىشنى دادىل قىلىۋېرىدۇ،
باشقىلارنىڭ باھاسىغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيدۇ. دۇنيادىن
يىراق ياشىغان شەرقتىكى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن
باھاسىغا تولىمۇ قىزىقىدۇ. باشقىلارنىڭ باھاسى بويىچە قارىشى
ۋە يولىنى توختاۋسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. يات مەسىلىكەلەر
شەرقتە بەك ئاسان يىلتىزلايدۇ، شۇڭا شەرقتىكى كىشىلەرنى
ئۇيۇشتۇرماق بەك تەس. شەرقتىكى خۇدۇكسىرەش ۋە ساي-
سىدىن ئۈركۈش كېسىلىنىڭ تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن. شەرقلىق-
لەرنىڭ گۇمانى بىلەن غەربنىڭ گۇمانى ئوخشىمايدۇ. غەرب
بىر گۇمان قىلغان نەرسىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. گۇ-
مانىنى ئىسپاتلىمىغىچە بولدى قىلمايدۇ. شەرق گۇمانى ئېغىر
ئالىدىغان بولغاچقا، لى شۇفۇدەك تۆلكىلەر قۇرئان تۇتۇپ
تۇمۇر خەلپىنى قىلتاققا دەسسەتكەن. خوجىنيازدا شەرقنىڭ
تەۋەررۇك ئۇنتۇغاقلىقى، ساددىلىقى، ئەقلىدىن يىراق، ھېس-
سىياتقا يېقىن مەردلىكى ۋە ئەپۇچانلىقتا تولىمۇ باي بولغاچقا،
تالاي قېرىندىشىنىڭ قېنىنى ئىچكەن شىلىك شىسەينىڭ ئۇۋىسىغا
ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ، ئاخىرىدا بېشىنى يېدى.

شەرقتىكى قۇملۇق، بوستان ۋە دېڭىز ئارىسىدا بىر خىللا
داۋاملىشىدىغان بۇنداق زېرىكەرلىك ۋە رەڭسىز ھايات كىشى-
لەرگە سوغۇققان پەلسەپىنى ئەمەس شېئىرنى، ئايالارنى، شا-
رابنى ۋە بەزمە - باراۋەتنى سۆيۈشنى ئۆگەتتى. مەسچىت -
مەدرىسەلەردە ئاجايىپ مۇڭلۇق قۇرئان قىرائەتلىرى بىلەن
قەسىر - سارايلاردا قەدەھ ۋە نەغمە سادالىرى تەڭ ئاڭلىنى-
دىغان ئاجايىپ مەنزىرە شەرقتە ئەسىرلەپ داۋاملاشتى. مۇ-
قەددەس «قۇرئان كەرىم»دىكى تەپەككۇر ۋە ئىلىمنىڭ خاس-
يىتىگە ئائىت ھېكمەتلىك ئايەتلەر نەغمىلەردىن مەست بولغان
خاراموش قۇلاقلارغا ئەسلا كىرمەيتتى. مەدداھلار، چاقچاق-
چىلار، رەققاسلار ۋە ھافىزلار گۈلدار ئوردا - قەسىرلەرنىڭ،
ئاۋات رەستىلەرنىڭ ۋە بايلار خانىدانلىرىنىڭ ئەزىز مېھمان-
لىرىغا ئايلاندى. بۇ ئەلۋەتتە ئەقلنى توپا بېسىپ، ھېسسىيات
غالىب بولغان دەۋرنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.

غەربنىڭ تەپەككۇرى چېركاۋلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇ-
لۇپ، زەڭگەر دېڭىزغا قايتىدىن تىكىلىپ، توپا بېسىپ ياتقان
خىرۇم تاشلىق قامۇسلارنى قايتىدىن يېيىپ، دانالارنىڭ ئۆ-
گۈتلىرىنى قايتا تەلقىنلىدى. بۇ، غەربنىڭ قايتا ئويغىنىشى دې-
يىلدى. شەرق ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئەقلىدىن ۋە بىر -
بىرىدىن گۇمانلىنىدىغان، تارىختىكى سەلتەنىتىنى شۇمۇپ يا-
شايدىغان بولغاندا، غەرب ئەقلىگە، پەنگە ۋە ھەمكارلىقنىڭ
قۇدرىتىگە ئىشەندى. ئۇلار يېڭى زېمىننىڭ يىراقلاردا ئۆزلىرى-
نى كۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. كولۇمبۇ ۋە ماگېللان تەۋەككۇل
سەپىرىگە كېمە سالدى. سەپەرچى تۆگىلەرنىڭ مۇڭلۇق كول-
دۇرمىسى تەۋەككۇلچى كېمىلەرگە ئورۇن بەردى. ئىككى ئە-
لىمىنىڭ سەلتەنىتى بىردىنلا ئالمىشىپ قالدى. ۋولتېر ياۋروپا-
نىڭ مەپكۇرىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن «پەلسەپە قا-
مۇسى»نى يېزىپ، ياۋروپادىكى زۇلمەتنى يورۇتۇۋاتقاندا،
تارىم ۋادىسىدا ئافاق خوجىنىڭ ۋە مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلى-
چى بېشىمىزدا ئويناپ، بىر تىللىق ۋە بىر دىنلىق قېرىنداشلار
سۆلۈك نىزالىرىدا بىر - بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ، تەپەككۇرغا
چىراغ ياقىدىغان نەچچە ئەسىرلىك شاھانە كىتابلار يانغىنغا
ئايلىنىپ، ئادەم قېنىدا تۈگمەن چۆرگىلەۋاتاتتى. ماركس «كا-
پىتال»نى يېزىۋاتقاندا ۋەلىخان خوجا 1857 - يىلى قەشقەر
قىزىل دەريا بويىدا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار تىكلەۋاتاتتى.

غەربنىڭ زەمبىرەكلىك پاراخوتلىرىدىن ئېتىلغان توپ ئاۋازلىرى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ بىخۇد سۇلتانلىرىنى ئۇيقۇسىدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتقاندا، ئىمپېرىيەنىڭ تالاي زېمىنى غەربنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى. شەرقلىقلەر «ئۇر توقماق» كەبىي تاتلىق چۈشلىرىنىڭ قوينىدا شېرىن ئۇخلاۋاتقاندا، بۇ چۈشلەر غەرب دۇنياسىدا ئىشقا ئېشىپ، «ئۇر توقماق» شەرقنىڭ بېشىغا تېگىشكە باشلىغانىدى. غەرب سىرتىغا پارتلاۋاتقاندا، شەرق ئىچىگە چۆكۈشكە باشلىدى. مانا بۇ ئىككى خىل پەلسەپە مەيدانغا چىقارغان جاھاندارچىلىقتىكى ئىككى خىل كۆرۈنۈش.

ئامېرىكىلىق پېرىس، ۋىلىيام جېمىس ۋە جون دېۋېيلار مەيدانغا چىقارغان ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە① ئامېرىكىغىلا ئەمەس پۈتكۈل دۇنياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ۋىلىيام جېمىس 1907 ـ يىلى يازغان «ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە» ناملىق ئەسەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ تۇرمۇشى، تەپەككۇرى، روھىيىتى ۋە مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە ۋە تەتۈر تەپەككۇرنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن يىراق شەرقتىكى ياپونلارنىڭ يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە غەربكە يېتىۋېلىشى، شۇنچە تار ئارالدا قىستىلىپ ياشاۋاتقان ياپونلاردا ئىشسىزلىقنىڭ بولماسلىقى، سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ ئىش بېرىشى دۇنيانى ھەيران قالدۇردى. ياپونلار تەبىئىي بايلىقنىڭ تايىنى يوق كىچىك ئارالدا ياشايدۇ. ئەمما ئۇلار ئىككى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايلىقتىن(مېڭە بايلىقىدىن) تولىمۇ جايىدا پايدىلاندى.

خەنزۇ مۇتەپەككۇرى خې شىن ئەپەندى «ئويلىنىش ۋە كىرىزىس» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: « 1853ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ پاراخوت، زەمبىرەك، فوتو ئاپپارات قاتارلىق ئاجايىباتلىرى ياپونلارنى ھەيران قالدۇردى. شۇندىن كېيىن ياپونلار مېيجى ئىسلاھاتىنى باشلىدى. ئارىدىن يۈز يىل ئۆتكەندە ياپونلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى ۋە ئېلېكترون بۇيۇملىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بازارلىرىنى ئىگىلىدى. ياپونىيە توختام بويىچە ‹فورد› ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ تېخنىكلىرىنى تەربىيەلەپ بېرىدىغان بولدى.» بۇ قۇرلاردىن قىزىقارلىق سېلىشتۇرمىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ سىز ئەلۋەتتە ھېس قىلدىڭىز، ئىچىڭىز قايىندى.

## 2. پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات

ئىككى ئىقلىمنىڭ پەلسەپىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەدەبىياتنى مەيدانغا چىقارغان. غەرب دادىل، تەۋەككۈلچى ۋە مۇنازىرىچى، سىناپ بېقىشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل خۇيى ئەدەبىياتتا ناھايىتى ياخشى ئىپادىسىنى تاپقان. شەرق بۇنىڭ ئەكسىچە ئېھتىياتچان، مۇلايىم ۋە كۆنۈككەك. غەربنى بىرەر مەپكۇرىگە ئاسان قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇلارنى قايىل قىلغۇدەك يېتەرلىك دەسمايەڭ بولمىسا، ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشكىنىڭ بىكار. سوقرات ۋە ئارىستوتېلنىڭ مۇنازىرە قايناپ تۇرىدىغان پەلسەپە ئۆگۈتخانىسى ياۋروپانىڭ ۋۇجۇدىغا ئەقلىي ئويلىنىش، نوپۇزدىن گۇمانلىنىش، ئىلمىي مۇنازىرە، ئۈنۈمپەزلىك ۋە تەجرىبىچىلىكنىڭ ئۇرۇقلىرىنى تېرىغان.

غەربتە پەيلاسوپلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئالدىنقىلارنىڭ پىكرىنى بېيىتىش ياكى ئىنكار قىلىش داۋامىدا پەلسەپىنىڭ قاينام بۇلاقلىرىنى قۇرۇتماي كەلدى. دۇنيا ئالىي مائارىپىنىڭ سەركىلىرى بولغان كەمبرىج، ئوكسفورد ۋە خارۋاردلارنىڭ مائارىپ مىزانى «دۇنيادىكى ھەرقانداق نوپۇزلۇق قاراشقا جەڭ ئېلان قىلىش ۋە ئىجادچانلىقتا ماھىر بولۇش» بولۇپ، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى سوقرات ۋە ئارىستوتېللارنىڭ تەجرىبىچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەقلىيلىك تەلىماتلىرى پۇراپ تۇرىدۇ.

غەرب ھەممە نەرسىگە كۆپ ھالدا ئەقلىي، نەقلىي ۋە ئەمەلىي مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەممىدىن گۇمانلىنىپ باقىدۇ. تۆت مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرى بولغان «ئىنجىل»نى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىپ، پانىي دۇنيانىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان غەربتە تۈرلۈك مەپكۇرە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ. سوقرات ۋە ئارىستوتېل دەۋرىدىكى ئەقلىيچىلىك، ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەيرىي ئەقلىيچىلىك، 15 ـ، 16 ـ ئەسىردىكى مەرىپەتچىلىك، ئىككى ئەسىردىن كېيىنكى زامانىۋىلىق (مودېرنىزم)، كېيىنكى مودېرنىزم ۋە ئۈنۈمپەزلىك دېگەندەك ئېقىملاردىن غەربنىڭ دېڭىزدەك توختىماي داۋالغۇپ تۇرغان قەلبىنىڭ يارقىن سۈرىتىنى كۆرىمىز. ئىدىيەدىكى ھەر بىر قېتىملىق داۋالغۇشتىن بىر قېتىملىق ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب پارتلىغان. بىر قېتىملىق ئىسلاھات ياكى ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى تاۋلاپ، يەنە بىر قېتىملىق ئىدىيەۋى داۋالغۇشنىڭ ئانىسى بولغان. تارىخقا نەزەر سالساق، ئىدىيەۋى ئويغىنىش بىلەن ئىنقىلاب بىر ـ بىرىنى ئىلگىرىلىتىدىغان ئىككى چىشلىق چاق بولغان.

تۈرلۈك ـ تۈمەن ئېقىم بەس ـ بەستە سايرايدىغان غەربتە بەزىلەر «ئىنسان ئەقلى ھەممىنى بىلىدۇ، ئىنسان ھەممىگە قادىر» دەپ قارىسا، يەنە بىرلىرى قوپۇپ «دۇنيانى ۋە ئىنساننى بىلگىلى بولمايدۇ، دۇنيانىڭ مەنىسى يوق» دەيدۇ. ئۇلاردا بىر يېڭى تەلىمات تىكلەنسە يەنە بىرى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. غەرب مۇشۇنداق پەلسەپىۋى تالاش ـ تارتىشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. غەربنىڭ دۇنيانىڭ كۆزىنى چاقناتقان بۈگۈنكى سانائەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئۇتۇقلىرى دەل ئاشۇ توختاۋسىز ئىنكارچىلىقتىن ۋە تەبىئەتنى تاجاۋۇز خاراكتېرىدە ئې-

① ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە ئېنگلىزچە pragmatism دېيىلىدۇ، بىزدە تەرجىمە قىلىنماي شۇ پېتىچە پراگماتىزم دەپ ئېلىنغان. بۇنى «ئەمەلىيەتچىل پەلسەپە» ياكى «ئەمەلىيەتچىلىك» دېسەك مۇۋاپىق.ـ ئاپتوردىن.

چىشتىن كەلگەن. سانائەت ۋە پەن يۈكسەلگەنسېرى ئەقلىچە-
لىك تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، ئەقلىنىڭ، تېخنىكا-
نىڭ، شەخسنىڭ رولىغا ۋە بايلىققا چوقۇنۇش جەمئىيەتنى
كەلكۈندەك قاپلىغان.

ئەنگلىيە يازغۇچىسى دانىيل دېفۇنىڭ 1719 ـ يىلى نەشر
قىلىنغان، ياۋروپانى زىلزىلىگە سالغان مەشھۇر رومانى «دې-
ڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزۇ»دا بايلىق ئىزدەپ دېڭىز
سەپىرىگە چىققان روبىنزون چۈشكەن كېمە پاچاقلىنىپ، نىشا-
نىدىن ئېزىپ يىگانە ئارالغا چىقىپ قېلىپ، 40 ـ 30 يىلچە
ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ئارالدا تەنها ياشاپ، غەلىبە بىلەن يۇر-
تىغا قايتىدۇ. غەربنىڭ قارامىلىقى، جاسارىتى، پاراستى ۋە ئۈ-
مىدۋارلىقىنى تولۇق مۇجەسسەملىگەن روبىنزون ئوبرازى
ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇش بولسىمۇ، لېكىن
بىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر روبىنزوننىڭ كېمىسىنى پاچاقلىۋەتكەن
پايانسىز دېڭىزنى كۆردىيۇ، ياۋروپانىڭ دېڭىزدەك دولقۇنلاپ
تۇرغان روھىيىتىنى يېرىپ كۆرۈپ باقمىدى.

ئوباماننىڭ ئىشەنچ يېغىپ تۇرغان پاساھەتلىك نۇتۇقلىرى-
دا، غەربنىڭ كىنولىرىدا، كىتابلىرىدا، دىپلوماتىيە ئويۇنلىرىدا،
دەرس مۇنبىرىدە ھەتتا كۈندىلىك پاراڭلىرىدا «مەن قىلالاي-
مەن، قىلىشىم كېرەك، باھانە كۆرسەتمە، ۋاز كەچمە، ئۆزۈڭ-
گە ئىشەن، سەن ئەڭ قالتىس» دېگەن سۆزلەرنى كۆپ ئۇچ-
رىتىشقا بولىدۇ، بۇ سۆزلەردىن غەربنىڭ يادرولۇق قىممەت
قارىشى ئايان. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

جەمئىيەتتە ۋە مەنىۋىيەتتە پەن ۋە تەپەككۇر ھەل قىلالا-
مايدىغان بىر تالاي مەسىلە پەيدا بولغاندا، ئۇلار يەنە خۇداغا
ئىلتىجا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خۇدانى تونۇشى ۋە ئېتىقادىنى
تۇرمۇشقا تەتبىقلىشى يەنىلا يۈكسەك ئەقلىيلىك ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق ئېتىقادىغا ئوخشىماي-
دۇ. ئۇلار خۇداغا خۇددى دوست ـ بۇرادىرىگە ئوخشاش مۇ-
ئامىلە قىلىدۇ. بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە بارمىغىلى ئۇزاق
بولغان چېركاۋغا بارىدۇ. غەربنىڭ نەزىرىدە بۇ دۇنيادا ھەمە-
مىلا نەرسىنى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار «ئىنجىل»دا
چەكلەنگەن نۇرغۇن قىلمىشنى سادىر قىلىۋېرىدۇ، بۇ قىلمىش-
لىرىنى تۈرلۈك چىرايلىق باھانە بىلەن ئاقلاپ ئۆزىگە تەسەل-
لىي تاپىدۇ، خۇددى ئامېرىكا بىرەرسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ بو-
لۇپ كەينىدىن باھانە تاپقاندەك.

ئەمدى قۇملۇق بويلىرىدا گۈزەل ئەنئەنىلىرىگە چىلىشىپ
ياشاۋاتقان سېھىرلىك شەرققە كېلەيلى. بۇ يەردىكى شەرق كەڭ
مەنىدىكى ھەزارەت چەمبىرىكى بولۇپ، ئەرەب، پارس، تۈرك
ۋە ھىندى ھەزارەت چەمبىرىنى كۆرسىتىدۇ.

شەرق پەيلاسوپلىرى مەپكۇرىسىنى ئۇدۇللا دېمەي، سې-
ھىرلىك ھېكايەت ـ چۆچەكلەرنىڭ قاتمۇقات قېلىن پەردىسىگە
ئوراپ، تەمسىل ۋە بېشارەت تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.
شەرقنىڭ تەكەببۇر ھۆكۈمدارلىرى كۆپ ھالدا ھەقىقەتكە قۇلاق
يوپۇرۇپ كەلگەن ياكى ھەقىقەتنى كېچىكىپ چۈشىنىشكە ئا-
دەتلەنگەن. شۇڭا شەرقتە «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»،
«كەلىلە ۋە دىمنە»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ... دې-
گەندەك گۈزەل چۆچەك ـ رىۋايەتلەر توقۇلۇپ، ئەلنىڭ مە-
رىپەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە بۆشۈكى بولغان. شەرقتە چۆچەك-
لەردىن چۆچەكلەر تۇغۇلىدۇ.

«پادىشاھ بىلەن قۇش» دېگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدە
ھاماقەت پادىشاھ ياخشى نىيەتلىك قۇشنىڭ نىيىتىنى چۈشەنمەي
ئۆلتۈرۈپ بولۇپ پۇشايمان قىلىدۇ. بۇ چۆچەك شەرق دانالى-
رىنىڭ ئاچچىق قىسمىتىنى مۇجەسسەملىگەن. شەرق تارىخى
ئىبرەت ئەينىكى. بۇ ئەينەكتىن تالاي دانانىڭ ھەسرەتتە ئې-
زىلگەن يۈرەكلىرى ۋە تەكەببۇر پادىشاھلارنىڭ پۇشايمان
ياشلىرىنى كۆرىمىز. شەرقتە ھەقىقەتكە دالالەت قىلغان تىل ۋە
باشلار توختىماي كېسىلىپ تۇرغان. شەرق دانالىرى شۇنىڭ
بىلەن ھەقىقەتنى يالىڭاچ پېتى دېمەس بولۇۋالغان. شەرقتە
ھەقىقەتنىڭ قولى كۆزلىرىنى نوقۇپ، بوغۇزىغا تاقىشىپ،
ۋىجدانى پىژىلداپ كۆيۈپ تۇرسىمۇ غىڭ ـ پىڭ قىلماي، قا-
باھەتكە قول قوشتۇرۇپ، جاھالەتكە يانتاياق بولغان چەلپەك-
چى موللا ـ ئۆلىمالار تالاي ياشاپ ئۆتكەن. بۇنداق ئۆلىمالار
ئەلنى باشلايدىغان دانكو ئەمەس، جاھالەت قەسرىنىڭ تۈۋ-
رۈكى بولغان. ئالىملارنىڭ ھالى شۇ تۇرسا، ئاۋامنىڭ يەنە
سۆزۈك تەلىماتلارغا رەغدى قالامدۇ؟

«ئويغانغان زېمىن» رومانىدىكى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل دا-
موللا شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. شاپتۇل داموللا ھەقنى يەت-
كۈزگۈچى ئۆلىما ئەمەس، جاللات شىڭ شىسەينىڭ قولىدىكى
قىلىچ. بۇنداق قىلىچ قىنىدا جىم تۇرسىمۇ بىگۇناھ قانلارنى
تۆكۈۋېرىدۇ. شەرق تارىخى شاپتۇل داموللىلارنىڭ ۋە شۇن-
داق كىشىلەرنىڭ كاساپىتىغا كەتكەنلەرنىڭ ئىبرەتلىك كەچمىش-
لىرىدىن رەڭلەنگەن. رومانىدىكى بۇ ئاجايىپ ئۆلىما ھەققىدە
ئارتۇق سۆزلىمىسەكمۇ، ئاقىللار ئوبدان چۈشىنىپ، ئۆزىگە
يارىشا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىۋالار.

ئامېرىكا يازغۇچىسى مارگارېت مىچېلنىڭ «ئەنسىز
يىللاردىكى نازىنىن» رومانىدا سام دېگەن بىر قۇل تەسۋىرلە-
نىدۇ. قۇللار ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ساممۇ ھۆرلۈككە چىقى-
دۇ. شۇ چاغدا سام: «ئەمدى نېمە ئىش قىلارمىز؟» دەيدۇ.
سامغا ئوخشاش ئەركىنلىككە كۆنەلمەيدىغان نېگىر قۇللارمۇ بو-
لىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «باياۋاننىڭ سىرى» ناملىق رومانىدا
سالەك شاڭجاڭنىڭ داۋۇد دەيدىغان بىر چاكىرى بار. داۋۇدنىڭ

سىڭلىسى داۋۇدنى سالەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، ئەركىن ياشاشقا نەسىھەت قىلسا، داۋۇد: «سالەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلسام ياشيالمايمەن» دەيدۇ. مۇھىت ۋە ئادەت دېگەن تولىمۇ ئەپچىل قېلىپ، سېنى شۇ قېلىپ تۆت چاسا ياكى يۇمۇلاق ھالەتتە قۇيۇپ چىقىدۇ. يۇمىلاق قۇيۇلساڭ دومىلاپ ياشايسەن، چاسا بولساڭ تامغا ۋە يولغا لازىم بولىسەن.

تەنھالىق ۋە غۇۋالىققا كۆنگەن، دۇنيادىن يىراق ياشاۋاتقان ئىچ مىجەزلىك كىشىلەر يالغۇز شەرقتىلا ئەمەس. ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىمۇ شەرقچە رىۋايەتلىك تۈسكە تولىمۇ باي تۇپراق. كولۇمبىيە يازغۇچىسى گارسىيا ماركوسنىڭ 1982 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رومانى «يۈز يىل غېرىبلىق»تا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەنھالىقى، غۇۋا رېئاللىقى، ئۆزگىچە پسىخىكىسى ۋە مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى تولىمۇ جانلىق ئەكس ئەتكەن. بۇ رومانىنىڭ «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىگە ئوخشايدىغان بايان ئۇسلۇبى ۋە سېھىر بىلەن رېئاللىقتىن چاچىلاشقان ئۆزگىچە ۋەقەلىكى دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولدى. خەلقىمىز ماركوسنىڭ قەلىمىدىن ئۆز قەلبىنى، تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۆتمۈش تارىخى ـ سېھىرلىك رېئاللىقنى كۆرگەندەك بولدى.

1990 ـ يىللىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز مېكسىكىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ھەزارىتى، فولكلورى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنى ئۇزاق كۆزەتكەندىن كېيىن «تەنھالىق قەسرى» ناملىق توققۇز بابلىق ئۇزۇن ئەدەبىي خاتىرىسىدە مېكسىكا توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ: «قېرى ـ ياش بولسۇن، مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلغان ئاق تەنلىكلەر ياكى ئارغۇنلار بولسۇن، گېنېرال، ئىشچى ياكى ئادۇۋوكات بولسۇن، بارلىق مېكسىكانىنىڭ ھەممىسى ئىچ مىجەز ۋە جاھىل. مېكسىكانلارنىڭ چىرايى بىر نىقاب، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چېھرىمۇ بىر نىقاب. ئۇلار سۈكۈت، ئېيتىم، ئەدەپ، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتكە چىداش قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. ئۇلار مەخپىيەتنى قوغداشقا بەك دىققەت قىلىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىگە بەك قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىملىرىدا ئىشارە، ئوخشىتىش، دارىتمىلاش ۋە كۆپ چېكىتلەر بولىدۇ... مېكسىكانلار دۇنيادىن ھەتتا ئۆزىدىنمۇ بەكلا يىراقلاپ كەتكەن... يەرلىكلەر ۋە ئىسپانلارنىڭ قوش تەسىرى بىزدە مۇراسىم، ئەدەپ ـ قائىدە ۋە تەرتىپنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈردى... ئۇلار بىزەكچىلىكتە سىممېترىك شەكىللەرگە ئامراق... سىياسىي ئورگانلارنىڭ شەكىلۋازلىقى ۋە بيۇروكراتلىق شەكىللىرىنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈش خاراكتېرىمىزنىڭ بەزى ئىپادىسى. مېكسىكانلار يا ئېغىزىنى ئاچمايدۇ يا كونا قېلىپلارنى بۇزمايدۇ... مېكسىكانلار ئايالنى بىرخىل قورال دەپ قارايدۇ. ئايال پاسسىپ ھالەتتە بولۇپ، ئانىغا ۋە مەسۇم قىزغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئايال يەنە ئاكتىپ ھالەتتە بولۇپ، فۇنكسىيە، ۋاستە ۋە يول قىلغىلى بولىدۇ... مېكسىكىنىڭ تارىخى غەلىتە تۈزۈم تەرىپىدىن بۇرمىلانغان ياكى يوشۇرۇپ قويۇلغان ئەسلىدىكى ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئىپادىلەش شەكىللىرىنى ئىزدەش جەريانى.»

پاز مېكسىكىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغاندا ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقنى ئارىلاپ، رىۋايەت ۋە ئەنئەنىگە چىلىشىپ ياتقان شەرقنىڭ قەدىمىي سېھرىي كۈچىنى ۋە ئىككى قورۇقلۇقتىكى تەنھالىقنىڭ شۇ قەدەر ئوخشاشلىقىنى ھەيرانلىقتا بايقىغان. شۇڭا «تەنھالىق قەسرى» ۋە «يۈز يىل غېرىبلىق»نى ئوقۇساق گويا تەكلىماكاننى ئوقۇۋاتقاندەك بولىمىز، ماكوندو كەنتىنى قەشقەردىكى بىرەر كەنتكە، مىرگادىس دېگەن سېھرىگەر بوۋاينى «قۇم باسقان شەھەر» رومانىدىكى سوپۇرگىگە ئوخشىتىپ قالىمىز.

شەرق ئىنسانىنىڭ چەكلىك ئەقلىي قۇدرەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى، نۇرغۇن نەرسىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدىغانلىقىنى، ھەر نەرسىدە بىر ھېكمەتنىڭ بارلىقىنى يۈرىكىدىن ئېتىراپ قىلىدۇ. شەرقنىڭ نەزىرىدە ئەقىل ۋە ھايات ياراتقۇچىنىڭ كاتتا مۆجىزىسى. ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ بەرگەنلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئەتراپتىكى ھەربىر نەرسىدىن ئىبرەت ئېلىپ، روھىنى توق تۇتۇپ ياشايدۇ. «روھىي گادايى باي بولماس» دېگەن بۇ ھېكمەتتە شەرقنىڭ بىر دۇنياچە قەلبى يۇغۇرۇلغان.

ئەدەبىيات دېگەن بۇ سېھرىلىك ئويۇنغا مەپتۇن بولغاندىن بېرى مۇنۇ ئىشقا بەكلا ھەيران بولىمەن: شەرقتە رومانچىلىق تولىمۇ كېچىكىپ باشلانغانىكەن، غەربتە 1500 ـ يىللاردىلا رومان يېزىلغانىكەن. شەرقتە قىسسە، داستانچىلىق ۋە مەدداھلىققا ئوخشاش شەكىللەر شۇنداقلا ئىقتىسادىي قاششاقلىق رومانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا تازا ئىمكانىيەت بەرمىگەن. ئەدەبىياتتىكى ئىككى خىل ھالەت ئەسلىدە دەل ئىككى خىل پەلسەپىنىڭ كارامىتى. رومانچىلىق ئەمەلىيەتتە ئەقلىي ئويغىنىش ۋە سانائەت تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى. 1901 ـ يىلىدىن باشلاپ تارقىتىلغان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئاساسەن غەربتىن چۆرگىلەپ كېتەلمىگەنلىكى ئانچە سىرلىق ئەمەس. شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا قىسسەچىلىك راۋاجلانغانىيۇ، تارىخ ـ تەزكىرىچىلىك يوق ھېسابتا.

قاراڭ، دېڭىز بويىدا ياشىغۇچىلار مىلادىيەدىن بۇرۇن ياشىغان ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تارىخىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇلار ئەپلاتوننىڭ، ئارىستوتېلىنىڭ تارىخىنى خىرۇم تاشلىق قا-

مۇسلارغا شۇنداق ئېنىق پۈتكەن. غەربتە مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغانلارنىڭمۇ تۇغۇلغان يىل، ئاي ھەتتا كۈنلىرىگىچە شۇنداق ئېنىق پۈتۈلگەن. بىز يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى ياشىغان ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزنى تۈزۈك بىلمەي، تۇغۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنەن ئېلىشقا مەجبۇرمىز. توغرا، غەربتىمۇ كىتابلار كۆيدۈرۈلگەن، ھەر كاتتا كۇتۇپخانىلار تۈزلۈۋېتىلگەن. بىراق ئۇلارنىڭ ئېسى كۆيۈپ كەتمىگەچكە، تارىخنى يېڭىلاپ، توغرا يازالىغان. بىزدە كىتابلار بىلەن تەڭ ئېسىمىز، ئەقلىمىز ۋە جۈرئىتىمىزمۇ تەڭلا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن كاتىپ - مىرزىلار قەلىمىنى دادىل يورغىلىتالماس بولغان. شەرقتە خانلارنىڭ قورسىقى تارمۇ قانداق، تەختكە ئولتۇرۇۋېلا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى كىچىكلىتىپ ياكى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ قىلدەك ئىشىنى پىلدەك قىلىپ تولىمۇ تەپسىلىي يازدۇرغان. شۇڭا بىزدە تارىخ تەكرار - تەكرار يېزىلىپ، ئەسلىنى بىلمەكمۇ تەسلەشكەن. ئالايلۇق، «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى»، «تارىخى رەشىدى» دېگەندەك تولا تەستە روياپقا چىققان بۇ كىتابلاردا زىت بايانلار تولىمۇ كۆپ. بىر دەۋردە يېزىلغان ئىككى كىتابتىمۇ زىتلىق ۋە مەنتىقسىزلىق جىق. يۈز يىل بۇرۇنقى ئىشلاردا تىلىمىزنى چايناپ يۈرۈيمىز. بۇنداق زىتلىق ۋە مۇجمەللىك نەدىن كەلدى؟ تارىخىمىزدا شۇنچىۋالا ئىشلار بولغان تۇرسا، ئۇلارنى بىرنەچچىلا ئادەم قەلەمگە ئالغانمىدۇ؟ ماقۇل، شۇ كىتابلار تۈرلۈك پېشكەللىكتە كېيىنكىلەرگە يەتمىدى دېگەندىمۇ، تارىخچىنىڭ بالا - ۋاقىسى، شاگىرتلىرى، دوست - يارانلىرى، تۇغقانلىرىمۇ يوقمىدۇ؟ كاللىسى قىزىغان تەلۋىلەر: «كىتابىڭنى ئېلىپ چىق، كۆيدۈرىمىز» دېسە «ماقۇل غوجام» دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغانمىدۇ؟ ئىشلار ئۇنداق ئاددىي ئەمەس.

بىزدە راست - يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن تارىخنامە - تەزكىرىلەر، سېھىرلىك قوينىغا دەم تارتىدىغان چۆچەك - داستانلار ئالقىشقا سازاۋەر. غەربتە ئەقلىيلىك ۋە تەپەككۇرنى شەرت قىلىدىغان پەلسەپە ۋە رازۋېدكا ئەسەرلىرى ئالقىشلانغان. ئەنگلىيەنىڭ دۇنياغا داڭلىق رازۋېدكا ئەسىرى «ھولمېسنىڭ دېلو رازۋېدكا قىلىشى» بىزگە تولىمۇ تونۇش. چىگىش دېلولار بىلەن ھەپىلەشمىسە، توختاۋسىز كاللا ئىشلەتمىسە ئىچى پۇشىدىغان ھولمېس غەرب ئەدەبىياتىدا پاراسەت ۋە تاپقۇرلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. بۇ ئەسەر غەربنىڭ پاراستى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە روھىنى چۈشىنىشتىكى ياخشى كۆرگۈ. ئەخلەت كىتابتىن يۈزنى ئوقۇغاندىن مۇشۇنداق بىر كىتابنى يۈز ئوقۇغان ياخشىراق.

غەربتە ئادىمىيەت پەنلىرىدىكى يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئاۋامنىڭ نەزىرى ۋە تەنقىدىدىن خالىي ئەمەس. بۇنداق ئەمگەكلەر جەمئىيەتنىڭ ۋە تەپەككۇرنىڭ موتورىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىزدىكى خېلى كۆپ ئەقلدار ۋە مەنسەپدارنىڭ دۇنياسى ئاۋام ئۈچۈن گويا ئېگىز چوققىدىكى ئاقۇش تۇمانغا چۇلغىنىپ ياتقان سىرلىق قەلئەدۇركى، بۇ قەلئەگە چىقىش بەكمۇ تەس. زىيالىي قورسىقى تويسىلا، مەشنىڭ تۈۋىدە ھېچنېمىدىن غەمسىز ئۇخلايدىغان شىراز مۈشۈكى ئەمەس، بەلكى ئەقىل دالىسىدىكى رەڭدار گۈل - چېچەكلەردىن شىرنە يىغقۇچى ئىشچان ھەسەل ھەرىسى. ھەرىلەر دۇنياسىدا تولىمۇ قىزىقارلىق ئىشلار بولىدۇ. پادىشاھ ھەسەل ھەرىسى ئۇۋۇنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ ئىشچى ھەرىلەر ئەكەلگەن شىرنىنى تېتىپ بېقىپ، زەھەرلىك بولسا شۇ جايدىلا ئۇ ھەرىنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ. قاراڭ! ھەربىرىدىكى ئىنسانغا بولغان بۇقەدەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى! ئەگەر دىققەت قىلمىسا زىيالىينىڭ قەلىمىدىن زەھەرمۇ تېمىپ قالىدۇ. قەلەمدىن بىلىپ - بىلمەي تامغان بۇ زەھەر جاننى ئالمىسىمۇ، بىراق تەپەككۇر ۋە ھەزارەتنىڭ يېشىل دالىسىنى ئاستا - ئاستا شورلاشتۇرىدۇ. ھەزارەتنىڭ دالىسىدىكى ئاچچىق شور پاراسەتنىڭ ياپېشىل دەرەخلىرىگە ئىمكان بەرمەيدۇ. بۇنىڭ زىيىنىنى نەچچە ئەۋلاد تارتىدىغان گەپ.

### 3. پەلسەپە ۋە ئەپسانە

ئەمەلىي پەلسەپە ۋە تەپەككۇرنىڭ كۈچى ئەنە شۇ قەدەر زور. دۇنيانى ئەقىل بىلەن ئوقۇپ باقسىڭىز، دۇنيادىكى يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرغانلارنىڭ غالىبىيەت دەستۇرىدا ئەمەلىي تەپەككۇر، ئىجادىيلىق ۋە ھەمكارلىقنىڭ رولىنى قاتتىق تەكىتلىگەنلىكىنى كۆرىسىز. ياپونلار ۋە گېرمانلارغا ئوخشاش مايماق كەتكەن كەشنى بىر ئەسىردىلا ئوڭشىۋالغانلار تارىختا تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيەنىڭ «متسۇبىشى»، «تويوتا»، «خوندا»، «سۇزۇكى»، «پاناسونىك».. قاتارلىق داڭلىق ماركىلىرىنىڭ سۈپىتىگە پۈتكۈل دۇنيا ئىشىنىدۇ. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئەپسانىنى ياراتتى.

سۈزۈك پەلسەپە سانائەت، ئىقتىساد، مائارىپ ۋە تېخنىكىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتى. دۇنيانىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتكەن بۇنداق تەرەققىيات غەربنى مەيدىسىگە تېخىمۇ ئۇرىدىغان قىلدى. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا تېپىك مىسال. 1776 - يىلى قۇرۇلغان بۇ بالا دۆلەتنىڭ دۇنياۋى نوپۇزى ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىن كەلگەن. تەرەققىياتى ئەمەلىيەتچىل پەلسەپىسىدىن، ئىجادىي تەپەككۇرىدىن ۋە مائارىپىنىڭ نوچىلىقىدىن كەلگەن. نوپۇزىنى كۆتۈرگىنى، ئامېرىكىنى مەيدىسىگە قورقماي ئۇرالايدىغان، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە قولىنى بىمالال

سوزالايدىغان قىلغىنى يەنە شۇ ئەمەلىي پەلسەپە. غەربنىڭ پەلسەپە ۋە تارىخىنىڭ قۇرلىرىدىن بۇزۇپ قايتا قۇرۇش، تەۋەككۇلچىلىك، ئۇرۇش، ئۆزگە ئىشىنىش، خەقنى باشقۇرۇش ۋە مەمەددانلىق پۇراپ تۇرىدۇ.

ئارستوتېلنىڭ «سىياسىيشۇناسلىق» دېگەن ئەسىرىنى، سوقرات ۋە ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىۋى سۆھبەتلىرىنى، ئالدىنقىلارنىڭ ئىدىيەلىرىدىن بىخلانغان ۋولتېر، دىدىرو، ھېگىل، كانت ۋە شوپېنخاۋېرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، چارلېز پېرس، كۇن، ۋىلىيام جېمس، جون دېۋېي قاتارلىق ئامېرىكا ئەمەلىيەتچىل پەلسەپىسىنىڭ پېشۋالىرىنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز ھەرقانداق كەشپىيات، تەلىمات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئەمەلىي مائارىپنىڭ ھەل قىلغۇچ رولى، ئىقتىساد ۋە تېخنىكىنىڭ ئورنى قاتتىق تەكىتلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇسا غەربنى خىلى ئوبدان چۈشىنىۋالغىلى، غەربنىڭ تەرەققىيات مەپسىنى سۆرەۋاتقان ئۈنۈمپەرەزلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە ئىستېمالچىلىق قاتارلىق ئۈچ ئاتنىڭ كېتىۋاتقان مەنزىلىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كۆن نۇرى ۋە ھاۋادىن باشقا ھەممىلا نەرسە تاۋارغا ئايلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ئۈنۈمى بولسىلا ئىستېمال قىلىش كېرەك، ئىستېمال قىلغىلى بولسىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ» دەيدۇ ئۇلار. غەربتە سۇمباتلىق بەدەنلەر، ئۆزگىچە خىياللار ۋە تاتلىق كۈلكىلەرمۇ تاۋارغا ئايلىنىپ بولغان. يانچۇقىمىزنىڭ ھالى غەربكە يەتمىسىمۇ، غەربچە ئىستېمال ۋە تاۋارلىشىشنىڭ دولقۇنىدا يوپۇرماقتەك لەيلەپ كېتىۋاتىمىز. ئۆزىگە خاس پەلسەپىسىنى يىتتۈرۈپ قويغانلارنى يات دولقۇنلار ئېقىتىپ كېتىۋېرىدۇ. سۇدا لەيلەپ كېتىۋاتقان يوپۇرماقنىڭ ھالى نە بولغاي؟ كونىلارنىڭ «يىقىلغاننى قوشقاچمۇ دەسسەپ ئۆتەر»، «گاچا بولسىمۇ بايىنىڭ بالىسى سۆزلىسۇن»، «بۆرىسىز جاڭگالنىڭ پادىسى بىغەم» دېگەندەك ھېكمەتلىرىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن بىقۇۋۋەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئويۇننىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىنى كۆرىمىز. بۇ ھېكمەتلەردىن تالاي ئەسىرلىك قان - ياشلىق كەچمىشلەر پۇراپ تۇرىدۇ. يەھۇدىيلار ئىبرۇسالىمدىكى يىغا - زار تېمىدا قانلىق كەچمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ، بىز ئىككى ھېيتتا مەرھۇملارنىڭ تۇپراق بېشىدا بىرەر - ئىككى كەلىمە خەتمە قۇرئان قىلىۋېتىپلا ھېيتلىق گۆش - پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدىغا غەرق بولىمىز.

پەلسەپە خەقتىن ئىمپورت قىلىدىغان تاۋار ياكى خەجلەيدىغان ئاقچا ئەمەس. يۈرىكىڭنى سەندەل قىلىپ، ئەقىدەڭنىڭ بازغىنىدا تارىخىڭنى بازغانلاپ، يۈرىكىڭدىكى ئىسسىق قاندا سۇغۇرۇپ تاۋلانغىنى يالتىراپ تۇرغان بىسى قايىرىلماس پەلسەپە بولىدۇ. شۇنداق بولمايدىكەن سەن باشقىلارنىڭ قولىدىكى تاۋار ياكى تەجرىبە بۇيۇمى. تىرىك پەلسەپە - مەنزىلنى كۆرىدىغان دۇربۇن ياكى مەنزىلگە ئېچىلغان ئىشىك. پەلسەپە ئۆزۈڭنىڭ يۈرىكىدىكى پاكىز قان ۋە ئۆزۈڭنىڭ پېشانىسىدىكى ھالال تەردىن گۈللەپ ياشنايدىغان بوستان. ئارىيەت ئالغان شورلۇق ئەقىدىلەر بوستانلىرىمىزنى قۇرۇتتىدۇ. بوستاننى قۇرۇتۇۋېتىپ، ئەتىدىن - كەچكىچە شورلۇق يەرگە كۆچەت تىكىش بىزگە ئۇدۇمۇ؟! كېيىنكى بەش يۈز يىلدا ئۆز يۇرتىغا سىغمىغان تالاي سەرسان مەسىلىككە، خەتەرلىك ئەقىدىلەرگە قوينى كەڭ يۇرتىمىز، ئاپپاق كۆڭلىمىز ۋە سەممىي ئىخلاسىمىز مۇنبەت تۇپراق بولدى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن!

مەزكۇر ماقالىدە غەرب ۋە شەرقنىڭ پەلسەپىلىرىنى مۇھىتقا، روھىيەتكە ۋە تارىخقا باغلاپ سېلىشتۇرۇپ باقتۇق، غەرب ۋە شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆرسەتتۇق، دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلىمىز، تەپەككۇرىمىز ۋە مىجەز - خۇلقىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر توغرىسىدا سەل - پەل كايىپمۇ قويدۇق. تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدا راستلا بەزى مەسىلەلەر بار، بۇنى تۈزىتىش مەۋجۇتلۇقنىڭ تەقەززاسى. غەرب پەلسەپىسىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بىزگە ئۆرنەك. بۇ تەلقىندىن ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزدە بارنى ئەخلەت قاتارىدا چۆرۈۋېتىپ، غەربنىڭ پەلسەپىسى، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى يىلتىز - پىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ كېلىپ، تەپەككۇر تۇپرىقىمىزغا تىكەيلى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، مەن ھەرگىزمۇ بۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

ئوقۇرمەنگە ئايدىڭ بولسۇنكى، پىقىر غەربنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزىمىزنى پاتقاققا چۆكۈرمەكچى ئەمەس. بىرنى كۆتۈرۈپ بىرنى چۆكۈرۈش ياكى بىزدىن نوچىسى يوق دەپ مەيدە قېقىش بىزنى تۇيۇق يولغا باشلايدۇ. گۈلنىڭ تىكىنى بولغىنىدەك، ھەركىمنىڭ ئەيىبى ئۆزى بىلەن بىللە. شەرقتە ۋە غەربتە ئوخشاشلا شەلۋەرەپ تۇرغان جاراھەتلەر بار، بۇ، دانىشلارنىڭ ئۈچىنچى كۆزىدىن خالىي ئەمەس. گەپ شۇ ئەيىبنى قانداق تۈزىتىشتە.

ئۆزىمىزدىكى پىنھانلاردا ياتقان شۇنچە مول پەلسەپە بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قېلىۋەرسە، تەپەككۇر ھەققىدە سىستېمىلىق ئىلمىي پەرۋىشنىڭ تايىنى بولمىسا، ئەقلىي ئويلىنىشنىڭ ئورنىغا ھېسسىياتنىڭ يانغىنلىرى يېنىپلا تۇرسا، بىزنى تەپەككۇرغا ئىتتىرىدىغان چىشلىق چاقلار داتلىشىپ ياتسا غەربنىڭ پەلسەپە ۋە ھەزارەت توپانلىرى ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىۋېرىدۇ، بىز بۇنىڭغا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ

تۇرۇۋېرىمىز.

روھىيەت دېگەن بۇ نەرسە قاپاققا ئوخشايدۇ، قاپاققا ھامان ماي ياكى سۇ قاچىلىنىدىغان گەپ، سىز قاچىلىمىسىڭىز باشقا بىراۋلار قاچىلايدۇ. بىزگە كېرىكى غەربنىڭ ئىجادىي روھى، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر، ئۇلارنىڭ ئىش قىلىشتىكى ھەمكارلىقى، دادىللىقى، قىزغىنلىقى، پائالىيەتچانلىقىدۇر.

قېنىمىزدا ئەپسانە دولقۇنلايدۇ، ھەممىگە ئەپسانىۋى رەڭ بېرىشنى، ئەپسانىگە چىلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىمىز. ئەقلىدىن كۆرە ئەنئەنىگە بولغان مۇھەببىتىمىز كۈچلۈكرەك. ئوچۇق گەپلەر ۋە دادىل تەنقىد مىجەزىمىزگە سوغۇق كېلىدۇ. شۇڭا بىزدە نەزەرىيەنىڭ ئورنىغا ھېكايىسمان ئۆگۈتلەر بازار تاپقان. مۇھاكىمىنىڭ ئورنىغا غەيۋەت، ياپتا گەپلەر، ئورۇنسىز مېھماندارچىلىقلار، لاۋزا چاقچاقلار، خوشامەت بازار تاپقان. بۇ خىل گۆدەك پىسخىكا تەرەققىياتىمىزنى تورمۇزلاۋاتقان مۇھىم ئامىل.

غەربنىڭ قېنىدىمۇ ئەپسانە بار، بىراق ئۇلار ئەپسانىنىڭ ئوتىنى سوغۇققان تەپەككۇر بىلەن سوۋۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەپسانە بىلەن پەلسەپە غەربنىڭ سەنئىتىنىڭ ئىككى قانىتى. دۇنياغا داڭلىق ئەپسانىۋى چاتما رومان «خاررىي پوتېر» 70 خىل تىلدا 400 مىليون پارچە سېتىلدى. شۇ ئاساسدا ئىشلەنگەن چاتما كىنولار دۇنيادا قىزغىن ئالقىش تاپتى. يۈكسەك ئەقلىيلەشكەن، تېخنىكا ۋە باياشادلىقتىن روھى قۇرغاقلاشقان، ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغاننىڭ ھەممىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپ، يالتىراق تاۋارنىڭ ۋە مۇزدەك سوغۇق ماشىنىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان غەرب ئەپسانىنى سەنئىتى ۋە تۇرمۇشىغا سىڭدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ پاك باللىقىنى، ئۆتمۈشىنى ئىزدىمەكتە. ئۇلار پەلسەپە يۇراپ تۇرغان كىنولىرى ۋە رومانلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈشنى سېغىنىدۇ، قۇرغاق روھىنى شېرىن ئەسلىمە بىلەن نەمدەيدۇ، ئەجداد روھىغا ياغ پۇرىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پەلسەپىنى تۇرمۇشقا يۇغۇرۇۋەتكەن. بىز سوغۇققان تەپەككۇرسىزمۇ ياشاۋېرىمىز. بىزنىڭمۇ چىن مەنىسىدىكى پەلسەپىمىز بار، لېكىن بىزدىن يامانلاپ يىراقلارغا كېتىۋالغان. شۇ پەلسەپىمىزنى تاپماساق، بېيىتمىساق، قىممىتىنى نامايان قىلمىساق بولمايدۇ.

پەلسەپىمىز ۋە يىلتىزىمىز توغرىسىدا تۈزۈك ئويلىنىپ، تارىخىمىزدىكى نۇرانە سىمالارنىڭ يولىنى ئەقلەن ئويلىنىدىغان، تەتبىقلايدىغان، موللاشتۇرىدىغان ۋاقت كەلدى. بىزدە قالتىس پەلسەپە بار. لېكىن بىزدىكى پەلسەپە غەربنىڭكىدەك قامۇسلاشقان، قولنى سۇنۇپلا ئالغىلى بولىدىغان تەييار، پىشقان، نەزەرىيەلەشكەن ھالەتتە ئەمەس.

ھېلىمۇ ياخشى ئەقلىلىق بوۋىلار يانغىندا كۆيۈپ، بورانلاردا توزۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۆگۈتلىرىنى مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇپ قويغانىكەن. «مەڭگۈ تاش»لار، «ئوغۇزنامە»، «سىياسەتنامە»، «بابۇرنامە»، «زەپەرنامە»، «ئىسكەندەرنامە»، «بوستان»، «گۈلىستان»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قابۇسنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «چاھار دەرۋىش»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى ھەمىدى» كەبىي شاھانە مىراسلار، خەلق داستانلىرىمىز، چۆچەك ـ رىۋايەتلىرىمىز، ئاجايىپ ئىبرەتلىك مەسەللىرىمىز، شەرھلىسە ھەر بىرىدىن بىردىن كىتاب پۈتىدىغان ماقال ـ تەمسىللىرىمىز دەل بىزنىڭ پەلسەپە بۇلاقلىرىمىز، قۇرىماس يىلتىزىمىز. شۇلاردا كۆمۈلۈپ ياتقان پەلسەپە جاۋاھىرلىرىنى سۇرتۈپ، تازىلاپ تاراشلاپ، ئاشۇ چاقنىغان نۇردا يولىمىزنى يورۇتىشىمىز كېرەك.

تەپەككۇرنىڭ نۇرىنى قانداق چاقنىتىمىز؟ بالىلىرىمىز شۇ بۇلاقلاردىن قېنىپ چوڭ بولسا، شەھەردە ئۆسكەن بالىلىرىمىز تەتىللەردە يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىدا ئېغىناپ باقسا، توشقانلارنى قوغلاپ باقسا، ئانىلار چۆچەكلەرنى بالىلارغا دەپ بېرەلەيدىغان بولسا، ۋاقتىمىز تېلېۋىزور ۋە بىمەززە سورۇنلارنىڭ تىزگىنىدىن سەل ـ پەل قۇتۇلسا، ئۆيلىرىمىزدىكى كىيىمتەل (كىيىم ئىشكابى) ۋە گىرىمتەللەر سەل كىچىكلەپ، كىتابتەل (كىتاب ئىشكابى) مۇ ئۆيىمىزگە پاتسا، بالىلىرىمىز بىلەن كىتابلارنى ئوقۇپ بىللە مۇلاھىزە قىلالىساق، مەكتەپلەردە ئۇستازلار بۈيۈكلىرىمىزنىڭ ئىزلىرىنى كېكەچلىمەي دەپ بېرەلىسە، مەنىۋى مىراسلىرىمىز دەرسلىكتىن جىقراق ئورۇن ئالسا، بۇ ھەقتىكى تەلقىن ـ مۇنازىلەر كىتابلاردا ۋە ئېكرانلاردا قايناپ تۇرسا، غەربتىدىكىدەك «كىتاب چېيى، ئىلىم چېيى، كىتابداشلار ئۇيۇشمىسى» بىزدىمۇ بولسا، بىزدەك سەككىز ـ ئون مىليون نوپۇسلۇق بىر مەرىپەتلىك قوۋمدا بىر ياخشى كىتاب كەم بولغاندا 100 مىڭ پارچە سېتىلسا، پەلسەپە ۋە تەپەككۇردىكى ئۇزاق يىللىق ئۈزۈكچىلىكنى ئۇلاش مۇمكىن.

بىزدە «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق»، «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمساڭ نە پايدا» دېگەن گەپمۇ بار. زادى گۆھەر يوقمۇ ياكى گۆھەرنى تونۇيدىغان كۆز يوقمۇ؟ غەربلىكلەر سانائىتى ۋە تېخنىكىسىنى بىكارغا بەرمىسىمۇ، پەلسەپىسىنى، مەسلىكىنى بىكارغا بېرىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىرتقا ئىدىيە چىقىرىدۇ، لېكىن ئىدىيەنى ھەزىم قىلىدىغان ئاشقازاننى بېرەلمەيدۇ. بۇ تەلقىنىمىزنىڭ توچكىسىمۇ دەل شۇ يەردە.

2013ـ يىل ئۆكتەبىر



# تارىخنى قوغداپ قېلىش

ئادىل ئابدۇقادىر

*«ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.»*

— ۋ. ئى. لېنىن

ھەر قېتىم دىيارىمىزدىكى ھەر قايسى يۇرتتا ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ مىننەتسىز ئەمگەكلىرى بىلەن ئەلگە نەپ بېرىپ كېلىۋاتقان، كۆپنى كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق مويسىپىتلىرىمىز، بۇزۇركۋارلىرىمىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا گويا تارىخىمىزدىن بىر بەت يىرتىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن.چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى نەزىرىمدە بىر تارىخ كىتابى بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە بىز ئوقۇشقا ئۇلگۇرمەيلا بىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ. دەرھەقىقەت، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تەتقىق قىلىدىغان، تارىخ ئۆگىنىش ھەم تارىخ سۆزلەشتىن كىشىلەر«ئۆركۈيدىغان» بولۇپ قالغان، بىر تىرىك تارىخ شاھىتىنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ياكى ئەسلىمىلىرىدىن كۆرە بىر تارىخ ئاسپىرانتىنىڭ دېسسېرتاتسىيەسى بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، تارىخىمىزدىكى نۇرغۇن شاھىتىمىزنىڭ يېتەرلىك قەدىرلىنىش، قېزىشقا ئېرىشەلمەي، ئۆز كەچمىشلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكى راست.

تارىخ ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنسا بەزى كىشىلەر ئۇنى ئۆتمۈش ھەققىدىكى، ھازىر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بىر باياننىڭ خاتىرىسى دەپ ئويلايدۇ ياكى ھازىرقى ئىستېمال جەمئىيىتىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە بەزىلەر ئۇنى يېزىقى نامەلۇم، ۋاراقلىرى كونىراپ پېتىدىن چۈشكەن بىرەر پارچە قەدىمىي كىتاب ياكى قايسى دەۋرگە تەۋەلىكىنى پەرق قىلماق تەس بولغان، ئاسار ئەتىقە سودىگەرلىرى تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتقان ئەسكىرەپ كەتكەن بىرەر كونا ئاسار ئەتىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا تارىخ ھەققىدە سۆز قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆتمۈش ھەققىدە گەپ بولسا «ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ تارىخنى ئەسلەشنى خالىمايدۇ. بۇ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشىنىڭ تارىخ ھەققىدىكى ساددا قارىشى ھەم پوزىتسىيەسىدۇر. بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تارىخ بىر دۆۋە كونا نەرسىلەر بولۇپ، ئۇ بىزدىن تولىمۇ ئۇزاقتىكى ئۆتمۈش بولغاچقا، بۈگۈن ئۇچۇن قىلچە پايدىسى تەگمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى كىشىلەر بولسا كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تارىخ دەپ قارايدۇ، بولۇپمۇ ئۆزى تارىخقا تەۋە دەپ قارىغان نەرسىلەرنىڭ يىل دەۋرى قانچە ئۇزۇن بولسا

ئۇنى شۇنچە قىممەتلىك ھېسابلايدۇ، شۇڭا ئۇلار تارىخنى تاـ
رىخ سۈپىتىدە ئەمەس بىر تاۋار سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ئۈچىنچى
خىلدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تارىخ بىر قورقۇنچلۇق نەرـ
سە بولۇپ، ئۇنى سۆزلەش، ئەسلەش ئېھتىيات قىلىدىغان ئىش
ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تارىخ بىرىنچى خىل كىشىلەر ئويلىـ
غاندەك ھازىر بىلەن مۇناسىۋەتسىز نەرسە ئەمەس. چۈنكى،
تارىخ يىلنامە نۇقتىسىدىن ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن
ئۇ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈننىڭ بىر ھالقىسى سۈپىتىدە رېئاللىقتا
ئەنئەنە، مەدەنىيەت، مىللىي روھ ھالىتىدە داۋاملىشىدۇ. ھېـ
گېلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قارىغاندا تارىخ روھىنىڭ تاكامۇللىـ
شىش جەريانى بولۇپ، ئۇ رېئاللىقنىڭ قاتلىرىدا داۋاملىشىپ
بارىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى خىل كىشىلەر ئويلىغاندەك كىشىلەر
تارىخنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلىغان ياكى مۇـ
زېيلاردا ساقلانغان كونا نەرسىلەر تارىخنىڭ ئۆزى بولماسـ
تىن، بەلكى تارىخنىڭ يالدامىسىدۇر. ئۇ تارىخي ئەستىلىك
سۈپىتىدىكى مەلۇم بىر مەنىۋى قىممىتى بىلەن بىباھادۇر. مۇـ
بادا ئۇنىڭدا شۇ خىل قىممەت تېپىلمىسا ، نەچچە مىڭ يىل
ساقلانغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ قىممىتى بولمايـ
دۇ. تارىخ ئۈچىنچى خىل كىشىلەر ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق
نەرسە تېخىمۇ ئەمەس، ئۇ تارىخ ئىگىلىرىنىڭ ۋىجدانى ھەم
كىملىكى، بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق بايلىقىدۇر.

تارىخ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ بىر بۆلەك
دەۋرنىڭ ئەسلىمىسى ۋە خاتىرىسىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى،
ئىجتىمائىي توپ شەخسلەردىن تەشكىللىنىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، تارىخنى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ
شەخسلەر كەچۈرمىشىنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ. يەنى،
ھەرقانداق بىر تارىختا شۇ تارىخقا مەنسۇپ شەخسلەرنىڭ
ھەسسىسى بولىدۇ. شۇڭا، يۇرت ـ مەھەللىلەردىكى چاچ ـ
ساقاللىرى ئۈچتەك ئاقارغان خىزىر سۈپەت مويسىپىتلەر، ئۆز
ئائىلىمىزدىكى بوۋا ـ مومىلىرىمىز، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرىمىز-
نىڭ ھەر بىرىنى بىر تىرىك تارىخ سۈپىتىدە تونۇشقا بولىدۇ.
چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پېشقەدەملىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى
ئۆز زامانىسىدىكى تۈرلۈك كەچمىش ـ كەچۈرمىشنىڭ گۇۋاھـ
چىلىرى سۈپىتىدە، بىزگە ئەڭ يېقىن تارىخنىڭ تىرىك شاھىتـ
لىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە كىتابقا يېزىلمىغان
تارىخلار ساقلانغان بولىدۇ. تارىخ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ۋە
جىسمىغا ئەستىلىك سۈپىتىدە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ
روھىي دۇنياسى، ھايات مۇساپىسىدىكى ھەر بىر كەچمىشنى
ئەقىل كۆزىدە كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇئەييەن بىر تاـ
رىخنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرـ
گەنلىرى، ئاڭلىغانلىرى، كەچمىشلىرى قارىماققا بىر شەخسنىڭ
كەچۈرمىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شۇ كەچۈرمىشلەرنى بىر
رايون كەڭلىكىگە يېيىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ بىز ياشاۋاتـ
قان مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك ماكاننىڭ دەۋرىي تارىخي كۆـ
رۈنۈشى بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى، بىر شەخسنىڭ باللىق چاغـ
لىرىدىن تارتىپ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە بولغان
تارىخ خۇددى دەرەخنىڭ ئۆمۈر چەمبىرىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ
مېڭىسى، قەلبى، جىسمىغا ئەسلىمە، ھاياجان ۋە ياكى بىرەر
جاراھەت ئىزى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ ماڭىدۇ. بۇ خىل تارىخـ
تىن ئېرىشىدىغان چىنلىق تۇيغۇسىغا كىتابلاردىن ئېرىشكىلى
بولمايدۇ.

بىرەر مويسىپىت بوۋاي ياكى موماي ۋە ياكى ئاتا ـ
ئانىڭىز سىزگە ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇنىڭـ
دىن ئېرىشىدىغىنىڭىز بىر تارىخي ئۇچۇرلا بولماستىن، بەلكى
مۇشۇ ئۇچۇرغا سىڭىپ كەتكەن قەلبىڭىزنى ئۆرتەيدىغان ياكى
ھاياجانلاندۇرىدىغان، قەلەم بىلەن خاتىرىلەش قىيىن بولغان
ئۇنتۇلماس قىزغىنلىق، ھاياجان ۋە كىملىك تۇيغۇسى بولىدۇ.
بۇ خىل تۇيغۇنى تارىخي رىشتە دېسەك خاتالاشماسلىقىمىز
مۇمكىن. بۇ خىل تارىخي رىشتىلەرگە باشقىلارنىڭ قولىدىن
چىققان يىلنامە خاراكتېرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدىن ئېرىشكىلى
بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابىي تارىخي بىلىم ۋە تەتقىـ
قاتلارنىڭ كۆپىنچىسى قېلىپلاشقان يىلنامە ياكى بىر جەريان
سۈپىتىدە ھېسسىياتسىز خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا تولىمۇ قۇرـ
غاق بولىدۇ. شۇڭا، نوقۇل تەتقىقات ئەسەرلىرىگىلا تايىنىپ
توغرا تارىخي يىلنامە ۋە ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولسىمۇ،
لېكىن ئەجداد ۋە ئەۋلادنى ئۇلايدىغان تارىخي رىشتىگە ئېـ
رىشمەك تولىمۇ تەس. تارىخ ئەجداد بىلەن ئەۋلادنىڭ روھىي
ۋە مەنىۋى رىشتىلىرىنىڭ باغلىنىشى بولۇپ، تارىخي بىلىم ۋە
تەتقىقاتلاردىن ئەجدادلارغا ئۇلاشقان ھاياجان، ئازاب ۋە بىر
خىل تارىخي رىشتىگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي تارىخ
ئۆگىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل رىشتىلەرگە يىلـ
نامە خاراكتېرىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن كۆرە، ئاغزاكى
كەچۈرمىشلەردىن، ئەدەبىيات تۈسىدىكى تارىخي بايانلاردىن
كۆپرەك ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتە تارىخنىڭ بىر تىرىك
شاھىتى بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تارىخ يېتەكچىسى، ھەر بىر
ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى تارىخ ئۇستازى،

ھەر بىر ئائىلە بىر تارىخ مەكتىپى بولالايدۇ. ئۆتمۈشتە خەلقىمىز مۇشۇ خىل ئائىلە تارىخ دەرسىدىن داستانچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم نۇرغۇن ئېسىل ئېغىز ئەدەبىياتى داستانلىرىنى ياراتقانىدى. «رىۋايەت ـ بەدىئىي تارىختۇر» (ئىجرائىيە باش مۇھەررىردىن) ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇ خىل ئاغزاكى تارىخنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتلىك نامايەندىسىدۇر. بۇ خىل تارىخ دەرسى ئۇسلۇبى ئۆتمۈشتە چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. شۇڭا چارۋىچى قوۋملەردە يازما تارىخقا كۆرە داستانچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل تارىخ دەرسى ئەنئەنىسى بارغانسېرى ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ، ھەتتا يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇنقىدەك بوۋاي ـ مومايلار نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى چۆرىسىگە يىغىپ ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشنى چۆچەك قىلىپ ئېيتىپ بېرىدىغان، ۋائىزلار يۇرتمۇ ـ يۇرت چۆگىلەپ داستان ئېيتىپ، خەلقنى ئۆز تارىخى ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە قىلىدىغان زامانلار ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلاندى. شەھەرلىشىش ۋە بىنالىشىش، زامانىۋى تاراتقۇلارنىڭ ئومۇملىشىشى بۇ ئىشلارنى ئاللىبۇرۇن ھازىرقى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ خىل تارىخ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئەنئەنىسىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن كىشىلەر تارىخنى جانلىق ھەم قىزىقارلىق ئۆگىنىدىغان بىر ئەنئەنىدىن مەھرۇم قالدى. نەتىجىدە تارىخ ئۆگىنىش نۇرغۇن كىشىنى قىزىقتۇرالمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىدىكى باھادىر سەركەردىلەرنىڭ بىرى، ئەلنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىدىكى مەرھۇم سۇپاخۇن سوۋۇروف ھەققىدە يېزىلىپ ئىنتېر توردا ئېلان قىلىنغان بىر زىيارەت خاتىرىسىدە، بۇ مۆھتەرەم سەركەردىنىڭ ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەۋېتىپ، باللىرى ھەققىدە ئېيتقان «باللار بۇنىڭغا قىزىقمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوقۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتەنگەنىدىم. مۇشۇلارنى ئويلىسام ھېلىھەم ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ. بىر ئۇلۇغ تارىخنىڭ شاھىتى بولغان بۇ شۆھرەتلىك قەھرىماننىڭ ھەسرىتى ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى تالاي ئائىلىگە، ئاتا ـ ئانىغا ئورتاق. بەزىلەر باللار ئۆتمۈشتە ئەمەس كەلگۈسىدە ياشايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا ئۆتمۈشنىڭ ھېكايىسىنى ئاز سۆزلەش كېرەك دېيىشىدۇ ئۆزلىرىچە. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ مۇقەددەس دەستۇرلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تارىخىي قىسسىلەر بىلەن شۆھرەتلەنگەن. شۇڭا بۇ خىل قاراش ئۇلارچە قارىماققا «توغرا»دەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تارىخ ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆرنەكلىك، ئىبرەتلىك رولى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرگەن تولىمۇ كالتە پەملىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتۇر، نادانلىق ۋە ئىجتىمائىي گاسلىقتۇر. دانالار: «تارىخى يوق مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ» دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە مىللەت سۈپىتىدىكى ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ خاس تارىخى بولىدۇ. شۇڭا تارىخى يوق مىللەت بولمايدۇ. ئەمما تالاي تارىخ ئۆگەنمەسلىك ۋە ئۆگەتمەسلىك سەۋەبىدىن ئۇنتۇلىدۇ ھەم يوق بولىدۇ. تارىخنىڭ ئۇنتۇلۇشى قانداقتۇر ئۆتمۈشنىڭ ئۇنتۇلۇشىلا بولماستىن، بەلكى تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتىدىن ئىبارەت ۋاقىت ھالقىسىنىڭ ئۈزۈلۈشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىملىكى، نەدىن كەلگەنلىكى، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن خەلق، ئەتە ئۆزىنىڭ يەنە كىم بولۇشى، قايەرنى ۋەتەن تۇتۇشى ۋە كىم بولۇپ ياشىشىنى بىلەلمەيدۇ ھەم ئۆزىگە مەنسۇپ كەلگۈسىنىمۇ يارىتالمايدۇ.

ۋاقىت ھالقىسى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن ۋە ئەتە تۈنۈگۈننىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا تۈنۈگۈننىڭ ئىزى بولىدۇ. شۇڭا، تارىخنى ئۆتمۈش سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ئېنېرگىيەسى، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ خېمىر تۇرۇچى سۈپىتىدە ئۆگەنگەندە ھەم تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولىدۇ. شۇڭا ئەۋلادلارغا تارىخ ئۆگىتىش ھەم تارىخىي ساۋاقلارنى بىلدۈرۈش ھەر بىر تارىخ ئىگىسىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەۋلادلارغا تارىخ ئۆگىتىشتە تارىخنى ئۆلۈك تەتقىقاتقىلا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ياكى ئۇلارنى تەتقىقات ئۇسلۇبىدىكى زېرىكىشلىك ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ تارىخ ئۆگەنمەسلىكى ھەم تارىخقا قىزىقماسلىقىدەك رېئاللىققا پەرۋاسىز قاراش تېخىمۇ خەتەرلىك. چۈنكى، ئەۋلادلارغا تارىخ ئۆگىتىشكە پەرۋاسىز قاراش ئەجدادلارغا نىسبەتەن خىيانەت ھېسابلانسا، تارىخ ئۆگەنمەسلىك ئەۋلادقا نىسبەتەن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىگە تارىخ ئەقىدىسى ۋە تارىخ تۇيغۇسى سىڭدۈرۈشى كېرەك. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بوۋام مەھەللىمىزدىكى كىچىك بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى، قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى مەھەللىمىزدىكى ئىخلاسمەن كىشىلەر ھەپتىدە بىر قانچە كۈن مەرھۇم بوۋامنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتى، ئۇلار چىنچىراغ تۈۋىدە غۇجمەكلىشىپ ئولتۇرۇپ، بوۋام ئوقۇپ بەرگەن ھەر خىل تارىخىي قىسسىنى زوق بىلەن

ئاڭلاپ كېتەتتى، بەزىدە ئۆزلىرى ئاڭلىغان ۋەقەلىكلەردىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ يىغلىشاتتى، ھەتتا كىچىك بالىلاردەك ھۆ تارتىشىپ كېتەتتى. ئەينى چاغدا كىچىك بولغاچقا ئۇلارنىڭ نېمىگە كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. ئەمما چوڭ بولغاندىن كېيىن بىلدىمكى، ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرى ئۆزى ئاڭلىغان ۋەقەلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنى شۇ تارىخنىڭ بىر پارچىسىدەك ھېس قىلغاچقا كۆز يېشى قىلىشقانىكەن. بۇ خىل تارىخىي تۇيغۇ ۋە سېزىم تارىخ ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى بۇ خىل تۇيغۇ ئەجداد ۋە ئەۋلادنىڭ كىملىك رىشتىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. بۇ جەھەتتە تەتقىقات خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا ۋەقەلىك سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئەسەرلەر، تارىخىي ئەسلىمىلەر كىشىلەرنى تارىخقا تېخىمۇ جەلپ قىلالايدۇ ھەم يېقىنلاشتۇرالايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئالىم، ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تارىخىي رومانى «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»دىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تارىخىي رومانچىلىق قىزغىنلىقىنىڭ بۇ جەھەتتە ئوينىغان رولىنى تارىخ دەرسى ۋە تارىخىي ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ رولىدىن تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «ئانا يۇرت»، «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «تۇرغاق خوجىلار»، «جاللات خېنىم»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «باھادىرنامە» قاتارلىق نادىر تارىخىي رومانلارنى، شۇنداقلا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، ساۋدانوف زاھىرنىڭ «ماناس دەرياسىدىن ئۆتكەندە»، سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ «مەن كەچكەن كېچىلەر»، ماھنۇر قاسىم خانىمنىڭ «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن» قاتارلىق تارىخىي ئەسلىمىلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم بىر دەرسلىك بولۇپ قالدى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

تەتقىقات تۈسىدىكى تارىخىي ئەسەرلەر ئەدەبىي ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا چىنلىقى يۇقىرى، تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان سىياسىي، ئىلمىي تەلەپ يۇقىرى بولغاچقا، شۇڭا ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش خالىغان ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلنامە تۈسىدىكى بۇ خىل تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىيلىكى يۇقىرى، سۆز ـ جۈملىلىرىگە ھېسسىيات ئارىلاشمىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئەسەرلەردىن خالىغان ئادەم ئوقۇپ زوق ئالالمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلىرى تارىخىي رومانلارغا قارىغاندا ئاز بولىدۇ. مۇبادا بۇ خىل تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولغان بولسىدى، تارىخىي رومانلار ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىدىكى ئەڭ بازارلىق كىتابلارغا ئايلىنالمىغان بولاتتى. تارىخىي رومانلارنىڭ چىنلىقى تارىخ تەتقىقاتى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇلاردىن تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەڭ يارقىن تۇيغۇلارغا ئېرىشەلەيمىز، ئۆتمۈش بىلەن تەڭ كۈلۈپ، تەڭ يىغلىيالايمىز، تارىخنىڭ قاتلىرىغا سىڭىپ كىرەلەيمىز. فرانسىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ئېمىل دۇركېيىم: «ئۆتمۈش ساقلاپ قېلىنمايدۇ، بەلكى ھازىر ئاساسىدا قايتىدىن بەرپا قىلىنىدۇ» دەيدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەدەبىي ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، ئوقۇلۇشى ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇشىنى ئەمەلىيەتتە تارىخنىڭ ھەر بىر شەخسنىڭ مەنىۋىيىتىدە قايتىدىن بەرپا بولۇش جەريانى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، تارىخ كېيىنكىلەرگە سان ـ رەقەم ياكى يېزىقچە ھۆججەت سۈپىتىدىلا ئەمەس، بىر خىل تىرىك رېئاللىق سۈپىتىدە يەتكۈزۈلگەندىلا، ئاندىن تارىخقا ھەققىي ۋارىس چىقىدۇ. تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە ئاپەت خارابىلىرىنى كېرەكسىز ئەخلەت سۈپىتىدە يىغىشتۇرۇۋەتمەي مۇزېي سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىشى، بەلكىم كېيىنكىلەرنى ئالدىنقىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە تۇيغۇلىرىغا ھەققىي باشلاپ كىرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. شۇڭا، بىزمۇ يۇرتلىرىمىزدىكى بۈزۈركۋار بوۋاي ـ مومايلارنى، ئائىلىمىزدىكى چوڭ دادا ـ چوڭ ئانىلىرىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش ھەققىدىكى ھېكايىلىرى ۋە شۇلار تىككەن ھەر بىر تۈپ كۆچەت، سالغان ھەر بىر ئۆينى بىر مۇزېي دەپ قارىساق ھەم ئۇلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلساق خاتالاشمايمىز. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرگە ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان تارىخ، شۇلارنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى، خۇشاللىق ـ ئازابلىرى ۋە ئىبرەت ـ ھېكمەتلىرى سىڭگەن. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ نۇرغۇن تىرىك تارىخىي شاھىتلىرىمىز تارىخنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى. تارىخىي قىممەتكە ئىگە، ئاتا ـ بوۋا ـ ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەستىلىكلىرى مۇجەسسەملەنگەن تالاي نەرسىمىز تەرەققىيات قايناملىرىدا ۋەيران بولدى. تەرەققىيات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئاز ساندىكى نەرسىمىزنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، نۇرغۇن قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن مەقسەتسىز بۇزۇپ تاشلىدۇق. بۇ قارىماققا ئانچە چوڭ ئىشتەك ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن تارىخىي

ئەستىلىك، تارىخىي رىشتە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇۋەتكەنگە ئوخشاش ئىش بولۇپ، ئۇ تارىخنىڭ ئۆچۈشىدۇر.

تارىخقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش تاشقى ۋە ئىچكى سەۋەبلەر بىلەن بولىدۇ. تاشقى بۇزغۇنچىلىق ئاساسلىقى تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكە، ئۇرۇش ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش تاشقى سەۋەبلەر بىلەن تارىخىي ماددىي ئىسپاتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، يوقۇلۇشى ۋە ۋەيران قىلىنىشىنى،ئىچكى بۇزغۇنچىلىق بولسا ئۆگىتىش، يېتەكلەش، تەشۋىقات يوللىرى ئارقىلىق تارىخ ئىگىلىرىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش، تارىخنى بۇرمىلاش، ئەنئەنىلەرگە ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز بۇزغۇنچىلىق قىلىش، تارىخ ۋارىسلىرى ئارىسىدا بەزى قىممەت قاراشلارنىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي رىشتە ھەم تارىخ خاتىرىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش بىلەن بولىدۇ. تارىخقا قارىتىلغان تاشقى بۇزغۇنچىلىققا يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىقا مۇستەملىكىچىلىكى داۋامىدىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ئاسارئەتىقىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئوغرىلاش، ئۇنى خەلقئارادا ئېلىپ ـ سېتىش قىلمىشىنى، جۇملىدىن رايونىمىز يېقىنقى زامان تارىخىدا چەت ئەللىكلەر قىلغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇلاڭچىلىقىنى، ئىچكى بۇزغۇنچىلىققا بولسا «شەرقشۇناسلىق»تىن ئىبارەت پەننىڭ سىستېمىلىشىشى،نەزەرىيەلىشىشى ۋە ئۇنىڭ غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ ئاسىيا، بولۇپمۇ ئافرىقا ئەللىرىدىكى يۈرگۈزۈلۈشىدە ئوينىغان رولىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. تاشقى بۇزغۇنچىلىقنىڭ تارىخىي ۋەيرانچىلىقى قارىماققا ئىنتايىن ئېغىردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت تارىخنىڭ «يۈزى»دىكى جاراھەت بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ۋاقىتلىق بولىدۇ، ئەمما ئىچكى بۇزغۇنچىلىق تارىخ ۋە تارىخ ئىگىلىرىنىڭ«قېنى»، «كىملىكى» ۋە ئۆزلۈك پسىخىكىسىدىكى بۇزۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى بىر خەلق ئىچىدە ئىناقسىزلىق، تەپرىقىچىلىك ۋە مۇناپىقلىق سۈپىتىدە «يۇقۇملۇق ۋىرۇس»تەك نەچچە ئەۋلادقىچە، ھەتتا ئەبەدىي داۋاملىشىدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇشنىڭ تەسىرىنى بىز غەرب مۇستەملىكىسىنىڭ ئىككىلەمچى تەسىرىدىن ھېلىھەم قۇتۇلالماي، ئىچكى ئۇرۇش قايىنمىدىن چىقالمايۋاتقان بىر قىسىم ئافرىقا ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

تارىخنىڭ ئىچكى بۇزۇلۇشىغا يەنە تارىخ شاھىتلىرىنىڭ تارىخقا بىر مۇھىم ئىش سۈپىتىدە قارىماي ئۇنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزمەسلىكى، تارىخىي رىشتىنى ئۈزۈپ قويۇشىمۇ سەۋەب بولىدۇ. بۇ بىر نۇقتىدا بىز باشتا دەپ ئۆتكەندەك ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۆز ئائىلە تارىخىنى يەتكۈزۈشى بىر مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىر بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكى، قانداق ئادەملىكىگە قاراپ ئاندىن ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە قانداق ياشىسا توغرا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، تارىخ ھەقدارلىرىنىڭ تارىخقا ساداقەتسىزلىك قىلىشى ۋە تارىخنىڭ ئىبرەت ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىمەسلىكى باشقا سەۋەبتىن ئەمەس تارىخنى بىلمەسلىكى ۋە ئۆز ئەجدادى بىلەن بولغان تارىخىي رىشتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر شەخس، بىر ئائىلىنىڭ تارىخى شۇ شەخس ۋە ئائىلە مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىجتىمائىي توپ مەلۇم دەۋردە باشتىن كەچۈرگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلەر شەخسلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا ئۆتكەنكىلەرنىڭ توغرا قىلغانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن تارىخ ئۆگىنىلىدۇ، ئۆگىتىلىدۇ ھەم تەتقىق قىلىنىدۇ. تارىخ ئۆگىنىش ھەم ئۆگىتىش ئەھمىيەتسىز ئىش بولغان بولسىدى، مۇقەددەس كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىمۇ ئەڭ گۈزەل تارىخىي قىسسىلەر بىلەن مەزمۇنلانمىغان بولاتتى. شۇڭا تارىختىن بۈگۈن ھەم كەلگۈسىگە خېمىر تۇرۇچ بولالايدىغان ئىبرەت ـ ئۈگۈتلەر يەكۈنلەنمىسە ھەم ئەۋلادلارغا ئۆگىتىلمىسە، ئۇ، كىشىلەرگە مەنپەئەتسىز قۇرۇق گەپ دۆۋىسىدىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ. تارىختا بۈگۈنكىلەرنىڭلا ئەمەس، كەلگۈسىدىكى ھەربىر ئەۋلادنىڭ نېسىۋىسى ھەم ھەققى بولىدۇ. شۇڭا،تارىخقا ئاسىيلىق قىلىش، تارىخنى يەكۈنلىمەسلىك ھەم يەتكۈزمەسلىك تارىخقىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە تارىخنىڭ ھەر بىر ۋارىسىنىڭ ھەققىگە قىلىنغان خىيانەت ھەم جىنايەتتۇر. شۇنداقكەن، تارىخنى قويۇپ كېتىش تارىخ شاھىتلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. بۇ نۇقتىدا ھەر بىر ئادەمنى بىر تارىخشۇناس دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، بەزىلەر تارىخنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ، بەزىلەر قويۇپ كېتىدۇ. تارىخنى ئېلىپ كەتكەنلەر ئۇنتۇلىدۇ، قويۇپ كەتكەنلەر بولسا يادلىنىدۇ. تارىخنى قويۇپ كېتىشمۇ ئەمەلىيەتتە تارىخقا بىلدۈرۈلگەن بىر ساداقەتتۇر.

# ئالتۇن چاچلىق ئوغلۇم

ئاباس مۇنياز تۈركىيقان



يىگى ئىرا ۋە يىگى ئەسردىكى ئەڭ چوڭ ئائىلىۋى خۇشاللىقىم ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلۇشى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ يىگى ئەسرگە ئۇلگۇرۇپلا دۇنياغا كېلىشى مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلغاندى.

«يىگى ئەسر ئاجايىپ بىر ئەسر بولىدۇ.»

كىشىلەر تۇشمۇ تۇشتىن شۇنداق دېيىشەتتى.

بۇ ئەسرنىڭ زادى قانداق ئەسر بولىدىغانلىقىنى ئەقلىي نۇقتىدىن ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمىسمۇ، كىشىلەردىكى بۇ قەدەر ئۇمىدۋارلىق كۆڭۈللەردە ئاجايىپ بۈيۈك ۋە شېرىن ئارمانلارنىڭ بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.



بىرلىرى: جاھان تىنچ بولسا دەيدىغاندۇر.

بىرلىرى: ئامىتىم كەلسە دەيدىغاندۇر.

بىرلىرى: پۇلۇم كۆپەيسە دەيدىغاندۇر.

بىرلىرى: يولۇم كۆپەيسە دەيدىغاندۇر.

يەنە بىرلىرى: ئەمىلىم ئۆسسە دەيدىغاندۇر.

...

ئېنىقكى، يەنە زور بىر تۈركۈمدىكى كىشىلەر بالام بولسا، ئوغلۇم بولسا، دەپ ئارمان قىلاتتى.

ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى مەن ئىدىم. خېلىدىن بېرى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنى پاتىنىمغا مىندۈرۈپ ئويىنىتىپ چۈش كۆرۈۋاتاتتىم. بۇ، پەرزەنت كۆرەلمەي يۈرگەنلىكىمدىن ئەمەس، تۇنجى بالام ـ قىزىمدىن كېيىنلا ئىككى بالامنىڭ تۆرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئارقىمۇ ئارقىدىن چاچراپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك پەيدا بولۇۋاتقان ئەندىشە ئىدى. يەنە شۇنداق بولۇپ قالمىسدى، ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىز جەريانلار تەكرارلىنىپ قالمىسدى دەپ تىلەيتتىم. مۇشۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمدا، بالام ساق ـ سالامەت ھالدا قىز بولۇپ تۇغۇلسا ياراتقۇچى ئىگەمگە مىڭ شۈكرى دەيتتىم. ناۋادا ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان سانىغان بولاتـ

تىم.

مىلك شۈكرىكى، بالام ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى. يەنە كېلىپ ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلدى.

بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەنىدىم. «بەخت» دېگەن مەۋھۇم ئاتالغۇ ۋۇجۇدۇمدا كونكرېت ھەم شېرىن بىر مەنىدا ئۆركەش ياسىماقتا ئىدى.

«يارانقۇچىغا شۈكرى!»

يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن شۇنداق بىر سادا جاراڭلايتتى.

ئايالىمدىنمۇ، قېرىنداشلىرىمدىنمۇ، قولۇم ـ قوشنىلاردىنمۇ شۇنداق ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

تام ـ تورۇسلاردىنمۇ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردىنمۇ، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلاردىنمۇ شۇنداق ئاۋاز چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

«بۇ ئەسىر ئاجايىپ بىر ئەسىر بولىدۇ.»

باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا تەكرارلىدىم مەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ گەپنى ھەممىلا ئادەم مەن ئۈچۈنلا دېگەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. مۇشۇ گەپلەرنى دېگەنلەر دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىمدەك بىلىنىۋاتاتتى.

پەرزەنت ـ دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئەسەر.

پەرزەنت ـ ئاتىنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى.

پەرزەنت ـ ئاتا ھاياتىنىڭ داۋامى، ئەجداد يىلتىزىنى يەنە بىر ئەۋلادقا شاخلاتقۇچى.

پەرزەنت ـ ......

ھاياجانلىق ھېسلىرىم مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ۋۇجۇدۇم پەيدەك يەڭگىللەپ باراتتى.

خۇشاللىقىم چەكسىز ئىدى.

يېڭى ئەسىرگە يېڭى بىر پەرزەنت بىلەن كىرىش نەقەدەر بەخت ؟!

يېڭى ھاياتىم باشلانغانىدى.

تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر مەنا قوشۇلغانىدى.

دوختۇرخانىدىلا «تۈركىزات» دەپ ئىسىم قويۇلغان ئوغلۇم زاكىسىدا قىمىرلاپ ياتاتتى. ئۇ، ھە دېسە ئاپىسىنىڭ قورساقلىرىغا تېپىپ ۋە بەزىدە كىمگىدۇر باتناۋاتقاندەك قاتتىق تۈگۈلۈۋېلىپ، خۇددى پانىي دۇنياغا ھازىرلا يۈگۈرۈپ چۈشكۈسى باردەك قەغشىلىك قىلىپ كەتكەنلىرىگە يارىشا خېلى چوڭ تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ شالاڭ چاچلىرى ۋە قاشلىرى سايسېرىق ئىدى. دېڭىزدەك تېنىق ۋە زەڭگەر كۆزلىرى گويا بۇ دۇنيانىڭ ھەممە سىر ـ ئەسرارلىرىنى بىلىدىغاندەك سۈرلۈك باقاتتى. نېپىز ۋە چىرايلىق لەۋلىرى تىنىمسىز تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قىزغۇچ چىرايى تېرىسى سويۇلۇپ كەتكەن ئەت گۆشنى ئەسلىتەتتى. قىزىقارلىقى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىمۇ قىزغۇچ رەڭدە ئىدى.

ـ بۇ بالا دادىسىغا مۇت ئوخشاپتۇ.

ـ ياق، ئاپىسىغا ئوخشاپتۇ.

ـ نەدىكىنى، قاراڭلار بۇنىڭ چىرايىغا، سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئەجدادلىرىمىزغىلا ئوخشاپتۇ.

دوست ـ قاياشلارنىڭ تەرىپلەشلىرىگە قارشى ھالدا دادام نارازى بولدى.

ـ تۈلكىزات. نېمە ئۇ تۈلكىزات دېگەن؟ ئادەم بالىسىغىمۇ تۈلكىنىڭ ئىسمىنى قويغان بارمۇ. ئىسىم دېگەننى موللا، ئاخۇنلارنى چاقىرىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن ئىزدەپ تېپىپ قويىمامدۇ.

ـ ئۆيگە موللا چاقىرىپ ئەزان ئېيتقۇزدۇق.

ـ تۈلكىنىڭ ئىسمىغىمۇ؟

ـ تۈلكىنىڭ ئىسمى ئەمەس، دادا.

ـ ئۇنداقتا نېمىنىڭ ئىسمى بۇ؟

ـ ئادەمنىڭ ئىسمى.

ـ ئادەمنىڭ؟

ئارتۇقچە چۈشەندۈرمىدىم. دادامغا نىسبەتەن چۈشەندۈرگەنسېرى مۇجمەل تۇيۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

كۈنلەر ئۆتتى.

ئارىدىن يىگىرمە كۈنمۇ ئۆتمەي، بالام ئانىسىنى ئېمىشتىن تۇيۇقسىزلا توختىۋالدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى قايتا ئەمدۈرگىلى بولمىدى.

«ئوغۇل بالا دېگەن ئانىسىنى كېمىدە بىر يىل ئېمىشى كېرەك، بولمىسا ئاجىز چوڭ بولۇپ قالىدۇ.»

«بالا ئۈچۈن دۇنيادا ئانا سۈتىگە يېتىدىغان ھېچقانداق قۇۋۋەت يوق. كۆپ ئەمگەن بالا ئەقىللىق ۋە كۈچلۈك چوڭ بولىدۇ.»

كاداك ۋە تادان كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭلا، قەھرىمان بوۋىمىز ئوغۇزخان ھەققىدىكى تەسۋىرلەرمۇ ئېسىمگە كەلدى:

«بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى، بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كۆك ئىدى... ئۇ ھۆر ـ پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇزىنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى. تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى...»

شۇئان روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئانىسنى كۆپ ئەمگەن بالا ساغلام چوڭ بولمايدۇ، دىگەن ئەندىشە، گۇمانلار نەلەرگىدۇر غايىپ بولدى. بالام گويا ئوغۇزخانغا ئوخشايدىغاندەك، قىرىق كۈنگە تولغان ھامان مىڭىپ، يۈگۈرۈپ ئويناپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى.

«بوۋاق قىرىقىدىن چىققۇلسا، ناھايىتى ئاسانلا چوڭ بولۇپ كېتىدۇ.»

«قىرىق كۈندىن ئۆتۈپ كەتسە، بوۋاق دىگەن ئۆزلۈكىدىنلا بېقىلىپ كېتىدۇ. »

ئەتراپىتىكىلەرنىڭ قىرىق كۈنگە باغلىنىپ كېتىدىغان چۈشەنچە ـ شەرھىيلەشلىرى مېنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلاتتى.

تۇنجى پەرزەنتىمنى تولىمۇ گۈدەك چېغىمدا — 23 ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا كۆرگەنلىكىم، يەنە كېلىپ ئارىدىن 11 يىل ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىككىنچى بالام تۇركىزاتىنىڭ قىرىق كۈندىن كېيىن يەنە توقسان كۈن، توققۇز ئاي، ئون توققۇز ئاي... دىگەنلەرگە باغلىنىشلىق ئېيتىلمىلارنىڭ ئۆزلۈمەي چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بوۋاق ۋە ئۇنى بېقىشقا دائىر ھەرقانداق ئۇچۇرغا يېقىندىن دىققەت قىلاتتىم. بۇ ھەقتە كىم نىمىلا دېسە بېرىلىپ ئاڭلايتتىم. ئۇنى بالامغا تەدبىقلاشقا تىرىشاتتىم.

بوۋاقلارنىڭ سەبىيلەرچە تىكىلىپ قاراشلىرى نەقەدەر يېقىملىق. ئۇلارنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى نەقەدەر تاتلىق ۋە چىرايلىق؟!

ئالتۇن چاچلىق ئوغلۇم مېنى ئۆزىگە باغلاپلا ئالغانىدى. ئۇ، ئاش يىسەم ئېشىمدا، ئۇخلىسام چۈشۈمدە، دەرس ئۆتسەم دوسكامدا، خەت يازسام قولۇمدا، يول ماڭسام يولۇمدا... كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ پۈتۈن بىر ئائىلىنى تارتىپ تۇرىدىغان بىر پارچە ئوتقا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭسىز ئائىلىمىز پۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى. ئۇنىڭسىز ھاياتىمىز خۇشال ـ قۇۋناق ھايات بولالمايتتى. مەن ئۇنىڭغا باغلانغانسىرى، ۋاقىت شۇنچە تىز ئۆتۈپ باراتتى. ۋاقىت تىز ئۆتكەنسىرى، قەدەملىرىممۇ تىزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوغلۇمنىڭ مېنى باغلاپ تۇرىدىغان سېھرىلىك ئوتى ئالدىدا، تۆلىگەن بەدەللىرىم نىمە، چەككەن جاپالىرىم نىمە، كەچكەن ئۇيقۇلىرىم نىمە، ۋاز كەچكەن تەپەككۇر ۋە ئىجادچانلىقىم نىمە؟...

كۈنلىرىم بىرلا يىپقا، بىرلا ئوتقا باغلىنىپ ئۆتمەكتە ئىدى. مېنىڭ بۇ ئوتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرگۈم كېلەتتى. سۆيۈپ تۇرۇپمۇ يەنە سۆيگۈم كېلەتتى. قۇچاقلاپ تۇرغان ھالەتتىمۇ سىغىناتتىم ۋە يەنە قۇچاقلىغۇم كېلەتتى...

«سىز ئاجايىپ يىغلاڭغۇ بالا ئىدىڭىز.»

شۇنداق دىدىم مەن بىر كۈنى كەچتە ئوغلۇمغا.

كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە، ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ھېكايىلارنى چۈشەنگۈدەك بولغانىدى.

ـ سىز بەكلا ئاچچىق يىغلايتتىڭىز. يىغلىغان ئاۋازىڭىزنى ھەر ئاڭلىسام، مېنىمۇ يىغا تۇتۇپ كېتەتتى. يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئۆپكەم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالاتتى. سىزنىڭ قىرىق كۈن توشۇشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىڭىز ئاساسەن يىغلاش بىلەنلا ئۆتەتتى. قىقراپ، تېلىقىپ يىغلىغان چاغلىرىڭىزدا، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان تۇركىزات بالام مۇشۇ شۇمۇ ئەمەسمۇ دەپ قالاتتىم. بولۇپمۇ، كېچىلىرى بەكمۇ ئاچچىق يىغلايتتىڭىز. توختىماي يىغلايتتىڭىز.

«كىچىككىدە بەك يىغلىغان بالا، چوڭ بولغاندا ناخشىچى بولىدۇ.»

كىمدۇر بىرى شۇنداق دىگەنىدى.

قوي بۇنداق ناخشىچىلىقنى!

شۇ كۈنلەردە ماڭا ناخشىمۇ تېتىماس، ناخشىچىمۇ ياقىماس بولۇپ قالغانىدى. بۇ سۆزۈمدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ بىرقانچە كۈن ئۇيقۇسىز يۈرۈپ، ئاندىن ناخشا ئاڭلاپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بالام ناخشىچى بولمىسا بولمىسۇن، لېكىن ئۇخلىسا، مېنىمۇ ئۇخلىغىلى قويسا بولاتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇخلاش مېنىڭ ئەڭ تاتلىق ۋە ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇمغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

«بالا يىغلاۋەرسە بۆرىكى چىقىپ قالىدۇ.»

«بەك قاتتىق يىغلىغان بالىنىڭ سىرىق ئېتى بۆسۈلۈپ كېتىدۇ.»

يەنە كىملەردۇر بىرلىرى مۇشۇنداق دەپ ئۈلگۈرگەنىدى.

بۆرەك ۋە سىرىق ئەتكە تاقىلىدىغان بۇ گەپلەرگە سەل قارىيالمايتتىم. شۇنچە ئارمانلاپ كۆرگەن پەرزەنتىمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى مېيىپ بولۇپ قېلىشىنى، بولۇپمۇ كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ بىرقانداق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئەسلا خالىمايتتىم!

سىزنى قۇچۇقۇمغا ئېلىپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياندىن بۇيانغا مېڭىپلا يۈرەتتىم. مېڭىۋېتىپ ئەندىشە قىلاتتىم: بالامنىڭ ئالمادىس بۆرىكى چىقىپمۇ قالارمۇ. قولۇم ـ قوشنىلار بالامنىڭ يىغىسىدا ئۇخلىيالماي قالغانمىدۇر. ئۇيقۇسىزلىقتا،

ئەتە قاپاقلىرىم يەنە غورىدەك ئىششىپ كېتەرمۇ. ئەتىگەنلىككە بىرىنچى سائەتلىك دەرسىمنى ياخشى ئۆتەلەرمەنمۇ؟... ئەمما سىزنىڭ پەرۋايىڭىز پەلەك ئىدى. بۇ دۇنياغا يىغلاش ئۈچۈنلا تۇغۇلغاندەك، مەن بىلەن قىرىشىۋاتقاندەك، كىم بىلەندۇر بەسلىشىۋاتقاندەك، ئاۋازىڭىزنى قويۇۋېتىپ، جان - جەھلىڭىز بىلەن يىغلايتتىڭىز. قاتتىق يىغا تەسىرىدە يۈز - كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ، گۆرەن تومۇرلىرىڭىز كۆپۈشۈپ كېتەتتى. يىغىدىن ئاۋازىڭىز پۈتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تېخىمۇ قاتتىق قىقرايتتىڭىزكى، ئۆزلىكىڭىزدىن توختاپ قېلىشىڭىزدىن ئەسەر يوق ئىدى. قاتتىق يىغىدىن گېلىڭىزنىڭ قانداقتۇر بىر پەردىسى يىرتىلىپ كېتىدىغاندەك، قايسىبىر تومۇرلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى ماڭا. ئەنسىرەيتتىم. ئەندىشە ئىچىدە سىزنى پەپىلەشنى داۋام قىلاتتىم. ئۆي ئىچىدە توختىماي مېڭىپ، بەزلەپ، پەپىلەپ ... ھالىمدىن كېتەتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئاپىڭىز بىلەن ئىككىمىز سىزگە نۆۋەتلىشىپ قارىغان بولساقمۇ، بەرىبىر ھەر ئىككىمىز ئۇخلىمايلا تاڭنى ئاتقۇزاتتۇق. بالىسى يىغلاۋاتقان مۇھىتتا، ھەرقانداق بىر ئاتا - ئانىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەسدى.

بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى سائەتلىك دەرسىمنى ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتۈپ تۈگەتتىم. ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن، ئىككى سائەت يىگىرمە يىلدەك، ياق، ئىككى يۈز يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بىردەم ئارام ئېلىۋالاي دېدىممۇ، ياكى سىزنى كۆرگۈم كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۆيگە كىردىم.

سىز تاڭ ئاتقۇچە ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن ئادەمدەك، كارىۋات ئۈستىدە تاتلىق ئۇخلاۋېتىپسىز. سىزگە ئاستا يېقىنلاشتىم. سىنچىلاپ قارىغانسېرى، كارىۋاتتا سىز ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ ياتقانلىقىمنى، بوۋاق ھالىتىمدە ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. سىزنى سۆيگۈم، باغرىمغا باسقۇم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. ئويغىنىپ كېتىشىڭىزدىن، يىغىڭىزنىڭ يەنە باشلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم.

ئۈن - تىنسىز ھالدا يېنىڭىزغا يانپاشلىدىم.

تام تەرەپكە بېشىمنى قىلىپ، سىز بىلەن يانمۇ يان ياتتىم دېگۈدەكمەن. لېكىن قۇلۇقۇم تۈۋىدە سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ تۇرغۇدەك. دەرسخانىدا چۈش كۆرگەن ئوخشايمەن، دەپ ئويلىغۇدەكمەن. دەرس ئۆتكىنىمنى چۈشىگەن ئوخشايمەن دەپمۇ ئويلىغۇدەكمەن. قۇڭغىراق بىرقانچە قېتىم چېلىنغۇدەك. بىرقانچە سائەتلىك دەرس تۈگەپتۇ دېگۈدەكمەن. قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا سىزنىڭ پۈشۈلداپ تىنغان ئاۋازىڭىز ئاڭلىنىپ تۇرغۇدەك. قوزىنىڭكىدەك ئىسسىق، ئاسلاننىڭكىدەك يەڭگىل تىنىق ئىمىش. ئوغلۇم ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى، دەپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا سىزگە قاراپ قويغۇدەكمەن. بىراق، سىز تورۇسقا قاراپ، خۇددى كۆزى ئوچۇق ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت ياتقۇدەكسىز. سىزگە مەسىلىكىم كەلگۈدەك. بالام مېنى بىردەم ئۇخلىۋالسۇن دەپتۇ. مېنى ئاياپتۇ، دەپ سۆيۈنۈپ كەتكۈدەكمەن. ئۇخلاش ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاستا يۇمغۇدەكمەن. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئېغىز - بۇرنۇمغا ئىسسىق بىر سۇيۇقلۇق جىرىلداپ چۈشكۈدەك. بالام سىيىۋېتىپتۇ، دەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكۈدەكمەن. ئويغانغانلىقىم ھەققىدە چۈش كۆرۈۋېتىپ راستىنلا ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، ئىككىلىمىز تام تەرەپكە بېشىمىزنى قىلىپ ئوڭدا يېتىپتىمىز. قەلەمدەك قاتتىق ۋە تىك تۇرغان ئۈجۈكىڭىزدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۈيدۈكىڭىز بېشىڭىزدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تامغا، باش - كۆزۈمگە، ئېغىز - بۇرنۇمغا چاچراپ چۈشۈۋېتىپتۇ. سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئاجايىپ ئىشكى، دەل شۇ چاغدا سىزمۇ ئويغىنىپ كەتتىڭىز ۋە ئاۋازىڭىزنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كەتتىڭىز. جەزىم قىلىمەنكى، بۇ سىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈشىڭىز ئىدى. قىلغان قىلىقلىرىڭىزغا كۈلدىڭىزمۇ ياكى چۈشىڭىزدىن كۈلۈپ ئويغاندىڭىزمۇ بۇنى ھېچكىم، مەڭگۈ بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، بۇ چۈشۈمنى سىزگە سۆزلەپ بەرگەن شۇ كەچلىكى ئوخشاش بىر چۈشنى سىزنىڭمۇ كۆرگەنلىكىڭىزدىن ۋە ئەتىسىلا بۇ چۈشىڭىزنىڭ ئوخشاش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىڭىزدىن مەن بۈگۈنگىچە ھەيران.

- دادوي، بۇرۇن سىز كۆرگەن چۈشنى ئاخشام مەن كۆرۈپتىمەن- ھە؟ - دېدىڭىز شۇ چاغدا مېنى بىر سۆيۈپ قويۇپ. بۇ ۋاقىتلاردا، ھەر كۈنى كەچلىكى سىزگە قىسقا مەسەل، چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىغاندىم.

نېمە ئۈچۈنكىن، سىز ئېغىزىمغا سىيىپ قويغان شۇ كۈندىن باشلاپ سىزگە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتىم. سىز قىرقىڭىزغا توشمىغان بوۋاق ئەمەس، ھەممىنى بىلىدىغان، دۇنيانى قەلبى بىلەن تىڭشاپ يۈرىدىغان سىرلىق پەيلاسوپتەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىڭىز. سۆيۈنەتتىم، ئىپتىخارلىناتتىم، ھەيرانمۇ قالاتتىم. ئۇيقۇسىزلىق ۋە ھارغىنلىقىممۇ بىلىنمەس بولدى. يىغىڭىزنى بېسىش ئۈچۈن، سىزنى كۆتۈرۈپ، پەپىلەپ يۈرگەن كېچىلىرى، خۇددى سىز راستىنلا ھەممىنى بىلىدىغاندەك، قاچانلاردۇر كاللامغا كېلىپ قالغان مۇنۇ قوپال ۋە توق قاپىيەلىك ئىككى جۈملىنى تېنىم-

سىز يادلاپ بېرەتتىم:

تامغا سىيگەن باتۇر،
سىيگەننى تۈيماي ياتۇر.

ئەجەپكى، مۇشۇ سۆزلەر ئېغىزىمدىن چىقىشى بىلەن تەڭ سىزمۇ يىغىدىن دەرھاللا توختايتتىڭىز. سىزنى قايتا يىغلاتماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى سۆزنى تەكرارلاپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. ئۆي ئىچىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەندىمۇ، بۆشۈك ياكى كارىۋاتقا ياتقۇزغاندىمۇ، يىغلىسىڭىزلا مۇشۇ سۆزلەرنى تەكرارلايتتىم.

دۇنيادا، قىرىقىغا توشمىغان بالىنىڭ قاپىيەلىك مىسرالارنى ئەمەس، ئەڭ ئادەتتىكى سۆزلەرنىمۇ چۈشەنگەنلىكى ھەققىدە مىساللار كۆپ بولمىسا كېرەك. لېكىن سىزنىڭ مۇشۇ ئىككى سۆزگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىڭىز، ئۇنى ئاڭلىسىڭىزلا يىغىدىن توختاۋاتقانلىقىڭىز چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان، مەن تېخىمۇ چۈشەندۈرەلمەيدىغان بىر جەريان ئىدى.

ئىنساننىڭ بىيولوگىيەلىك تۈزۈلۈشى ۋە مۇشۇ تۈزۈلۈش ۋاستىسىدە پەيدا بولىدىغان ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجايىپ بىر سىر. پەن - تېخنىكا شۇ قەدەر تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايۋاتقانلىقى بۇ سىرنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان، ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان يەنە بىر سىر. سىزنىڭ مۇقىم قاپىيەلىك بۇ ئىككى سۆزگە دىققەت قىلىشىڭىز ئىستىخىيەلىك ياكى ئاڭسىز ھالدا بولسۇن، ۋە مەيلى رېفلېكس شەكلىدىكى ئادەتلىنىشتىن بولسۇن، مېنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. سىزنى يىغىدىن توختىتالايدىغان بۇ ئىككى سۆزنى يادلىغاچ، ئىنسان، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە كېلىپ - كېتىشلىرى ھەققىدە ئايىغى چىقماس خىياللارنى سۈرەتتىم.

سىز ئۆزىڭىز ئادەتلەنگەن ئىككى سۆزگە مەھلىيا بولۇپ ئۆسۈۋەردىڭىز. مۇشۇ ئىككى سۆز بىلەن سىزنى بەند قىلغان دادىڭىز بولسا، ئۇنى يەنە بىر خىلدا تەكرارلىغاچ، ئۆزىنىڭ غارايىپ خىياللىرىنى سۈرۈۋەردى. ئۇنىڭ چوڭقۇر سىمۋوللۇق مەنالار بىلەن يۇغۇرۇلغان «ساقاللىق بوۋاق» ناملىق پوۋېستى مۇشۇ چاغلاردىكى تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئېسىڭىزدە بولسا، بەلكىم ئېسىڭىزدە يوقتۇر، كېيىنكى كۈنلەردە دادىڭىزنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ، قولىدىكى قېرىنداشنى تارتىۋېلىپ، ئۇ خەت يېزىۋاتقان يوغان فورماتلىق ئاق قەغەزگە ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان سىزىقچىلارنى سىزىپ، ئاخىرىغا بېرىپ قەغەزنى سىزىپ يىرتىۋەتكەن چاغلىرىڭىزدا، ئۇ مۇشۇ پوۋېستنى يېزىۋاتقانىدى. شۇغىنىسى، ئەمدىلىكتە ھېلىقى قاپىيەلىك ئىككى سۆز سىزگە تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانىدى. قىرىق كۈنلۈك يىغلاشلىرىڭىزنىڭ ئاخىرلىششىغا ئەگىشىپ، بۇ سۆزلەرمۇ ئۆز كۈچىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى.

ئاتا ئۈچۈن ھەر بىر بالىنىڭ ئايرىمچە مېھرى بولغىنىدەك، بىر بالىنىڭ ھەربىر دەۋرىنىڭمۇ ئۆزگىچە مېھرى بولىدۇ.

ھېكايە ئاڭلىغۇدەك بولغان بالام، ئۆزى ھەققىدىكى ھەر بىر ھېكايىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

ئايىغىڭىز چىقىپ، قەغىشلىكىڭىز بېسىققىنى بىلەن، كەپسىزلىكىڭىز باشلانغانىدى. بۇ قورۇدىكى، بۇ ئەتراپتىكى ھېچقانداق بىر بالا سىزچىلىك كەپسىز ئەمەستۇر دەپ ئويلايتتىم. سىرتقا ئويناتقىلى ئېلىپ چىققان چاغلىرىمدا، دەرھاللا قۇچىقىمدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋالاتتىڭىز - دە، چاپچىپ تۇرغان ئاتتەك سەكرەيتتىڭىز. خۇددى بىرەرسى بىلەن بەيگىدە بەسلىشىۋاتقاندەك تىنىمسىز يۈگۈرۈيتتىڭىز. پۇتبول مەيدانىدىكى جەڭگىۋار پۇتبولچىلاردەك ئۆزىڭىزنى ھەريانغا ئېتىپ، ئالدىڭىزغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى: تاش، چالما، قەغەز، پاخال، تاياق، داشقال... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى بىر - بىرلەپ تېپىپ چىقاتتىڭىز. قورۇنىڭ ئىچىدە تىنىمسىز يۈگۈرەيتتىڭىز. گويا يۈگۈرۈش جىنى چاپلاشقان ئادەمدەك توختىماي، ھارماي، زېرىكمەي چاپاتتىڭىز. قولىڭىزنى يېتىلەپ ماڭغان چاغلىرىمدىمۇ پۇتلىرىڭىز بىردەممۇ جىم تۇرمايتتى. توپتەك ئۆرلەيتتىڭىز، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تاقلايتتىڭىز، تايچاقتەك سەكرەيتتىڭىز. بىر قولىڭىز قولۇمدا، باشقا ئەزالىرىڭىز، ئەس - يادىڭىز ئويۇندا ئىدى. مۇشۇ قىلىقلىرىڭىز بىلەن ئىدارە ۋە قورۇدىكى ھەممىگە تونۇلۇپ كەتكەنىدىڭىز. كۆرگەنلا ئادەم سىزنى «يەلتاپان» دەپ ئاتايتتى. ئۆي ئىچىدە تېخىمۇ قالتىس ئويۇنلىرىڭىز باردى. مەن سىرتتىن ئۆيگە قەدەم باسقان ھامان «مېنى كۆتەر!» دەپ ئىككى قولىڭىزنى ماڭا سۇناتتىڭىز. بالىنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ئاتىسىغا بولغان ئامراقلىقىدىنغۇ. بۇنداق تەلەپ ئاتىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر مېھرىبانلىقى ۋە ئامراقلىقىنى قوزغىماي قالامتى. شۇئان سىزنى قۇچىقىمغا ئالاتتىم. لېكىن سىز قولىڭىزنى يەنىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، «مۇنداق كۆتەر» دەيتتىڭىز. بىلەتتىمكى، بۇ مېنى بويىنۇڭغا مىندۈر دېگىنىڭىز ئىدى. بويىنۇمغا ئېلىپمۇ مىندۈرەتتىم. يەنە توختىمايتتىڭىز. «ماڭ!» دەيتتىڭىز مېنى تىنىمسىز ئۇرۇپ. ئۆي ئىچىدە سىزنى مىندۈرۈپ ئۇياندىن - بۇيانغا مېڭىپلا يۈرەتتىم.

بىراق جىمجىتلا ماڭسام ھېساپ ئەمەسىدى. بۇنداق قىلسام سىز پەقەتلا ئۇنىمايتتىڭىز.

— بىر، ئىككى، بىر. بىر، ئىككى ، بىر!... سىز ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا شۇنداق دەپ مېڭىشىم كېرەك ئىدى. شۇندىلا خۇشال بولاتتىڭىز. يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈپ كېتەتتىڭىز.

سىزگە قارايدىغان قىز ئۇرۇش كىنولىرىنى تولا كۆرگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، سىزمۇ ھەربىيلەرگە ئامراق بولۇپ قالغاندىڭىز. سىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھالىم قالمىغاندا ئۈستۈمدىن چۈشەتتىڭىز — دە، مەن قىلىچ ئورنىدا ياساپ بەرگەن ئەپچىل تاياقنى، ياكى كارىۋات ئاستىدىكى سۇپۈرگىنى مۈرىڭىزگە ئېلىپ، بىر قولىڭىزنى ھەربىيلەردەك سالغىنىڭىزچە كارىۋات ئۈستىدە ئۇياقتىن — بۇياققا توۋلاپ ماڭاتتىڭىز.

— ئوتتا— ئوت. ئوتتا — ئوت!

بۇ سىزنىڭ «بىر، ئىككى، بىر» دېگەن ساناقنى ئۆز تىلىڭىز بويىچە بۇزۇپ سانىغىنىڭىز ئىدى. ساناشلىرىڭىز تۈگىمەيتتى، مېڭىشلىرىڭىزمۇ توختىمايتتى. باللارنىڭ نەقەدەر چىداملىق بولىدىغانلىقىنى، ھېرىش-چارچاش دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۇلارغا باشقا يېتى سۆزلەردەكلا ناتونۇش بولىدىغانلىقىنى ئەنە شۇ چاغلاردا، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن ھېس قىلغاندىم.

— ئاچامدىن ئاڭلىسام، بىر سورۇندا مېھمان بولمىز دەپ مېنى قاتتىق يىغلىتىۋېتىپتىكەنسىلەرغۇ، دادا؟

ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە — چۆچەكلىرىمنى ئاڭلاپلا قالماي، سىزمۇ ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بەرگۈدەك بولغان چېغىڭىزدىكى بىر كەچلىكى شۇنداق سوراپ قالدىڭىز.

يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. بۇ ۋەقەنى سىزگە تېخى دەپ بەرمىگەن بولساممۇ، شۇ ۋاقىتنى ھەر ئەسلىسەم، يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. شۇ قېتىملىق مېھماندارچىلىقمۇ ئەرۋاھلارنىڭ يىغلىشىدەك بىلىنىپ كېتەتتى ماڭا.

مۇشۇ سوئالنى سورىغان چېغىڭىزدا خېلى غەرەز ئۇقىدىغان بولۇپ قالغاندىڭىز. سىز قىزىقىپ سورىغان بۇ ئىشنى قانداقمۇ سىزدىن يوشۇرغۇم كەلسۇن، بالام.

ئۇ، «ھەربىي مەشىق» نى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان چاغلىرىڭىز ئىدى. ئىلگىرىكىدىن بىرلا پەرقى، «بىر، ئىككى، بىر» دېگەن ھەربىيچە ساناقنى ئەمدىلىكتە «بىتتا-بىت!» دەپ سانايدىغان بولغاندىڭىز. بۇ، تەلەپپۇز جەھەتتىن ئەسلى ساناققا خېلىلا يېقىنلاشقانلىق ئىدى. بىر ھېسابتا بۇ، سىزنىڭ بۇرۇنقىدىن خېلى چوڭ بولۇپ قالغانلىقىڭىزنىمۇ چۈشەندۈرەتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىكى، قەلەم ساھەسىدىكىلەر بىر ئاكىمىزنىڭ مېھماندارچىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلدۇق. ئۆي ئاستى — ئۈستى ئىككى قەۋەتلىك ئىدى. ئۆي ئىچىدىن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەي شۇ قەدەر تىك ئىدىكى، بەردەم ئادەملەرمۇ بۇ يەردىن زارلىنىپ چىقاتتى. ئەر مېھمانلار ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇردۇق. ئاياللار، شۇ قاتاردا ئاپىڭىز ۋە سىزمۇ پەستە قالدىڭلار.

مەن ئۈستىدە ئولتۇرساممۇ، كۆڭلۈم دەككە — دۈككىدە ئىدى. سىزنىڭ بىردەممۇ جىم تۇرمايدىغانلىقىڭىزنى، ھەدېسىلا تالاغا، باشقا ئۆيلەرگە قېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇراتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ سورۇندا خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. بىردەم پەسكە چۈشسەم، بىردەم يەنە ئۈستىگە چىقاتتىم. ھېلى مېھمانلار قاتارىغا قوشۇلسام، ھېلى يەنە پەسكە چۈشۈپ سىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ۋە جىملەپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتىم. ھەر قېتىم يېنىڭىزغا چۈشكەنىدە: «يىغلىماي ئويناڭ، مەن بار. مەن ئاۋۇ ئۈستىدە — مۇشۇ ئۆينىڭ ئۈستىدە.» دەپ يېنىشلاپ چۈشەنچە بېرەتتىم. ئۈستىدە ئولتۇرساممۇ قۇلقىم سىزدە ئىدى. دىققىتىم، ئېسى — يادىم سىزدىلا ئىدى.

سورۇن باشلىنىپ ئالاھەزەل يېرىم سائەتچە بولغاندا، قۇلقىمغا گويا غايىپتىن كېلىۋاتقاندەك بىر ئاۋاز كىرىپ قالدى:

«ئاباي، ئاباي!...»

سىز ئىسمىمنى شۇنداق چاقىراتتىڭىز.

بالام مېنى چاقىرىۋاتقانمىدۇ. ئۇ مېنى ئىزدەپ يىغلاۋاتقانمىدۇر؟ بەلكىم ئۇنداق ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمەستۇر. پەستە ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ بارغۇ. بالامغا ئاپىسى قارايدۇ. بايىقىسى بالامنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ قالغاندۇر. بەلكىم ھېچقانداق بىرىنىڭ ئاۋازى ئەمەستۇر.

شۇنداق ئويلاۋاتقان بولساممۇ، لېكىن خاتىرجەم بولالمىدىم. پەسكە چۈشكۈم، بالامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باققۇم كېلەتتى.

«پەسكە يەنە بىر چۈشۈپ باقسام قانداق بولار. ماۋۇ مېھمانلار يەنە باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ قالارمۇ. خوتۇنىدىن يولىيورۇق سورىغىلى چۈشتى. مانا، سايماخۇن... دەپ

قالارمۇ؟...»

دەرۋەقە، باياتىن بىرى شۇنداق گەپلەر خېلى كۆپ دېيىلگەن، مېنى راۋۇرۇس قىزارتىشقانىدى. يەنە شۇنداق دەپ قالسا...

ئورنۇمدىن تۇردۇم. باشقىلارنىڭ يەنە نېمە دېيىشلىرىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم. ئۆينىڭ ئىشىكىنى شۇنداق ئېچىپلا ئۆزۈمنى باسالماي ئىككى قولۇمنى ئالدىمغا سوزۇپ ۋارقىراپ تاشلىدىم:

— بالام، بالام!

ئۇستۇنكى قەۋەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ بولغان سىز، ماڭا ئەركىلىدىڭىزمۇ ياكى ئەنسىز توۋلىشىمدىن قورقۇپ كەتتىڭىزمۇ ۋە ياكى دادام ئۇرىدىكەن دېدىڭىزمۇ، ئارقىڭىزغا ياندىڭىز. يانغاندىمۇ يۈگۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ماڭا ئاتقاندەك ئېتىپ تۇرۇپ ياندىڭىز. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پەلەمپەيدىن بېشىڭىزچىلاپ قاتتىق يىقىلدىڭىز ۋە ئېگىزدىن - پەسكە قاراپ دومىلاشقا باشلىدىڭىز.

— بالام، بالام!

مەن ئارقىڭىزدىن ۋارقىرىغىنىمچە قوغلاپ ماڭدىم. سىز نېمە بولغىنىڭىزنىمۇ بىلمەي دومىلاپ چۈشۈۋەردىڭىز. خىيالىمدا سىزنى تۇتۇۋالىمەن، پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ بولغىچە تۇتۇۋالسام، سەل يەڭگىلرەك يىقىلىدۇ دەپ ئويلايتتىم. ئەمما سىزنى دومىلاپ چۈشۈۋاتقاندا تۇتۇۋېلىش مۇمكىن بولمىدى. يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىزلىك ئاخىرى يۈز بەردى. پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئاستىغىچە يۇمىلاپ چۈشۈپ بولدىڭىز. ئېغىز - بۇرنىڭىز قانىدى. باش ۋە يۈز - كۆزلىرىڭىز كۆكەردى، يېرىلدى.

كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى. يۈرىكىم ۋاژىلداپ ئېچىشتى. ئۆزۈمنى تۇتالماي ئاپىڭىزنى سەنلەپ ۋە سەتلەپ تىللاپ كەتتىم.

— كىچىك بالا بۇنچىلىك يىقىلغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى مېھمانلاردىن بىرى ماڭا تەسەللىي بېرىپ.

— بېشىنى داكا بىلەن مەھكەم تېڭىپ قويسا تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى يەنە كىمدۇر بىرى.

— ئەسلىدە، بالىڭىز ئۇستىگە چىقىۋەرسە ھېچنېمە بولمايتتى. ئۇنىڭغا ئۇنداق ۋارقىرىمايدىغان ئىشتى. بۇ بالا سىزنىڭ ۋارقىرىغىنىڭىزدىن قورقۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارقىسىغا قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىقىلىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن... — كىمدۇر بىرى سەۋەبىنى مەندىن ئىزدەپ، ئەزمىلىك چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

ھېچكىمنىڭ، ھېچقانداق سۆزى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان سىزنى قۇچۇقۇمغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىڭىزنىڭ كۆكەرگەن يەرلىرىگە تىنىمسىز سۆيەتتىم. چاناقلىرىمدىن سىرغىغان ياشلىرىم مەڭىزلىرىڭىزنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى.

«شۇ چاغدا بىر مىنۇت ئولتۇرۇپ تۇرغان بولسامچۇ. ئىشىكنى ئاچقان ھالەتتىمۇ، ۋارقىرىماي تۇرغان بولسامچۇ!...»

مەن ئۆز - ئۆزۈمنى قاتتىق ئەيىبلىدىم. تاكى بۈگۈنگە قەدەر تىنىمسىز ئەيىبلەيتتىم.

قىزغىنلىق بىلەن باشلانغان ئولتۇرۇشمۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا توزۇپ كەتتى. مېھمانلار ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك ھەريانغا تارقاشتى. مەن سىزنى قۇچاقلىغىنىمچە ئىشىك تۈۋىگە چىقتىم. بوسۇغىدىن بىر قەدەم نېرىسىدا كۆزۈمگە ناھايىتىمۇ سەت كۆرۈنىدىغان سېمونت تاختاي، تېخى ئۆتكەن يىلىلا سىز پۇتلىشىپ موللاق ئاتقان ۋە قىرى پېشانىڭىزنى يېرىۋەتكەن كۆرۈمسىز، ئۇزۇن ۋە قىرلىق تاختاي توپا باسقان ھالەتتە سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

دەرھال پېشانىڭىزگە قارىدىم. ئۆتكەن يىلقى يارىلىنىشتىن قالغان تارتۇق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېچىنىشلىقى، تارتۇقنىڭ ئۈستى بۇ قېتىم يېڭىباشتىن زەخىملەنگەنىدى.

«تۇفى!»

نەس باسقان سېمونت تاختاي ئۈستىگە غەزەپ بىلەن بىرنى تۈكۈرمەكچى ئىدىم-يۇ، تۈكۈرەلمىدىم. ئۇنداق قىلغۇم كەلمىدى. بىزدە «ئۆينىڭ مۆڭگۈزىگە ئۇرساڭ تۇيىقى سىرقىرايدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بۇ ھويلىدىكى ئەسكى بىر پارچە سېمونت تاختاي بۇ ئائىلىنىڭ مۆڭگۈزى ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن مۇشۇ يەرگە قويۇلغانىكەن، بۇلارنىڭ بىر مۈلكى سانىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈكۈرۈش - بۇ ئائىلىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. ئاش بەرگەن قازاننى چېقىش مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق ئەنئەنىسىگە يات قىلمىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. پېشانىڭىزدىكى قوشلاپ سېلىنغان تارتۇققا ھەر قارىسام، بۈگۈنگە قەدەر يۈرىكىم ئېچىشىپ، ئىچىم ئاچچىق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتىم.

«داۋاملىق بېشىلا زەخىملىنەمدۇ دەيمەن بۇ بالىنىڭ؟!»

ئېڭىكىمنى قاتتىق ئەپسۇسلۇق ئىچىدە سىقىمداۋېتىپ شۇنداق دېدىم مەن، كېيىنكى يىللاردىكى يەنە بىر كەچلە-

كى. ئەمما كۆڭلۈمدىكى بىئاراملىقمنى بۇ بىر جۈملە بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىشىم زادىلا مۇمكىن ئەمەسدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئىشتىن بەكلا ھېرىپ چىققانىدىم. ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا سىز يوپۇشۇپ كەلدىڭىز. كۆتۈردۇم، ئوينىدىم، ئەركىلەتتىم. بىراق يەنە تىنجىمدىڭىز. ئۆينىڭ كارىدورىنى كۆرسىتىپ «بىتتا ـ بىت!»لا دەيتتىڭىز. ئۆزدىڭىزنى ماڭا كۆتۈرتۈپ، «ئات مىنىپ ھەربىي مەشق قىلىش» ئوينىغىز بارلىقىنى بىلسەممۇ كۆڭۈلشىمىدىم. چارچاپ كەتكەنىدىم. پۈتۈن بەدەنلىرىم تېلىپ ئاغرىپ، يېتىۋالغۇملا كېلىپ تۇراتتى. شۇغىنىسى، مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى سىز پەرەز قىلالمايتتىڭىز. ھالىمغا يېتىشىڭىز تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسدى. يەنە بۇرۇنقىدەكلا غەلۋە قىلاتتىڭىز، چۇقان سالاتتىڭىز، سەكرەيتتىڭىز. راستىنى دېسەم، شۇ مىنۇتلاردا پاراڭ ـ چۇرۇڭ دېگەنلەر بېشىمغا تاش بىلەن ئۇرغاندەك بىلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ، سەھرا بازىرىدەك ۋاڭ ـ چۇڭلار ئىچىدە كەچلىك تاماقنى يەپ تۈگەتتۇق. شال كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇپ، خوش يېقىپ ـ ياقمايراق تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتىم. سىز مۈرەمگە ئېسىلىپ، چاچلىرىمنى تارتىپ، قوللىرىمنى قايرىپ، مېنى «ھەربىي مەشىق»قە ئۈندەۋاتاتتىڭىز. مەن ئېرەڭشىمەي ئولتۇرۇۋەردىم. بىردەمدىن كېيىن «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پىروگراممىسى باشلاندى. شۇئان دىققىتىم يىغىلدى.

ـ بالىنى نېرى ئېلىڭ! ـ دېدىم سىزنى باقىدىغان قىزغا ۋارقىراپ.

يېقىندىن بېرى بۇ پىروگراممىنى قالدۇرماي كۆرۈۋاتاتتىم. ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى داۋراڭى بارغانسېرى رېئاللىققا ئايلىنىپ، مانا بۈگۈن ئاخىرقى مۆھلەت توشقانىدى. بۈگۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا، پۈتۈن دۇنيا ئەھلى قاتارىدا ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرمۇ سورۇن ۋە كوچا ـ كويلاردىكى تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك قىلىشىپ ئۆلگۈرگەنىدى.

ـ ئامېرىكا ئىراقتا پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ، ـ دەيتتى بىرلىرى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر ئانالىزى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ.

ـ شۇنداق، ئامېرىكا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. ئافغانىستاندىكى ھوجۇم ئىراقتا ئاقمايدۇ. ئىراق دېگەن ئافغانىستان ئەمەس، ـ تولۇقلىما قىلاتتى يەنە بىرلىرى، يەنە ئانالىزچىلارنىڭ سۆزلىرىنى مىسال قىلىپ.

ـ ئۇ ئانالىزچىلار پوقنى بىلمەيدۇ. ئامېرىكا ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلغاندىمۇ، شۇلار: ئامېرىكا پاتقاققا پاتىدۇ. ئافغانىستان پارىس قولتۇقى ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىراق ئەمەس. ئامېرىكىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىرلەشمە ئارمىيە ئەمەس، دېگەنىدى. لېكىن ئافغانىستان تالىبانلىرى بىر ھەپتىلىككە پايلىمىدى. بىزنىڭ بۇ ئانالىزچىلىرىمىز ھەقىقەتنى سۆزلىمەي، سىياسىي مايىللىقى بويىچە سۆزلەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسىنى بىلمەيدىكەن.

ـ ئامېرىكا چوقۇم يېڭىدۇ!

ـ چوقۇم سادام يېڭىدۇ!

ئادەملىرىمىزدىكى بۇ ئۇرۇشقا بولغان قىزىقىشقا ئەقلىم ھەيران ئىدى. بىر ئائىلە، بىر ئىشخانا، بىر ئىدارە، بىر يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ جىدەللىشىپ كەتكەنلىكلىرىنى، ھەتتا بەزى يۇرتتا بىر ـ بىرىگە پىچاق تىقىشقان ئەھۋاللارنىمۇ سادىر بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالاتتىم. ئۆز ئىشىمىزغا، ئۆز تەقدىرىمىزگە مۇشۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەن بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى! دەپ ئويلاپ كېتەتتىم ئىچىمدە. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ئەرەب بىلەن ئۇيغۇرنى پەرقلەندۈرەلمەي، مۇسۇلمانلا بولسا ئۇنى ئۇيغۇر دەپ چۈشىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلىرىمىز، ئۆزىچە «مىللەتپەرۋەرلىك» نۇقتىسىدىن چىقىپ، يېڭىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە «سادام» دەپ ئات قويۇپ ئۆلگۈرگەنىدى.

«ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىراق زېمىنىغا قۇرۇقلۇقتىن كىرىشكە باشلىدى!»

دىكتورنىڭ مۇشۇ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن تېلېۋىزورغا قادالدىم. پۈتۈن دۇنيا دىققەت ئاغدۇرۇۋاتقان بۇ چوڭ ئىشقا مېنىڭ بىپەرۋا قارىشىم مۇمكىن ئەمەسدى.

دىكتور خەۋەرنى ئوقۇشى بىلەن تەڭلا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئىراق زېمىنىغا قاراپ مېڭىۋاتقان تانكا، بىرونېۋىكلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۇرۇش فورمىسى كىيگەن قوراللىق ئەسكەرلەر كۆرۈندى. مېنى تېخىمۇ قىزىقتۇرغىنى، مۇشۇ كۆرۈنۈشكە ئۇلىنىپلا ئىراق زۇڭتۇڭىنىڭ سۆزلەۋاتقان ھالىتى كۆرسىتىلدى.

سادام نېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرار؟

شۇلارنى ئويلاپ دىققەت بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتىم، خۇددى مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، سىز گەجگەمگە مىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈمنى ئىككى قوللاپ توسۋالدىڭىز.

ـ سادام بىرنېمە دەۋاتىدۇ. ئاۋۇ سادام...

شۇنداق دېگەچ قولىڭىزنى كۆزۈمدىن ئاجىراتتىم. لېكىن سىز يەنە بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپلا ئالدىڭىز. سىزنىڭ سادام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭىزنىڭ يوقلىقى بۇنداق ۋاقىتتا قانداقمۇ ئېسىمگە كەلسۇن. سىزنى كۈچەپ ئىتتىردىم. ئېغىزىمنى، كۆزۈمنى يەنە مەھكەم ئەتتىڭىز.

«مانا ئەمسە!»

مەن شۇنداق دېدىم ـ دە، ئوڭ قولۇم بىلەن ياقىڭىزدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈردۈم. پەسكىراق چۈشۈرۈپ، يەنە بىر كۆتۈردۈم. مۇشۇنداق قىلىپ سىزنى قورقۇتۇپ قويماقچى ئىدىم. لېكىن دەل شۇ چاغدا، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا مەن، ياق، ھېچقايسىمىز كۈتمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: سىز قولۇمدىن سىيرىلىپ چاقچۇق باسقان قاتتىق يەرگە باشچىلاپ چۈشۈپ كەتتىڭىز. بېشىڭىزنىڭ ئارقا تەرىپى يەرگە چۈشكەندە، خۇددى تاۋۇز چۈشكەندەك «گۈپ» قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتكىنى ھازىرغىچە ئېسىمدە. «بوك!» قىلغان ئاۋاز چىقتى، دەيدۇ ئاپىڭىز بۈگۈنگىچە. « ۋاق! » قىلىپ چۈشكەن، دەيدۇ ئاچىڭىز مۇشۇ كۈنلەردىمۇ تولۇقلاپ ئەسلەپ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئاشۇ كۈندىكى كۆڭۈلسىزلىك تا بۈگۈنگە قەدەر يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە بىر قۇلىقىڭىزدىن سىزىلگەن چاتاقنى مۇشۇ كۈندىكى يىقىلىشىڭىزغا باغلاپ بېقىشىمغا مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما بۇ كۆڭۈلسىز كۈننى سىز مەڭگۈ ئەسلىيەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سېرىق چاچ بالام، ئالتۇن چاچ بالام!

— بۇ بالىنىڭ چېچى سېرىق، ئۆگى ئاپپاق ئىكەن. قايسىڭلارغا ئوخشىغىنى بۇ؟

كۆرگەنلا ئادەم شۇنداق سورايتتى.

ئۆزىنىڭ ماڭقىسى ئېقىپ تۇرسىمۇ، يەنە باشقىلارنى ماڭقا دەپ تىللايدىغان، ئۆزىنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن كارى يوق، ئۆزگىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغان، ئۆز كۆتىنى تاتىلاۋېتىپمۇ، باشقىلارنى قىچىشقاقلىقتا ئەيىبلەيدىغان كىشىلەر بىزدە خېلى بارىدى. شۇڭا مەنمۇ جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بېرەتتىم:

ـ ئاتا ـ بوۋامغا ئوخشايدۇ. ئەجدادلىرىمغا ئوخشايدۇ!

سوئال سورىغانلار دەرھاللا بېسىقاتتى. شۇغىنىسى، سىزنى «ئالتۇن چاچ» دەپ ئاتايدىغانلارنى توسقىلى بولمىدى. ئەكسىچە بۇنداق ئاتايدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيدى.

ـ چېچىمنى ئۆزگەرتىۋېتىڭا دادا، ـ دېدىڭىز بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا يىغلامسىراپ.

ـ قانداق ئۆزگەرتىمەن؟

ـ قارا چاچقا.

ـ نېمىشقا ئەمدى؟

ـ سىنىپتىكى باشقا بالىلارنىڭ چېچى قارا ئىكەن. ئۇلار مېنى سېرىق تۈك، دەپ زاڭلىق قىلىدىكەن.

ـ ئۆتكەنلەردە ئىسمىمنى ئۆزگەرتىپ بېرىڭ دېمىگەنمىدىڭىز؟

ـ ياق، ئىسمىم تۇرىۋەرسۇن. ھازىر ئۇلار مېنى تۈلكىزاد دېمەيدىغان بولدى. چېچىمنى ئۆزگەرتىپ قويۇڭە.

ـ چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسىز، چاچنىڭ ئەڭ نوچىسى مۇشۇ. قاراڭە، ھەممە ئادەم قارا چېچىنى سېرىققا بوياۋاتسا. سىز بويىمىسىڭىزمۇ چېچىڭىز تەبىئىيلا سېرىق، ساپسېرىق، ئالتۇندەك سېرىق. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ چېچىمۇ مۇشۇنداق ئىدى.

ـ راستما؟

ـ راست بولمايچۇ.

سىز سېرىق چېچىڭىزغا ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتىڭىز. سىزدىكى كۆنۈش مېنىمۇ كۆندۈرۈپ باراتتى. ئاپىڭىزنى، تۇغقانلارنى، قولۇم ـ قوشنىلارنى، ئەتراپتىكىلەرنى... بىر ـ بىرلەپ كۆندۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

«ئالتۇن چاچ بالام!»

سىزنى شۇنداق ئەركىلىتەتتۇق. بۇ ئەركىلىتىشلەرگە سىزمۇ كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتىڭىز.

«بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.»

«بالىلارنى ھەر ھەپتىدە كېمىدە بىرەر قېتىم كىتابخانىغا ئاپىرىش كېرەك.»

«بالىلارنى كىتابخانىنى سېغىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەش كېرەك.»

بالىلار ھەققىدە گەپ بولغاندا، ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق دېيىشەتتى. ھەممىلا دادا مۇشۇنداق دەپ تۇرۇپمۇ يەنە ھەممىلا بالىنىڭ كىتابخۇمار بولۇپ ئۆسمەسلىكى مېنى ئويغا سالاتتى. يەھۇدىيلارنىڭ كىتابقا ئامراقلىقى، ئۇلارنىڭ كىتابلارغا ھەسەل سۈركەپ بالىلىرىغا بېرىدىغانلىقى، ھەر قېتىملىق كىتاب ئوقۇشتىن كېيىن بالىلىرىغا تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى بېرىپ مۇكاپاتلايدىغانلىقى... قاتارلىق ئۆزگىچە مىساللار ئېسىمگە كېلەتتى. باشقىلار قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، بالىنى كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى چوقۇم قەرەللىك ھالدا كىتابخانىغا ئاپىرىپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ توغرا تاللاش ئىكەنلىكىگە شەكسىز ۋە چەكسىز ئىشىنەتتىم. ئاچىڭىزنى تەربىيەلەشتىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەنىدى. شۇڭا سىزنى ھەر ھەپتە-

نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كىتابخانىغا ئېلىپ باراتتىم. كىتابلارنى ئوقۇيالمىسىڭىزمۇ، باللار كىتابلىرىدىكى سۈرەتلەرنى، چاتما رەسىملەر توپلامىنى ئېرىنمەي كۆرسىتەتتىم، چۈشەندۈرەتتىم. دېگەندەك، بۇ خىل ئۇرۇنۇشنىڭ ناھايىتى تېزلا ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كېلىپ بولغىچە «قاچان شەنبە بولىدۇ»، «مېنى كىتابخانىغا ئاپىرىڭ» دەيدىغان بولدىڭىز. ھەپتە ئارىلىقىدىكى كۈنلەردە ئۆيدىكى رەسىملىك كىتابلارنى چالا قويماي كۆرۈپ چىقىدىغان، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز تىلىڭىز بويىچە ۋەقەلەشتۈرۈپ سۆزلەيدىغان دەرىجىگە يەتتىڭىز. كۆرگەن رەسىملىك كىتابلىرىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى قونچاق فىلىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدىلا قونچاق فىلىملەرگىمۇ ئامراق بولۇپ قالدىڭىز. ئاخشاملىرى بىزدىن تېلېۋىزور تالىشاتتىڭىز. بىز ئۆز قانالىرىمىزنى كۆرسەك، سىز قونچاق قانىللىرىنى تاللايتتىڭىز. بولۇپمۇ «غەربكە ساياھەت» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى سۈن ۋۇكۇڭ سىزگە بەكمۇ يارايتتى. ھەرقانداق بىر قانالدىن سۈن ۋۇكۇڭنى ئىزدەيتتىڭىز. ھەتتا «بېبىجىك تىياتىرى»لىرىدىكى چاڭچىلە ئارتىسلىرىنىمۇ سۈن ۋۇكۇڭنىڭ باشقىچە قىياپىتىگە ئوخشىتىپ، «سۈن ۋۇكۇڭنىڭ كىنوسىكەن، كۆرىمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز. تەلپىڭىزگە ئۇنىمسام، «ئەمسە كىتابخانىغا بېرىپ، قونچاق كىتاب ياكى قونچاق كىنوسىنىڭ دىسكىسىدىن ئېلىپ بېرىڭ» دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز. كىتابنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسىڭىز، مەن ماقۇل دېيىشتىن باشقا يەنە نېمە دەيتتىم. شۇ ھەپتە ئاخىرىغا بېرىپلا سىزگە بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلايتتىم. بىرەر ھەپتىگە بارمايلا ئۇنىمۇ كۆرۈپ بولاتتىڭىز. كىتابخانىغا بېرىپ يەنە يېڭىدىن ئالاتتۇق.

— بەلكىم سىزنىڭ ئېسىڭىزدە يوقتۇر، — ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بىر كەچلىكى، تۇرۇپلا ئۆزىڭىز ھەققىدىكى ئوسال بىر ئىشنى دەپ بەرگۈم كەلدى، — سىزنى كىتابخانىغا ئاپىرىپ يۈرگەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە: دادا، بۈگۈن كىتاب ئالمايلى، ئاۋۇ كىنو دىسكىلىرىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىڭا، دەپ قالدىڭىز. مەن ئۇنىمىدىم. باللار ئۈچۈن دىسكىدىن كىتاب ياخشى دەپ ئويلايتتىم. يەنىلا كىتاب ئالايلى، دېدىم ۋە سىز كۆرسەتكەن رەسىملىك كىتابتىن بىرنى قولۇمغا ئالدىم. شۇ چاغدا سىز قونچاق كىنو دىسكىلىرى تىزىلغان جازىلارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، يېنىشلاپ ئايلاندىڭىز. مەن باشقا كىتاب جازىلىرى يېنىغا كەتكەندىمۇ ئورنىڭىزدىن كەتمەي تۇردىڭىز. قانداقتۇر بىر سۈرەتلەرگە سىنچىلاپ، قانماي قاراپ قالدىڭىز. ھازىرقىدەك ئەھۋالىم بولغان بولسا، شۇ ۋاقىتتا رەسىم كىتابنىمۇ، رەسىم دىسكىسىنىمۇ تەڭلا ئېلىپ بەرگەن بولاردىم. لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم. قولۇمدىكى بىر پارچە قونچاق كىتابنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، سىزنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا ماڭدىم. كىتابخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىدىغان چېغىمىزدا نازارەت قىلىش سىستېمىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا ئەنسىز چىرقىراپ كېتىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتى بىزگە مەركەزلەشتى. شۇئان كىتابخانا خادىمىمۇ دەرھاللا ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— بالىڭىزنىڭ قويىندا كىتاب بار ئىكەن، — دېدى ئۇ، لېكىن سىزنى ئاختۇرمىدى. يېنىمىزدىن بىر قەدەم نېرىمۇ كەتمىدى.

تالاي كىشىلەرنىڭ ئالدىدا شۇ قەدەر نومۇس قىلدىمكى، قوينىڭىزنى ئاختۇرۇپ، ھېچنېمە يوقلۇقىنى ئەل - جامائەتكە كۆرسىتىپ قويغۇم، ئاندىن يېنىمدىكى بۇ خادىمنىڭ ئەدىپىنى راسا بىر بەرگۈم كەلدى.

سىزنىڭ كىتاب تىقىدىغانلىقىڭىزغا زىنھار ئىشەنمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ قايتىلاپ سورىدىم:

— راست گەپ قىل، كىتاب تىقتىڭمۇ - يوق؟

— ياق.

سىز شۇنداق جاۋاب بەردىڭىز. بىراق نېمىشقىدۇر يەردىن ئۈستۈن قارىيالمايتتىڭىز. قىشلىق چاپىنىڭىزنىڭ شۇنچە زورلاپمۇ ئەتتۈرەلمەيدىغان سىيرىتمىسىنى تولۇق ئېتىۋالغاندىڭىز.

— ساله چاپانىنى!

سىز يەنىلا تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدىڭىز.

دەرغەزەپ بىلەن قوينىڭىزغا قول سالدىم. كۈتمىگەندە قولۇمغا بىر قونچاق كىنونىڭ قاپلىق دىسكىسى چىقىپ قالدى.

— ھەي ئوغرى!... ۋۇ، يۈزى قېلىن ئوغرى!...

ئۆزۈمنى تۇتالماي سىزنى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچىنى تېپىۋەتتىم. مەن راستىنلا نومۇسقا قالغاندىم. شۇ تاپتا سىزنى توختىماي ئۇرۇۋەتكۈم ياكى سىزنى تاشلاپلا قېچىپ چىقىپ كەتكۈم باردى.

ئارىغا يەنە ھېلىقى خادىم كىرىۋالدى.

— كىچىك بالىنى ئۇرماڭ. بۇ دىسكىنى سېتىۋالسىڭىز ياكى جايىغا قويۇپ قويسىڭىز بولمىدىمۇ. كىچىك بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئۇنىڭ «جايىغا قويۇپ قويسىڭىز ياكى سېتىۋالسىڭىز» دېگەن گېپىنى «سېتىۋېلىڭ» دەپ چۈشەندىم ۋە پۇل تۆلەپ

چىقىپ كەتتىم. لېكىن بۇ ئىش تاكى بۈگۈنگە قەدەر بېشىڭىزدىن ئېرىمىدى. ئەمدىراق، خاراكتېرىڭىز روشەنلەشكەندىن كېيىن ھېس قىلىۋاتىمەنكى، شۇ چاغدا سىز مەندىنمۇ بەكرەك نومۇس قىلىپ كەتكەنىكەنسىز. نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ۋە نېمە دەپ ئىشەندۈرۈشنى بىلەلمەي قىينالغانىكەنسىز. ئۆزىڭىزنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەي ئىزتىراپ چەككەنىكەنسىز. مۇشۇ بىر قېتىملىق ئىشنىڭ سىزنى كىتابخانىغا ئۆچ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، «كىتابخانا» دېگەن گەپنى ئاڭلىسىڭىز بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئويلىمىغانىكەنمەن.

— ھۇ، ئوغرى.

شۇنداق دەيتتى ئاچىڭىز سىزنى تىرىكتۈرۈپ.

— كىتاب ئوغرىسى.

ئاپىڭىزمۇ يات ـ ياتلا شۇنداق دەپ چاقچاق قىلاتتى.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا، سىز خۇددى كىتابخانىدا چارىسىز تۇرۇپ قالغان چېغىڭىزدىكىدەك ئۈن ـ تىنسىز، ئىنكاسسىز تۇرۇپ كېتەتتىڭىز. ئۆزىڭىزنى ئاقلاشنىمۇ، قاچۇرۇشنىمۇ بىلەلمەي جىمجىت ۋە بىچارىلەرچە قاراپ قالاتتىڭىز. بۈگۈنكىدەك نومۇسچان ۋە غۇرۇرلۇق خاراكتېرىڭىز بىلەن يېتىلىدىغان بالا بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلگىنىدە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىزگە ھېلىقىدەك گەپلەرنى دېمىگەن بولاتتى. سىز بىلەن ئەڭ كۆپ سىردىشىدىغان ئادەم ھېسابلىنىدىغان مەنمۇ زىيادە نومۇسچان خاراكتېرىڭىز بارلىقىنى ئەمدىرەك بىلەلىگەن يەردە، ئۇ ئىككىسى قانداق بىلەلىسۇن. مەنمۇ سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزنى ئۆزۈمچىلا چۈشىنىپ قالغىنىم يوق. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئەكىرىپ بەرگەن تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ ئاندىن سىزنىڭ نومۇسچان بالا ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلغانمەن.

— مەن ھېلىلا سىزنى ئالغىلى كېلىمەن. ماۋۇ باللار بىلەن بىردەم ئويناپ تۇرۇڭ، — دېدىم سىزنى تەييارلىق سىنىپ مۇئەللىمىسىگە تاپشۇرۇۋېتىپ.

— ياق!... — پاچىقىمغا مەھكەم ئېسىلىپ يىغلىدىڭىز.

— مېنىڭ ھازىر دەرسىم باردى ئوبدان ئوغلۇم. ماقۇل دەڭ.

— ياق!...

سىز ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ، سىنىپتا تۇرۇپ قېلىشقا پەقەتلا ئۇنىمىدىڭىز.

— ئۇنداقتا، ماۋۇ يانفونۇمنى سىزگە قويۇپ كېتەي، — دېدىم، سىزنى چىرايلىق قايىل قىلىشقا تىرىشىپ ۋە يانفونۇمنى سىزگە بەردىم، — يات كېلىپ بولالمىسام، مۇشۇ تېلېفوندا ماڭا تېلېفون قىلىڭ، بولامدۇ؟

سىز ئېسەدەپ تۇرۇپ يانفونۇمنى قولىڭىزغا ئالدىڭىز ـ يۇ، يەنە دەرھاللا ماڭا قايتۇرۇپ بەردىڭىز.

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا تېلېفون بولمىسا، مەن قايسى تېلېفونغا ئۇرىمەن؟

دەرسىمگە كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ جىلى بولۇپ تۇرغاندىم، بىردىنلا كۈلۈپ كەتتىم. يېنىمدا تۇرغان ئوقۇتقۇچىمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى. ئەقلىڭىزگە قايىل بولغاندۇق. ئويلىسام، ھازىرمۇ قايىل بولىمەن. بىراق، قايىل بولۇش بىلەنلا ئىش پۈتمەيتتى. سىزنى چوقۇم قالدۇرۇپ قويۇشۇم، چۈشتە ئېلىپ كېتىشىم كېرەك ئىدى.

سىز ماڭا يۇپۇشقانسېرى، مېنىڭ شۇنچە جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. ھېچكىمگە قارىماستىن، باللار ئارىسىدا سىزنى سىنىپقا ئىتتىردىم، سىلكىدىم. سىز يەنىلا ئۇنىمىدىڭىز. ئۇنىمايلا قالماي، ھازىرلا قېچىپ كېتىدىغاندەك تالاغا يۇلقۇندىڭىز. ئاچچىقىم تېخىمۇ كەلدى. سىزنى مەجبۇرى قالدۇرماقچى بولۇپ، كۈچەپ ئىتتىرىپ يەرگە ئولتۇرغۇزدۇم. دەل شۇ چاغدا مۇئەللىمە ئارىلاشتى.

— بالىغا قوپاللىق قىلمىسىلا. باللار ئارىسىدا بۇنداق ئىزا تارتقۇزمىسىلا. ئۇنى ئۆزۈم قايىل قىلاي.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، سىزنىڭ ئىككى قولىڭىزنى مېھرىبانلىق بىلەن تۇتتى. باش ـ كۆزلىرىڭىزنى سىلىدى. سىزگە تەسەللىي بېرىدىغان، كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىدىغان بىر مۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلدى. ئەجەپكى، سىز شۇئان بېسىقىپ قالدىڭىز. بېسىقىپلا قالماي، يەنە سىنىپتىمۇ رازىمەنلىك بىلەن قېلىپ قالدىڭىز.

ھەي بالام، ھەي ئالتۇن چاچ بالام. ئەمدىكى مىجەزىڭىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئويلىسام، شۇ چاغدىمۇ سىنىپتىكى باللاردىن قاتتىق نومۇس قىلغان، ئادەم كۆپ سورۇندا قوپاللىق قىلغىنىمدىن ھاقارەت ھېس قىلغانىكەنسىز. ئىتتىرىپ تۇرساممۇ ئۇنىماي سىرتقا يۇلقۇنغىنىڭىز، سىنىپتىن قاچماقچى بولغىنىڭىز ئەمەس، نومۇستىن قاچماقچى بولغىنىڭىز، ھاقارەتتىن ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالماقچى بولغىنىڭىز ئىكەن ئەمەسمۇ. بۈگۈنكى نومۇسچانلىقىڭىز شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ. باللارنىڭ ئارىسىدا ئويناۋاتقاندا، ئىسمىڭىزنى بىرلا چاقىرسام دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىشلىرىڭىز، ئادەم بار چاغدا قاپىقىم تۈرۈلگەن ھامان ئۆيگىلا چېپىپ كىرىشلىرىڭىز نومۇسچانلىقىڭىزدىن بولماي نېمە. ئادەم بار يەردە مېنى تىللاپ سالمىسۇن دېگەن ئەندىشىدىن، ئۆزىڭىزنى ئايىغانلىقىڭىزدىن بولماي يەنە نېمە؟!

هەي ئەقىللىق بالام، هەي نۇمۇسچان بالام!

هەي سېرىق چاچ بالام، هەي ئالتۇن چاچ بالام!

هەر كەچتىكى هېكايە ئېيتىششلىرىمىز داۋام قىلماقتا ئىدى. لېكىن بالامنىڭ هېكايىلىرىنى ئۆزىگە سۆزلەپ بېردىشىمنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى هېكايىلىرىنى تولۇق ئەسلىيەلەيتتى ۋە مەندىنمۇ ياخشىراق سۆزلەپ بېرەلەيتتى.

كىتابخانىدا يۈز بەرگەن شۇ بىر قېتىملىق ئىشتىن كېيىن، ئوغلۇم راستىنلا باشقىچە ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يىلدىن ـ بۇ يىلغا كىتابخانىنىڭ گېپىنى قىلمايتتى. مەن زورلاپ ئاپارغان تەقدىردىمۇ خۇش ياقمىغان هالدا باراتتى ۋە كىتاب جازىلىرىنى چالا ـ بۇلا ئارىلاپ قويۇپلا «كېتەيلى» دەيتتى. يەنە بىردەم تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلگەندە بولسا، كىتابلارغا ناهايىتى ئېھتىيات بىلەن قول سوزاتتى. گويا بىرەرسى ئېسىلىۋالىدىغاندەك، ئەتراپقا ئەندىكىپ قارايتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ كىتابخانىغا ئاساسەن بارماس بولدى. بىراق، كىتابخانىدىن ئىلگىرى ئالغان كىتابلىرىنى ئالدىغا يېيىپ، ئۇنىڭدىكى رەسىملەرنى ئۆزىچە دوراپ سىزىپ ئوينايدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. ئۇ كىتابتىكى سۈرەتلەرنى كۆچۈرۈپ سىزىشقا بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆچۈرمىلىرىدە ياپونىيەلىك مەشھۇر بالىلار رەسسامى ئەن بىن چىشنىڭ «ئوت ئىچىدىكى پالۋان» ناملىق دۇنياغا داڭلىق كۆپ قىسىملىق چاتما رەسىملەر توپلىمىدىكى سۈرەتلەر بولاتتى. ئۇ مۇشۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ئىشى يوقتەك، دۇنياغا رەسىم كۆچۈرۈپ سىزىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك تىنىمسىز سىزاتتى.

ــ مەن چوڭ بولسام ياپونىيەدە ئوقۇيمەن دادا.

بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىزلا مۇشۇ گەپنى دەپ قالدى.

كىچىككىنە بالام بۇنداق يۈكسەك ئارزۇنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋاتسا، مەن ئۇنى قوللىماي تۇرالامدىم. دەرهال ۋە خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

ــ ياخشى ئويلاپسىز. نېمىشقا مۇشۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز بالام؟

ــ مۇشۇ كىتابتىكى رەسىملەرنى سىزغان ئاكاش بىلەن كۆرۈشمەن. رەسىم سىزىشقا بەك ئۇستا بالكەن، بەك يامان بالكەن ئۇ. ئوقۇشقا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن.

ــ بولىدۇ. قوللايمەن!

ــ مەن ياپونىيەگە بارسام، مۇشۇ رەسسام بىلەن كۆرۈشەلەيمەنمۇ، دادا؟

مەن سەل تۇرۇۋېلىپراق جاۋاب بەردىم. بالامنىڭ رەسىمدە تالانتى بارلىقىنى، ئۇنى رەسىمگە قىزىقتۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى هېس قىلىۋاتاتتىم.

ــ كۆرۈشەلەيسىز. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىزمۇ چوقۇم رەسسام بولۇشىڭىز كېرەك، ــ شۇنداق جاۋاب بەردىم مەن كېيىنلا.

ــ نېمىشقا؟

ــ چۈنكى، رەسسام رەسسام بىلەن ياخشى پاراڭلىشالايدۇ. رەسىم هەققىدە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ. كۆرۈشۈشكە باهانىمۇ تاپالايدۇ...

ــ بۇنىڭ ئۈچۈن داڭلىق رەسسام بولۇشۇم كېرەكمۇ؟

ــ ئەڭ داڭلىق رەسسام بولۇشىڭىز كېرەك.

ــ ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ داڭلىق رەسسام كىم؟

ــ غازى ئەهمەت.

ــ غازى ئەهمەت داداش بىلەن كۆرۈشكىلى بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ. ئۇ داداش ئۈرۈمچىدە. مەنمۇ تونۇيمەن. ئۈرۈمچىگە بارغاندا سىزنى ئۇ داداش بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قوياي.

ــ ماقۇل. مەن غازى ئەهمەت داداشتەك داڭلىق رەسسام بولۇپ، ئاندىن ياپونىيەلىك ئاۋۇ ئاكاش بىلەن كۆرۈشىمەن.

ــ ياخشى!

مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىدىن سۆيۈندۈم.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوغلۇمنى مەخسۇس رەسىم ئوقۇتقۇچىسىغا تەربىيەلىنىشكە بەردىم ۋە بىر يۈرۈش رەسىم سىزىش قوراللىرى بىلەن يولغا سالدىم.

ئۇ هەر هەپتىنىڭ شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى رەسىم سىزىش جازىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ چىقىپ كېتەتتى. هەر قېتىم قايتىپ كىرگەندە بولسا، قولىدا يېڭى بىر پارچە كۆچۈرمە رەسىم بولغان بولاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆچۈرمە رەسىملەر كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى.

ــ ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، ــ دەيتتى ئۇ، ئۆيگە كىرىپلا سىزغىنىنى ماڭا كۆرسىتىشكە ئالدىراپ.

ــ ياخشى سىزىپسىز. قالتىس سىزىپسىز، بالام.

ــ هەر قېتىم كۆرسەتسەم مۇشۇ گەپلىمۇ؟ ــ نارازى بولاتتى ئۇ بەزىدە.

ــ ئوخشىتىپ سىزغان تۇرسىڭىز، بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە دەيمەن؟ ــ ئۇنىڭ ماختاۋاتساممۇ نارازى بولغىنىنى كۆرۈپ هەيران قالاتتىم.

— رەسىمنى قولىڭىزغا ئالار ـ ئالمايلا ماختايدىكەنسىز. چۈشەنمەيلا ماختايدىكەنسىز. رەسىم دېگەننى قولغا ئېلىپ، سىزىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ، ئەستايىدىل كۆرىمىز. يىراق تۇتۇپمۇ، يېقىن تۇتۇپمۇ كۆرۈپ باقىمىز. ئۇزاق ئارىلىقتىنمۇ، قىسقا ئارىلىقتىنمۇ قاراپ باقىمىز. ھەر بىر رەڭ، ھەربىر سىزىق، ھەر بىر چېكىت ۋە ئۇلارنىڭ تارتىلىشى، ئەگمىسى، باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى، ئۇ پەيدا قىلغان كۆلەڭگە، ئۇنىۋم... قاتارلىقلارغىچە تەپسىلىي قارايمىز. رەسىمنى يىراقراق تۇتۇپ كۆرگەندە ئاندىن ئوخشىغان ياكى ئوخشىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. لېكىن سىلەر بۇنى بىلمەيسىلەر. رەسسامنىڭ جاپاسىنى، ئۇ سىزغان رەسىمنىڭ قىممىتىنى يەنە رەسسام بىلمىسە، باشقىلىرىڭلار بىكار.

ئوغلۇمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتىم. بىر قارىسام، ئۇ چوڭ بولۇپ قالغاندەك، يەنە بىر قارىسام، راستىنلا رەسسام بولۇپ قالغاندەكمۇ بىلىنەتتى.

— مۇئەللىم بىزگە: تۈرلۈك جىسىمنىڭ ھەر خىل شەكلىدىكى سىزما ھالەتلىرى كىتابخانىدا بار. شۇلاردىن سېتىۋېلىپ كۆرۈڭلار، كۆچۈرۈپ سىزىڭلار... دەيدۇ. شۇنى دوراپ سىزمىسا داڭلىق رەسسام بولغىلى بولمايدىكەن. كىتابخانىغا بارايلى، دادا.

بىر كۈنى ئۇ رەسىم كۇرسىدىن يېنىپ كىرىپلا شۇنداق دېدى. شۇئان، ۋۇجۇدۇمغا ئىسسىق بىر ئېقىم ئېتىلىپ كىرگەندەك بولدى. خېلىدىن بېرى كىتابخانىدىن قېچىپ يۈرگەن بۇ بالا مانا ئەمدى كىتابخانىغا بېرىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇم مۇشۇ ئەمەسمۇ. مېنىڭ خۇشاللىقىممۇ مۇشۇ ئەمەسمۇ.

— بولىدۇ، بالام، — رازىمەنلىك بىلەن شۇنداق دېدىم.

ئەمدىلىكتە ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىدا كىتابخانىغا بېرىش ئادەتىمىزگە ئايلانغانىدى. ئۇ كىتابخانىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئايلىناتتى. ئۇيغۇرچە كىتابلار بۆلۈمىنى ئايلىنىپلا قالماي، خەنزۇچە كىتابلار بۆلۈمىنىمۇ شۇ قەدەر تەپسىلىي كۆرۈپ چىقاتتى. بولۇپمۇ، خەنزۇ تىلىدا بېسىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى سىزما رەسىملەرنى، رەسىم سىزىش تېخنىكىسىغا دائىر مەخسۇس كىتابلارنى، شەكىل ئېلىش، رەڭ تەڭشەش... مەزمۇن قىلىنغان كىتابلارنى بىر ـ بىرلەپ ۋاراقلاپ كۆرەتتى. بېرىپ ـ بېرىپ ئۆزىمۇ سەزمەي، خەنزۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ باللارغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا قىستۇرما قىلىنغان سۈرەتلەرنى كۆرەتتى. سۈرەتلەرنىڭ ئاستى ۋە ئەتراپىدىكى مەزمۇنلارنى ئېرىنمەي ئوقۇيتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، «غەربكە ساياھەت»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ باللار نۇسخىسىنى تامامەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇپ تۈگەتتى.

— ھەي مۇشۇ كىتابلارنى ئوقۇيالامسىز بالام؟ — گۇمانسىراپ سورىدىم، ئۇ، مۇقاۋىسىدىن باشقا يەردە سۈرىتىمۇ يوق بىر پارچە خەنزۇچە كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان بىر كەچلىكى.

— نېمە دەيدىغانسىز، ئوقۇيالايمەن. مېنى بوش چاغلاپ قاپسىز ـ دە. ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، سۆزلەپ بەرمەڭ. مەن دەيمەن... مەن ئويلايمەن، سىزنى تېخى بۇنچىلىك كۆپ خەتلەرنى بىلمەيدۇ، خەنزۇچە كىتاب ئوقۇغۇدەك بولمىدى دەپ.

— قونچاق كىنو كۆرگەننىڭ نېمە پايدىسى بار، دەيسىز. سىزگە دەيمۇ، ھەممىسى مۇشۇ قونچاق كىنو، قونچاق كىتابلارنىڭ پايدىسى. كىنونى كۆرۈپ، ۋەقەلىك ئارقىلىق گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالىمەن. كېيىن ئاشۇ كىنونىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، كىنودىكى مەزمۇنغا سېلىشتۇرۇپ خېتىنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالىمەن. مۇشۇنداق قىلىۋېرىپ، خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان بولدۇم مانا.

بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ گېپىگە چىنپۈتمەي، مەقسەتلىك ھالدا سىناپمۇ باقتىم. ئەھۋال بالامنىڭ ئۆزى دېگەندەك بولۇپ چىقتى. ھەتتا ئۇ، مەن ئوقۇيالمايدىغان بىرمۇنچە خەتلەرنىمۇ سۇدەك ئوقۇۋاتتى.

— ئاپلا!... ماۋۇ بالىنىڭ يامانلىقىنى، بالاموي، نېمە ئىش بۇ؟ — قايىللىق ۋە سۆيۈنۈش بىلەن شۇنداق دەپ قويدۇم مەن قىلغۇدەك باشقىمۇ گەپ تاپالماي.

— بۇ دېگەن مۇشۇنداق ئىش. شۇڭا، خەنزۇ تىلى دەرسىدە سىنىپ بويىچە ئەڭ نوچىسىمەن.

— شۇنداقمۇ، ئاق پىشماق، ئاق ئۆرۈك؟!...

ئۇنى يەنە بىرمۇنچە تەرىپلىگۈم بولسىمۇ، توختاپ قالاتتىم. نەزەرىمدە كىچىك بالا دېگەن ئاق قۇشقاچقىلا ئوخشايتتى. چىڭراق تۇتسا مىجىلىپ كېتەتتى، بوشراق تۇتسا ئۇچۇپ كېتەتتى. ئىلھام بېرىش مۇھىم بولسىمۇ، زىيادە ماختاش ئۇنى كاردىن چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭ شەنبە، يەكشەنبىلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئاخشىمى ئۆيگە كېلىپلا تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. شەنبە ئەتىگىنى رەسىم كۇرسىغا ماڭاتتى. رەسىم كۇرسىدىن يېنىپ كېلىپلا، رەسىم تاختىسىنى شال كارىۋات ئۈستىگە قوراشتۇرۇپ رەسىم سىزىش-

قا باشلايتتى. يەكشەنبە كىرىپ بولغۇچە كىتابخانىنىڭ غەلۋىسىنى قىلاتتى. كىتابخانىدىن كېلىپلا، شۇ كۈنى ئالغان كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۆرىدىغانلىرى رەسىمگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلار دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەنىدى.

كۆز ئالدىمدا ئۆسۈۋاتقان بۇ بالىغا مەسلىكىم كېلىپ قاراپ كېتەتتىم. ئۇنىڭ ئۇرۇق ۋە ئېگىز تۇرقى، ئالتۇندەك سېرىق چېچى، ئاق پىشماق چىرايى، چىرايلىق ۋە يۇمىلاق بېشى، كىچىك ۋە بوز كۆزى، ياساپ قويغاندەك قاڭشارلىق ۋە ئىنچىكە بۇرنى، ئويماقتەك ئېغىزى، قىزلارنىڭ لەۋلىرىدەك نېپىز ۋە قىپقىزىل لەۋلىرى... ئىچىمنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى، ۋۇجۇدۇمدا ئاتىلىق ئىپتىخار، غۇرۇر ۋە سۆيۈنۈش ھېسلىرى ئۆركەشلەيتتى. بالامغا كۆز تەگمىسە، ئالتۇن چاچ بالام چەتنەپ كەتمىسە، دەپ تىلەيتتىم ئىچ - ئىچىمدىن. نېمىدىن ئەنسىرىسە شۇ ئىش بولامدۇ، ياكى بولىدىغان ئىشلارنى كۆڭلىمىز تۇيامدۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بالامغا كۆز تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى.

شۇ كەچلىكى ئىشتىن چۈشۈپلا پولۇ قىلدۇق. قورساقلار غۇلدۇرلاپ تۇرىدۇ، ئەمما ئاش ھېچ پىشاي دېمەيدۇ. پولۇ دۇملەنگەن قازاننى ئۇيان ئۆرۈيمىز، بۇيان چۆرۈيمىز، پىشىدىغاندەك ئەمەس. مېزىلىك پۇراق ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى بىر ئالدۇ - يۇ، قورساق تويمايدۇ. ئاشنىڭ تېزرەك دەم يېيىشىنى ساقلايمىز، ساقلايمىز... قورساقنىڭ ئاچلىقىدا گەپ خۇش ياقمايدۇ. تېلېۋىزورمۇ تېتىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا زورلاپ قاراپ ئولتۇرىمىز. ھېچبىرى بىلەن دېيىشىپ قالمىدىم - يۇ، دىلىم غەش. ھېچنېمەمنى يىتتۈرۈپ قويمىدىم - يۇ، كۆڭلۈم يېرىم. ئۇياققا قارايمەن، بۇياققىمۇ قاراپ باقىمەن. ھېچنېمىگە تاۋىم يوق، ھېچنېمىگە رايىممۇ يوق. قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. قۇلىقىمغا گەپمۇ كىرمەيدۇ...

شۇ چاغدا ئىشكنى بىرى چەكتى ۋە كىچىك بالىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۈركزات تورنىكتىن يىقىلىپ كەتتى.

— نېمە؟

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ تالاغا چىقىپ كەتكىلى تېخى يېرىم سائەتمۇ بولمىغان ئەمەسمىدى.

ئايىغىمنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي پايپىقىم بىلەنلا پەسكە چاپتىم.

مەن بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئىشىكىدىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغىلا، تۆت - بەش بالا ئوغلۇمنى تەڭلە قازان قىلىپ كۆتۈرۈپ سىرتتىن كىردى. ئۇلار بالامنى شۇنچە كۆچەپ كۆتۈرۈپ ئاران دېگەندە مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە گەپ بەرمەي چۇلدۇرلايتتى:

— تورنىكقا ئېسىلىپ ئويناۋېتىپ، بەك قاتتىق يىقىلىپ كەتتى.

— شۇنداق ئېگىز يەردىن چۈشۈپ كەتتى.

— سېمونت يەرگە بېشىچىلاپلا چۈشتى.

— ئۇ يىقىلىپلا ھوشىدىن كەتتى.

— راستلا بېشى بىلەن چۈشتىما؟ - سورىدىم بالىلاردىن ئالدىراپ - تېنەپ. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ زەخىملەنگەن يېرى بېشى بولغىنى ئۈچۈن، يەنە شۇ يېرى زەخىملىنىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— راست، بېشى بىلەن چۈشتى. قاتتىق يەرگە بېشىلا تەگدى.

— گۈپ! قىلىپ يىقىلدى.

— بەكلا قاتتىق يىقىلدى جۇمۇ.

بالامنى قۇچۇقۇمغا ئالدىم. ئۇ ئۈن - تىنسىز قاراپ ياتاتتى. يىغلىغىنىمۇ، ئىنجىقلىغىنىمۇ ئايرىغىلى بولمايتتى. قارىماققا، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، مېنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن قەستەن مۇشۇ ئويۇننى ئويناۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى.

ئۇنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرىپلا قوپاللىق بىلەن يەرگە دەسسەتتىم. ئۇ يىقىلماي ياكى دۈگجۈنۈپ كەتمەي جايىدىلا دەسسەپ تۇردى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئەتراپقا نورمال ھالەتتە قاراپ قويدى.

— يەرگە يەنە بېشىڭ بىلەن يىقىلدىڭما؟

ئۆزۈمنى تۇتالماي ۋارقىرىدىم. لېكىن بالام ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي جىملا تۇرىۋالدى، خۇددى مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، مېنى جىلى قىلماقچىدەك، مېنى ئەخمەق قىلماقچىدەك.

— ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن گۇي؟!

يەنە جىم. ئۇ گويا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغاندەك، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغاندەك ساداسىزلا قاراپ تۇراتتى.

شۇئان جۇدۇنۇم تۇتتى. نېرۋام ئۆرلىدى. خىزمەتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلسەم، مېنى بىردەم ئارامىمدا قويمىغىنى نېمىسى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئورناتقان چىنقىش ئۈسكۈنىلىرىدىن بۈگۈن يىقىلىپ بەرگىنى نېمىسى. بارچە بالىلار تىنچ ئويناۋاتسا، يەنە مۇشۇ نەس بالىنىڭ چاتاق تاپقىنى، يەنە كېلىپ بېشىچىلاپ يىقىلىپ قاراپ تۇرغىنى نېمىسى. بۇنىڭ

بىشنىڭ دەردىنى ھىلمۇ ئاز تارتتىمۇ. دوختۇرلار، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن چىققان چاتاقنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىشنىڭ تولا زەخە-ملىنىشىدىن كۆرۈۋاتقان تۇرسا، بۇنى ئاز دەپ يەنە بىشە-چىلاپ يىقىلىپ...

بەلكىم ئاچچىقىمدا ئەقلىم كىسىلگەن بولسا كېرەك، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بەل ۋە سۆڭەكچىلىرىگە كۆچەپ بىرنەچچىنى تىپىۋەتتىم.

— مۇشۇ قېتىملىق بىشچىلاپ يىقىلىشى بىلەن 60% لىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ بۇ گۇي. شۇنچە خەقنىڭ بالىلىرى چا-تاق چىقارماي تىنچ ئوينايدۇ، بىر سەنلا... ھۇ قۇلاق كەس-تى، دۆت، كالۋا!...

ئۇنى داۋاملىق تەپمەكچى بولۇۋىدىم، ھېچ كۈتمىگەندە قىزىم يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بولدى، بولدى. ھۇ... ساراڭ! ھۇشىنى بىلمەي تۇر-غان بالىنى دوختۇرخانىغا ئىلىپ بارماقتا يوق، تىپىۋاتقىنى-نى. ئۆلتۈرۈپ قويۋاي دەمسىز ئۇكامنى. مېڭىڭ، ئۇنى دوخ-تۇرخانىغا ئىلىپ بارىمىز!

قىزىمنىڭ گىپىگە كىرىپ، ئوغلۇمنى ھاپاش قىلىپ دوختۇرخانىغا ئىلىپ ماڭدىم. لىكىن ئاچچىقىم ياندىغاندەك ئەمەسىدى. ماڭا سالغان مۇشۇ جاپاسىغا يارىشا دەردىنى تارتسۇن، بىشىنىڭ زەخىملەنگەن يىرى راسا بىر ئاغرىسۇن دىگەندەك، تاكسىمۇ توسماي، بەك ئالدىراپمۇ كەتمەي، ئۇنى ھاپاش قىلغان ھالدا دوختۇرخانىغا ئىلىپ باردىم. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ساق تۇرۇپمۇ ئەقلىدىن ئازىدى-غان، ئۆزىمۇ سەزمەيلا كونتروللىقنى يوقىتىپ قويىدىغان چاغلىرى بولسا كېرەك. شۇ چاغدا قانداق بىر تەلۋە ھېسسى-ياتنىڭ ۋەسۋەسىسىدە مۇشۇنداق پوزىتسىيەدە بولغىنىم ئۆ-زۈمگىمۇ بىر سىر. پىلنىمۇ ئوسۇرۇپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، دىيىشىدۇ كىشىلەر، ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ سەۋەن-لىكلىرىنى ئاقلاپ. لىكىن مۇشۇنداق ھالقىلىق ۋە نازۇك پەيتتە ئوسۇرۇپ قويىدىغان پىلنى قانداقمۇ پىل دىگىلى بولسۇن؟!

— ئەھۋال ئىغىر، مۇئەللىم، — دىدى جىددىي قۇتقۇ-زۇش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچۇم، CT تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى تەپسىلي كۆرۈپ چىققاندىن كىيىن، — بىشىنىڭ يان تەرىپىدىكى ماۋۇ كىچىك سۆڭەك سۇنۇپتۇ. دەرھال بالنىستقا ئالايلى. بۈگۈن كىچە بۇ بالا ئۈچۈن خەتەرلىك بىر سىناق. جىددىي تۇتمىساق، ئۇ مېڭە پارالىچى بولۇپ قىلىشى مۇمكىن، پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ قىلىش ئىھتىماللىقىمۇ بار. بۈگۈن كىچە سىلى زادىلا ئۇخلىمىسىلا. بالىنى ھۇشيار-لىق بىلەن كۆزەتسىلە. مۇشۇنداق ۋاقىتتا قاتتىق قىززىيدى-غان، كۆڭلى ئىلىشىپ ياندۇرىدىغان بىر ئىش بار. قىزىسا ئۇنىڭغا ئامالىمىز بار. ئەگەر بالا زادىلا ياندۇرمىسا، ئىلا-ھىم شۇنداق بولسۇن، بۇ سىلىنىڭ تەلەيلىرى...

دوختۇرنىڭ بىشارەتلىرى بەكلا قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى. بۇنى ئاز دەپ، بالامنىڭ بىشى ئاق داكىلار بىلەن مەھكەم تېڭىۋېتىلگەنىدى. بۇ ھال مىنى تېخىمۇ قورقۇنچقا سالاتتى.

شۇ كىچە تازىلىق ئۆيىگە كىرىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ چىققىنىمنى، ئۆزۈمنى مىڭ قېتىملاپ ئەيىبلەپ ۋە خىيالىمدا مۇشتلاپ چىققىنىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

ياراتقۇچىغا مىڭ قېتىملاپ شۈكرىكى، بالام كۆپ قىزى-مىدى، ياندۇرمىدى. ئۆزاق ياتمايلا تولۇق ساقىيىپ كەتتى.

بەلكىم بۇ، تەقدىرنىڭ قاتتىق سىنىغىنىدۇر.

بەلكىم بۇ، تەقدىرنىڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرغىنىدۇر.

بەلكىم بۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرىمىزنىڭ بەخت — تەلىيى-نىڭ بولغانلىقىدىنىدۇر.

مۇشۇ ئىش تىلغا ئىلىنسىلا، بالامىمۇ ئۇنى يىڭىچە بىر نۇقتىدىن ھىكايە قىلىشقا باشلايتتى:

— تالاغا چىقىشىم بىلەنلا، بىرمۇنچە بالىلار: «تۇنۇگۈن ئورناتقان چىنىقىش ئۈسكۈنىلىرىگە چىقىپ ئوينايمىز» دەپ يىغىلىپ مىڭىشتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ يەردە بەلنى قاتلايدىغان، پۇتنى چىنىقتۇرىدىغان، ئىسىلىپ موللاق ئاتىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى باركەن. ئۇنى — بۇنى ئويناپ بېقىپ، ئاخىرىدا چوڭ ئادەملەرنىڭمۇ بويى يەتمەي-دىغان ئىگىز بىر قوش تورنىكنىڭ ئاستىغا بىرىپ قالدۇق. «كىم ئىسىلالايدۇ، كىم ئۈستىگە چىقالايدۇ» دىگەن گەپلەر بولۇندى. مەندىن چوڭ بىرقانچە بالا ئارقا — ئارقىدىن ئىسىلىپ چىقتى. ئۈستىدە بىردەمدىن تۇرۇپمۇ چۈشتى. مەن بىلەن تەڭ بالىلار چىقالماي تۇرۇپ قالدۇق. شۇ چاغدا چوڭ بالىلار بىزنى زاڭلىق قىلغىلى تۇردى. شۇڭا، مىنىڭ بىر چىقىپ باققۇم كىلىپ قالدى. ھەرقانچە ئىگىز سەكرىگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا قولۇم يەتمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. سەكرەپ چىقالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يان تۈۋرۈكىدىن — ئىنچىكە، ئىگىز تاق تۆمۈردىن يامىشىپ چىقتىم. ئاسانلا چىقتىمكىن دەپ قالماڭ، بەك تەستە ۋە ئۆزاقتا چىقىپ بولدۇم. ئۈستىگە چىقىپ بولۇپلا پەسكە قارىسام، ئۇنىڭ ئىگىزلىكىدىن بىشىم قىيىپ كەتتى.

بەكلا قورقتۇم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە خېلى ئۇزاق
تۇرۇپ باقتىم. لېكىن بەرىبىر پەسكە چۈشمىسەم بولمايتتى.
بايا چىققان يېرىمدىن چۈشۈشكە كۆزۈم يەتمىدى. ئۈستىدە
تۇرۇپ ئۇ تۆمۈرگە ئېسىلىپ بولغۇچە پەسكە سىيرىلىپ
چۈشۈپ كېتەتتىم. قانداق قىلسام بولار؟... بېشىم قاتتى.
پەستىكى باللارمۇ مېنى قورقۇنچاقلىقتا ئەيىبلەپ، كەمسىتىپ
تۇرۇۋاتاتتى. بىر هازادىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم:
يامىشىپ چىققان يان تۆمۈردىن سىيرىلىپ چۈشۈش چارى-
سىدىن ۋاز كېچىپ، قوش تورنىكنىڭ ياللداپ تۇرغان توغ-
را تۆمۈرگە ئېسىلىپ تۇرۇپ پەسكە ساڭگىلىدىم. جىددىي-
لىشىپ كەتكىنىمدىن بەك كۆچەۋەتكەن بولسام كېرەك،
گەۋدەم قاتتىق پۇللاڭشىپ، بىر قولۇم تورنىكتىن ئاجراپ
كەتتى. تورنىكنىڭ مۇزدەك سوغۇق تۆمۈرىنى تۇتۇپ تۇ-
رىۋاتقان يەنە بىر كىچىككىنە قولۇمنىڭ ھەريانغا تەۋرىنىپ
تۇرىۋاتقان بەدىنىمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ماجالى يەتمەيۋا-
تاتتى. گەۋدەم بىلەن پەسكە تاشلىنىپ ۋە ھەر تەرەپكە
پۇللاڭلاپ تۇرغان يەنە بىر قولۇمنى، ئۆزۈم بىر قولۇمدا
تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان تورنىكقا قايتا ئالالىشىم مۇمكىن ئەمە-
سىدى. ئۆزۈمنى قويۇۋەتسەم تېخىمۇ بولمايتتى. مۇشۇ ھال-
دا يەرگە سەكرىسەم بەكمۇ قاتتىق چۈشۈپ كېتەتتىم. قانچى-
لىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىردىنلا قوش تورنىكنىڭ يەنە بىر
تۆمۈرگە كۆزۈم چۈشتى. ئاخىرقى قېتىم تىرىشىپ باقاي،
بەدىنىمنىڭ مۇشۇ تەۋرىنىشىدىن پايدىلىنىپ، پاراللىل تۇر-
غان يەنە بىر تۆمۈرگە ئېسىلىۋالاي دەپ ئويلىدىم. شۇ
مەقسەتتە قاتتىق بىر كۈچەپ، بەدىنىمنى جان - جەھلىم بى-
لەن ئىرغىتتىم ۋە پۇللاڭشىپ تۇرغان يەنە بىر قولۇمنى ئۇ-
زۇم كۆزلىگەن تۆمۈرگە ئۇزارتتىم. لېكىن تەلىيىم يوقكەن،
دادا. يەنە بىر تۆمۈرگە ئېسىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئېسىلىپ
تۇرغان يەنە بىر قولۇممۇ تۆمۈردىن ئاجراپ كەتتى. ئۇ-
زۇمنى جۇڭقۇرالماي، خۇددى چۈش كۆرگەندەكلا پۇتۇم
ئۈستۈن، بېشىم تۆۋەن ھالەتتە يەرگە چۈشۈپ كەتتىم. بې-
شىمچىلاپلا چۈشتۇم. ئاۋۋال «گۇپ!» قىلغان ئاۋازنى
ئاڭلىدىم. ئارقىدىنلا بېشىمنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى سەز-
گەندەك بولدۇم. باللار چۇلدۇرلاشتى. يەر - زېمىن پىر-
قىرىدى... ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق. بېشىم
قاتتىق ئاغرىپ، يىغلاپ ئويغانسام، دوختۇرخانىنىڭ كارىۋى-
تىدا يېتىپتىمەن. يېنىمدا سىز، ئاپام...

بالام شۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىزلىكتىن بەكلا قورقۇپ كەت-
كەن بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئويۇنلىرىدا تولىمۇ
ئېھتىياتچان ھالەتتە يۈردى. بۇرۇنقىدەك تام ئۈستىگە چى-
قىۋالىدىغان، ماشىنا، موتوسىكلىتلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگ-
رۈيدىغان، مەندىن سورىماي سىرتلارغا قېچىپ كېتىدىغان
ئىشلارنى قىلمايدىغان بولدى. يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال
شۇ ئىدىكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆيدە كىتاب ئوقۇش
ۋە رەسىم سىزىشقا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قىزغىنلىق بىلەن
كىرىشىپ كەتتى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە سىدام سىزما مەش-
قىدىن ھالقىپ، دۇغ بوياق سىزما مەشىقىگە كىرىشەلىدى.

ئۇنىڭ ئۆزى سىزىۋاتقان رەسىمگە ھۇزۇر ۋە مەمنۇنى-
يەت بىلەن قاراشلىرى، گويا داڭلىق رەسساملاردەك رەسىم
سىزىقلىرى ئۈستىدە قېرىنداش ياكى پەلكۈچنى ئەپچىللىك
بىلەن ئوينىتىشلىرى مېنىڭمۇ ھەۋىسىمنى قوزغايتتى. بالامغا
قاراپ مېنىڭمۇ رەسسام بولغۇم كېلىپ كېتەتتى. رەسساملىق-
نىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگەن بولسام، رەڭ، سىزىقلارنى بالامغا
ئۆزۈم ئۆلگە كۆرسىتىپ سىزىپ بەرگەن بولسام، بالامنىڭ
رەسىم سىزىۋاتقان مۇشۇ ئوماق تۇرقىنى ئۆز قولۇم بىلەن
سىزىپ چىققان بولسام... دەپ خىيال قىلاتتىم.

ئۇنىڭ ھەرقايسى دەرسلەردىكى نەتىجىسى مېنى تېخى-
مۇ خۇشال قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزۈمگىلا ئوخشاپ كېتىدىغان
چىرايىغا ھەر قارىغىنىمدا، كەلگۈسىدىكى ياراملىق بىر ئىلىم
ئەھلىنى، ئۇيغۇر رەسساملىقىدىكى يېتۈك بىر ئىزباسارنى
كۆرگەندەك بولاتتىم.

— ئاپامدىن ئاڭلىسام، مېنى تاشلاپ ئۇرۇمچىگە كېتى-
دىغان بوپسىزغۇ؟

بىر كەچلىكى، يېتىشتىن بۇرۇن شۇنداق سوراپ قالدى
بالام تۇيۇقسىزلا. ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىپ قالمىسۇن
دەپ، يۆتكىلىش ئىشىمنى ئۇنىڭدىن سىر تۇتۇپ كېلىۋاتقا-
نىدۇق.

— تاشلاپ كېتىدىغان ئىش ئەمەس، خىزمىتىم يۆتكىلى-
دىغان بولدى.

— ھەممىسى بىر گەپ. ئەمدى مېنىڭ يېنىمدا يېتىشىپ
بېرىدىغان ئادەم يوق. ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغان دا-
دام يوق. باللار بوزەك قىلسا، مانا مەن بار دەيدىغان
ھېچكىمىم يوق... شۇنداقمۇ دادا؟

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ مېنى بىردىنلا يىغا تۇتۇپ
كەتتى. ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ۋە ئاددىيلا جاۋاب بەردىم:

— مەن يەنە كېلىپ- كېتىپ تۇرىمەن.

مۇشۇ گەپنى دەۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاۋاتقان-
لىقىغا كۆڭلۈم غەشلىك بىلەن قاراپ قالدىم.

ــ ئۇ يەردىمۇ دەرس ئۆتەمسىز؟

ــ ياق، يازغۇچى بولىمەن.

ئۇ بىر هازا جىمىپ كەتتى. مەنمۇ ئۈن ـ تىنسىز ياتتىم. بالام ئۇخلىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ يەنە تۇيۇقسىزلا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ مەن ياپونىيەگە بارالمايدىغان ئوخشايمەن، دادا.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا ئىچ ـ ئىچىمگە ئاغرىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يىغا كىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇنداقتىمۇ، سەۋرچانلىق بىلەن سورىدىم.

ــ نېمىشقا، بالام؟

ــ دەرسلەرنى بۇنداق چۈشۈنەلمەي مېڭىۋەرسەم، رەسىم سىزىشتا مىلىك ياخشى بولسامۇ بەربىر ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەيمەن. ئالىي مەكتەپكە بارالمىسام، غازى ئەمەتتەك داڭلىق رەسسامۇ بولالمايمەن. ياپونىيەلىك ھېلقى ئاكاش داڭلىق رەسسام بولمىغان ئادەم بىلەن قانداقمۇ كۆرۈشسۇن.

ــ دەرسلەرنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسىز. سىزنى غازى ئەمەت بىلەن چوقۇم كۆرۈشتۈرىمەن.

ئېغىزىمدا شۇنداق دەۋاتقان بولسامۇ، بالامنىڭ مەيۈسلىنىشى مېنى قاتتىق بىئارام قىلماقتا ئىدى.

يەنە نېمىلەرنى دېدىمكىن، بىرمۇنچە تەسەللىيدىن كېيىن ئۇنى ئۇخلىتىپ قويدۇم. بىراق، مېنىڭ ئۇيقۇم ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، تېلېۋىزور كۆرگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئوغلۇم ئادىتى بويىچە قېرىنداش بىلەن ئاق قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر جىجاپ ئولتۇراتتى. روھىي ھالىتىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكى چىرايىدىنلا چىقىپ تۇرىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن گەپ سوراي دەيتتىم-يۇ، يەنە دىققىتى چېچىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتىم.

ئارىدىن تەخمىنەن 20~ 15 مىنۇتچە ئۆتكەندە، ئۇ بىر پارچە قەغەزنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى.

ــ ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭا دادا، كىمگە ئوخشاپتۇ.

قەغەزنى قولۇمغا ئالدىم ـ يۇ، ۋارقىراپ تاشلىدىم. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مېنى تېز سىزما شەكلىدە سىزىپ ئوخشىتىۋەتكەنىدى.

ــ ۋاي بۇ مەنغۇ. ماڭا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپتىغۇ. ۋاي جېنىم بالام، ۋاي تاتلىق بالام، ۋاي رەسسام بالام. سىزگە بارىكاللا، ئاپىرىن. سىزنى رەسىم كۇرسىدا ئوقۇتقىنىمغا، بۇنىڭ ئۈچۈن خەجلىگەن پۇللىرىمغا رازىمەن!

ئۇنى قۇچۇقۇمغا ئېلىپ سۆيدۈم. باش ـ كۆزلىرىنى سىلىدىم. يېنىشلاپ، تەكرار-تەكرار ماختىدىم. دوست ـ يارەنلىرىم، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمگە كۆرسىتەي دەپ، ئۇنىڭ تېز سىزمىسىنى يانفونۇم بىلەن شۇ يەردىلا سۈرەتكە تارتىۋالدىم.

ــ سىز ئۈرۈمچىگە كېتىسىز. سىزنى كۆرگۈم كەلگەندە مۇشۇ رەسىمگە قاراپ قويارمەن.

ــ مەنمۇ سىزنى كۆرگۈم كەلسە، سىز سىزغان مۇشۇ رەسىمگە قارايمەن بالام.

ئۇ شۇنداقلا دېدى. ماختاشلىرىمدىن ئارتۇقچە خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى. خۇددى پىشقان ئادەملەردەك، ۋۇجۇددىنى ئېغىر ئازاب چىرمىغان كىشىلەردەك ئىپادىسىز ھالدا تۇرۇپ قالدى.

مەنمۇ شۇنداقلا دېدىم. شۇ گەپنى دەۋېتىپ، مېنى ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتۇپ كەتتى. مۇشۇ تاپتا ئاپام ھايات بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قانغۇدەك بىر يىغلىۋالغان بولاردىم.

ــ دادىڭىزنى تالاغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويامسىز؟ ــ دېدى ئايالىم، مەن ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا ئوغلۇمغا قاراپ.

ــ چىقمىسامۇ بولار.

خوشياقمىغاندەك بىر قىياپەتتە شۇنداق دېدى ئۇ ۋە ئارقىدىنلا ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، لېۋىمگە، يۈز ـ كۆزلىرىمگە قاتتىق ۋە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆيدىيۇ، دېگىنىدەك قىلدى ــ مېنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقمىدى.

مېنى ئايرودۇرۇمغا ئاپىرىپ قويىدىغان ماشىنىغا چىقىپلا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆيىمىزنىڭ يولغا قارايدىغان دېرىزىسىگە كۆز تاشلىدىم. قارىدىمىيۇ، يۈرىكىم ئېغىپ كەتكەندەك بولدى: دېرىزە تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان ئوغلۇم، مەن ئولتۇرغان ماشىنىغا قارىغىنىچە كۆز ياشلىرىنى ئېيتماقتا ئىدى.

كىچىك ئابباسنىڭ يىغلاشلىرىغا چوڭ ئابباس چىداپ تۇرالىسۇنمۇ.

شۇئان دىماغلىرىم ئېچىشتى. بوغۇزۇمغا ئاچچىق ۋە يېقىمسىز بىر نەرسە كەپلەشتى. چاناقلىرىمغا لىققىدە تولۇپ كەتكەن ياش كەلكۈنىنىڭ كۆزەينىكىم ئاستىدىن تېشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى بەلكىم شوپۇرمۇ كۆرۈپ قالغاندۇر ...

2015 ـ يىلى7 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى



# پەرزەنت تەربىيەسى ۋە مەۋجۇتلىقىمىز

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

«شۈبھىسىزكى، بىز ئامانەتنى ئاسمانلارغا، زېمىنغا ۋە تاغلارغا تەكلىدۇق، ئۇلار ئۇنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئۇنىڭ (ئېغىرلىقىدىن) قورقتى، ئۇنى ئىنسان ئۈستىگە ئالدى.»

ساماۋى دەستۇرلىرىمىزدىكى بۇ ئىبارىلەرنى ئوقۇغاندا، ئىنسانىي كامالەت ۋە مەسئۇلىيەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا پاتىمىز. ئۇنتۇلۇپ قېلىۋاتقان ئامانەتلەر ۋەزنىنى ئېسەنكىرەش ئىچىدە ئەسكە ئالىمىز. ھاياتىمىز، ياشلىقىمىز، مال - دۇنيارىمىز، ۋاقتىمىز... ئائىلە مانا شۇلار قاتارىدىكى بىر ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ ئامانەت. مەيلى تارىخنىڭ سارغايغان بەتلىرىنى ۋاراقلايلى ۋە ياكى بۈگۈنىمىزنىڭ بىر شاھىد رېئاللىقىغا نەزەر سالايلى، كۆرگىنىمىز شۇكى، ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش، پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولۇش، ئائىلىسىگە مەسئۇل بولۇش روھى ئومۇملاشقان جەمئىيەت بەخت ۋە تەرەققىياتقا ھامىي جەمئىيەت. بىلگىنىمىز شۇكى، ئائىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان كىشىلەرگە تەقدىرنىڭ سۇنغىنى غالىپلىق قىسمىتى بولسا، ئامانەتنى زايە قىلىۋەتكۈچىلەرنى كۈتۈپ تۇرغىنى ھەسرەت - پۇشايمان ۋە زاۋاللىق. چۈنكى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ قۇدرىتى، مىللەتنىڭ ئىززىتى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ساغلام ئەقىدە، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە، ئىلىملىك پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ساپالىق ئائىلىگە باغلىق بولىدۇ.

ئائىلە بىزنىڭ كىچىك ۋەتىنىمىز، ئائىلە بىزنىڭ دەخلىسىز قورغانىمىز، ئائىلە ئەۋلادنى ئەجدادقا تۇتاشتۇرىدىغان يىلتىزىمىز. ئۈمىد - ئارزۇلىرىمىز ئائىلىدە چېچەك ئاچىدۇ، مەنزىلىمىز قۇياشقا يېتىدىغان ئۇل - ئاساسىمىز ئائىلىدە قۇرۇلىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بىزگە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا ئائىلە تەربىيەسىنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ھەر - بىرىمىزدىن ئائىلىگە نىسبەتەن ئەستايىدىل ۋە جىددىي مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا. بۇ زۆرۈرىيەت مەركىزىدە كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان پەرزەنت تەربىيەسى تۇرماقتا. دىيانەتنى ئېغىزدىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىدا ئىپادىلەشتەك ماھىيەت-

كە چۆكەلگەن كىشى ئۆچۈن پەرزەنت تەربىيەسى ئاجايىپ ئۇ-
لۇغ بۇرچ. ئۇنىڭ بۇرچلا ئەمەس، يەنە پاراسەت ۋە سەۋر
تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش نۆ-
ۋەتتە بىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەر قانداق بىر مەسىلىدىنمۇ
مۇھىم تىپا. بۇ تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىگەللىگەن كەسپىي بىلىم-
لىرىمىز، ئىلمىي ئۇنۋانلىرىمىز، ئىش ئورۇنلىرىمىزدىنمۇ ئاۋۋال
ئۆگەنمىسەك، بىلمىسەك زادى بولمايدىغان ئەڭ مەنپەئەتلىك
ئىلىم. چۈنكى كۆچلۈكلەر مەنتىقىسى بازار تاپقان يەر شارلى-
شىش دولقۇنىدا يارامىلىق ئەۋلاد دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزىدۇ،
مەۋجۇدلۇق ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قالىدۇ، تارىخنىڭ
سەلتەنەتلىك بەتلىرىنى ئاچىدۇ.

ئىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى رىقابەت ۋە خىرىس ماھىيەتتە
ئەقىل ـ پاراسەت ۋە پەن ـ تېخنىكىدىكى قۇۋۋەتكە ھامىلدار
بولالىغان ياكى بولالمىغان ئەۋلاد تەربىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى
رىقابەتتۇر. دۇنيا سەھنىسىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە نەزەرد-
مىزنى ئاغدۇرساقلا شۇنى كۆرىمىزكى، مائارىپقا ئەھمىيەت بې-
رىش دۆلەتنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىگە قويۇلغان. ئاتا ـ ئانىلار،
ئوقۇتقۇچىلار بولسا پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدىكى ئىلمىي تەت-
قىقات ۋە يەكۈنلەرنىڭ ئاڭلىق ئىجراچىلىرىغا ئايلانغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا ئېتىقاد، مەدەنىيەت، ئەخلاق ـ
پەزىلەت خۇرۇچلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئائىلە تەربىيە ئەندى-
زىسىنى بەرپا قىلىپ، پەرزەنت تەربىيەسىنى مۇھىم ئورۇنغا قو-
يۇپ كەلگەن. پەرزەنتلەرگە دىيانەت، ئادىمىيلىك، شەرمى ـ
ھايا، غۇرۇر، ۋاپا، ئىلىمگە شەيدا، يۇرتقا پاسبان بولۇشتەك
ئېزگۈلۈكلەرنى سىڭدۇرۇپ، ئەجدادنى ئەۋلادقا تۇتاشتۇرۇپ،
زامانىنى زامانغا ئۇلىغان. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «پەزىلەتسىز، ياخشى تەربىيە
كۆرمىگەن ئادەمدىن بەخت، دۆلەت كېتىدۇ» دەپ يازغىنى-
دەك، كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى دۇنيا قاراش ۋە پەلسە-
پىۋى مۇھاكىمىلەردىن تەلىم ـ تەربىيەنىڭ قىممىتى ۋە پەر-
زەنت تەربىيەسىنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى تەلقىنلەر ئاڭلىنىپ
تۇرىدۇ.

ياۋروپالىقلارنىڭ ئىنسانىي قىممەت ۋە ئەركىنلىك پىرىنى-
سىپى ئاساسىدا تۈزۈپ چىققان ئىنسان ھوقۇقى ۋە شۇنىڭغا
ياندىش باللار ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىز ئۈچۈن ناتونۇش ئە-
مەس، چۈنكى بىز مىڭ يىللار ئىلگىرىلا پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ
ئانا ئۈستىدىكى ھەقلىرى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنت ئۈستى-
دىكى ھەقلىرى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بېكىتىلگەن
ئىلاھى چاقىرىققا قۇلاق سالغانمىز. قولىمىزدا ئەڭگۈشتەر بار،
ئەمما ئۇنى توپا باسقان. يوللىرىمىزنى يورۇتۇشقا، قەدەملى-
رىمىزنى رۇسلاشقا يېتەرلىك نۇرنى كىشىلىرىمىز ئەڭگۈشتەر-
دىن ئەمەس، جىن چىراقلاردىن ئىزدەپ يۈرمەكتە. تەن ئالى-
مىزكى، ئالدىغا قويۇلغىنى ھەر قانچە ئۇلۇغ ھەقىقەت بولسى-
مۇ، ئۇنى ئۆز ئىدىئولوگىيەسى، ئىش ـ ھەرىكەت مىزانلىرىغا
سىڭدۈرمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئۇ كىتابلار شۇنداقلا ئوقۇپ
قويىدىغان نەزەرىيەگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«تەربىيە» ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئەسلى
مەنىسىدىن ئالغاندا، بىر شەيئىنى پەرۋىش قىلىپ، ئاستا ـ
ئاستا كامالەتكە يەتكۈزۈش، دېمەكتۇر. مۇھەببەت نۇقتىسىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان خالىس ۋە
شەخسىيەتسىز مۇھەببىتىنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر. ئاتا ـ ئانىلار-
نىڭ نىيەت ئىقبالىغا كۆرە، بالام چوڭ بولسا ئالىم بولىدۇ،
دوختۇر بولىدۇ، كاتتا ئادەم بولىدۇ دەپ گۈزەل ئارزۇلارنى
تىلىمەيدىغان بىرمۇ ئاتا ـ ئانا يوق. بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە
خاس ئورتاق سۆيگۈ ۋە تىلەك. ئەگەر مۇشۇ مۇھەببەت ۋە
تىلەك بىلەنلا پەرزەنت تەربىيەسىدە ئۇتۇق قازانغىلى، يۈرەك
پارىلىرىمىزنى بەختلىك قىلغىلى بولسىدى، بىز ئالتۇن مېدالغا
لايىق ئاتا ـ ئانىلارغا ئايلانغان بولاتتۇق. ئەمما تارىخنىڭ
يەكۈنى شۇكى، بۇ مۇھەببەت ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈل-
گەن مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. بۇ مۇھەببەت بۇرچ ۋە مەس-
ئۇلىيەت بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. بۇ
گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا پاراسەت ۋە
سەۋر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەربىيە بىلەن ياندىشىشى
كېرەك. مانا شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانا تەربىيەلىگۈچى دېگەن نام-
غا لايىق بولىدۇ، ماڭغان ئىزىدىن گۈل ئۈنىدىغان ئەۋلادلارنى
يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەننى گۈلگە پۈركەيدۇ.

ئەگەر مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى-
دىكى پەرزەنت تەربىيەسىگە نەزەر سالساق، بىئارام بولماي
قالمايمىز. ئەتراپىمىزدا باللىق بولۇشنى ئاتا ـ ئانىلىق لايا-
قەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىدىغان، تەربىيە ئىلمىدىن خەۋەرسىز تالاي
ئاتا ـ ئانا بار. بالىسىنى مەكتەپكە بەرگەنلىكىنى ئىشىنىڭ پۈت-
كەنلىكى ھېسابلاپ، بالىنى ئاتا ـ ئانىلا بېرەلەيدىغان ئەڭ
زۆرۈر ئادىمىيلىك تەربىيەسىدىن مەھرۇم قىلىپ، بارماق چىش-
لەۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار بار. ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ ئۆز نۆۋى-
تىدە يەنە قۇربان بېرىشتىن دېرەك بېرىدىغان بۇرچ ئىكەنلى-
كىنى چۈشەنمەي، شەخسىي ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرى ئۈچۈن
پەرزەنتلىرىنى يېتىملىك، تەربىيەسىزلىك كوچىسىغا تاشلاۋاتقان
كالتە پەم ئاتا ـ ئانىلار بار.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان داڭلىق تاتار ئالى-
مى، پېداگوگ رىزائىددىن ئىبنى فەخرۇددىن ئۆزىنىڭ ئائىلە
ۋە ئەخلاق ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىلىرىدە پەرزەنت
تەربىيەسى ھەققىدە مۇنۇ قۇرلارنى يازغان: «بالا ـ يۈزىگە
ھەر تۈرلۈك نەقىش چۈشۈرمەك مۇمكىن بولغان قىممەت با-
ھالىق جەۋھەر ياكى ھەر نەرسە يېزىشقا قولاي بولغان ئاق
قەغەزدۇر»، «بىز كىيىم تىكتۈرمەكچى بولغىنىمىزدا ماھىر
تىككۈچىلەرنى ئىزدەيمىز، بىز بىر خادىم ياللىغىنىمىزدا ئۇنىڭ
مىجەز ـ خۇلقىنى مۇھىم بىلىمىز، باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرد-
مىز، مىڭ تەئەججۈپتۇركى، ئاددىي نەرسىلەر ئۈچۈن بۇنچى-

لىك كۆڭۈل بۆلمىزيۇ، كۆزىمىزنىڭ نۇرى ۋە كېلەچەك زا-
مانىنىڭ ئاتىلىرى بولمىش زاتلارنى تەربىيەلەش بابىدا ئاجايىپ
زور مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆرسەتمەكتىمىز». مېنىڭچە ئالىمنىڭ
بۇ خىتابى بۈگۈنكى كۈندە بىزگە نىسبەتەنمۇ ئوخشاشلا قا-
راتمىلىققا ئىگە.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئېغىزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان
سەبىيلەرنىڭ ئېغىزىدىكى بىزەپلىك، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەك-
تەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئەخلاقىي بۇزۇلۇش، ياش -
ئۆسمۈرلەردىكى غايىسىزلىك، بوشاڭلىق ۋە جان باقتىلىق،
ئىچىملىك، چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ ۋە ھەتتا ئەسەبىيلىشىش
دەرىجىسىگە بېرىپ قالغۇچىلارنىڭ يېشىنىڭ بارغانسېرى كى-
چىكلەشكە قاراپ يۈزلىنىشىدەك بىنورمال ھادىسىلەرگە كىم
سەۋەبچى؟! ھەقىقەتەن مەكتەپ تەربىيەسى ۋە جەمئىيەت ئات-
موسفېراسىدا بەزى كەمتۈكلەر بولسىمۇ، كۆڭلىمىزنى غەش قى-
لىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپ بىلەن جەمئىيەتكە
ئارتىپ قويالمايمىز. چۈنكى مەيلى قايسى دەۋر، قايسى جەم-
ئىيەت بولسۇن، پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ سالمىقى
يەنىلا ئائىلىگە ـــ ئاتا - ئانا زىممىسىگە چۈشىدۇ. دۇنياغا
ئاپىرىدە بولغان بالىنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرىدىغىنى ئائىلە بول-
ىدۇ، بالا تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە ئۆگىنىدۇ، تۇنجى تەربىيەنى
ئائىلىدە ئالىدۇ، مېھىر - مۇھەببەت، ئىنساب - دىيانەت، ئەدەپ
- ئەخلاقنى ئائىلىدە ئانا پەرۋىشى، ئاتا نەسىھىتىدىن ئالىدۇ. ئائى-
لىدىن ئالغان ئاشۇ خېمىرتۇرۇچ تەربىيە بىلەن ئادىمىيلىكنى قۇ-
رۇپ، ھاياتقا، جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ. ياخشى تەربىيە خۇددى بە-
دەننىڭ كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتىت كۈچىدەك بالىدا ياخشىلىقلارنى
قوبۇل قىلىپ، يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان تەبىئىي سۈزگۈچ
پەيدا قىلىدۇ. روھىدا بۇنداق تەبىئىي سۈزگۈچ شەكىللەنگەن پەر-
زەنت مەكتەپنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئېجابىي ئامىللىرىنى خۇددى ھەسەل
ھەرىسى گۈل شىرنىسىنى سۈمۈرگەندەك سۈمۈرۈۋالىدۇ - دە،
باشقىلارغا ھەسەل بېرىدۇ. سۈزگۈچتىن ئۆتمىگەن ئەخلەتلەرنى
بولسا روھىغا ۋە جىسمىغا يېقىن يولاتمايدۇ. مانا بۇ مېھرىبانلىق
سەبىر - تاقەت، شەپقەت ۋە سەزگۈرلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان
ئاتا - ئانا تەربىيەسىنىڭ شېرىن مېۋىسى ۋە ئەڭ زور ئۇتۇقى.

ئاتا - ئانا پەرزەنت تەربىيەسىگە سەل قارىغاندا بالىدا
بىز ئېيتقان تەبىئىي سۈزگۈچ شەكىللەنمەيدۇ. يامانلىق، ناچار
ئىللەتلەر روھىدا ھېچبىر مەنئىي توغانى يوق، بولغاندىمۇ
ناھايىتىمۇ ئاجىز بالىغا كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. پاجى-
ئە مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ناقابىللىقىدىن،
جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن قاقشايدىغان ئاتا - ئا-
نىلارنىڭ سانى ئاۋۇيدۇ. مېنىڭچە بالىنىڭ يامان خاھىشلارنى
يۇقتۇرۇۋالغانلىقى پاجىئە ئەمەس، بەلكى بىز تۇغۇپ بېقىپ
چوڭ قىلغان پەرزەنتىمىزدە بىزنىڭ تەسىرىمىزدىن سىرتقى
مۇھىت تەسىرىنىڭ ئۈستۈن كېلىشى ھەقىقىي پاجىئە. چۈنكى
پەرزەنتلىرىمىز جەننەتتە ئەمەس، گۈزەللىكمۇ. رەزىللىكمۇ،
ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ تەڭ مەۋجۇت بولغان ئىنسانىيەت دۇن-
ياسىدا ياشايدۇ. شۇڭا دانالار نەسىھەتلىرىدىن بىرى: پەلەكتىن
نالە قىلماي، پېئىلىڭدىن نالە قىلدۇر.

تەربىيە ھەرگىزمۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك نوقۇل ھالدىكى
پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىش پائالىيىتىلا ئەمەس،
بۇ تەربىيەنىڭ مەكتەپ ۋە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئە-
مەلگە ئاشۇرغان ئاسان قىسمى، تەربىيەنىڭ ماھىيەتلىك رولى
بالىلارنىڭ قەلبىگە ساغلام ئەقىدە، مېھىر - مۇھەببەت، ئىن-
سانىي قەدىر - قىممەت، ئەخلاق - پەزىلەت ئۇرۇقلىرىنى
تېرىپ ئۆستۈرمەك، ئادىمىيلىكنى بىنا قىلماق ۋە روھىي كاما-
لەتكە يېتەكلىمەك. مەيلى جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ قايسى
باسقۇچقا يەتسۇن، بۇنداق ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى پەقەت ئاتا -
ئانىلا روياپقا چىقىرالايدۇ. تەربىيەنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك بۇ
تەرىپى دەل بىزدە سەل قارىلىۋاتقان نۇقتا. تىلىكىمىز شۇكى،
تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەر تۇرمۇش قۇرۇش ئالدىدىكى قىز -
يىگىتلەرگە، نىكاھ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ياش ئەر - خو-
تۇنلارغا، شۇنداقلا يۈرەك پارىلىرى ئۈچۈن بەخت ئىزدەۋات-
قان ئاتا - ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ياخشى رېتسىپ
بولۇپ قالغۇسى.

بىرىنچى، پەرزەنت تەربىيەسىدىكى تۇنجى توغرا قەدەم ـــ
بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن
ئەمەس، ئەر ــ ئايال نىكاھ ئۈچۈن ئۆزىگە ھالال جۈپ ئىز-
لىگەن ئاشۇ مىنۇتتىن باشلىنىدۇ. ئەر ئۆزىگە خوتۇنلا ئەمەس،
كەلگۈسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقۇچى پەرزەنتلىرىگە ئانا
ئىزدەۋاتقانلىقىنى يادىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ئايالمۇ ئۆزى
رازىلىق بەرمەكچى بولغان ئەرنىڭ «ئۆز پادىسى» نىڭ ھال-
ىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا لاياقەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى ئوب-
دان سۈرۈشتە قىلىشى كېرەك. مانا شۇ چاغدا ئەر ئالماقچى
بولغان ئايالنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى، يۇقىرى مائاشلىق
خىزمىتى ۋەياكى قانداقتۇر پايدا - مەنپەئەتلىرىنى ئۆلچەم
قىلماستىن، پەرزەنتلىرىنى ئىككى دۇنيادا بەختلىك قىلىدىغان
دىيانىتىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ، ئايالمۇ ئەرنىڭ
بايلىقىنى، ئەمەل - مەنسىپىنى كۆزلىمەستىن، ئائىلىگە ئاقىل
رولچى، پەرزەنتلىرىگە ياخشى ئۈلگە بولالايدىغان ئەقىدىلىك،
گۈزەل ئەخلاق ساھىبىنى تاللايدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نىكاھ بۇزۇلۇپ، پەرزەنتلەر يېتىم
بولغان نۇرغۇن ئائىلىلەر بار. نىكاھى بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقان
ئائىلىلەر بار، شۇنداقلا يەنە ئائىلە دەپ ئاتالسىمۇ، ئۆز رول-
ىنى يوقىتىپ كىرىزىسكە پاتقان ئائىلىلەر بار. قارىماققا بۇ ئائى-
لىلەرنىڭ بەختسىزلىك سەۋەبى ھەر خىلدەك كۆرۈنسىمۇ،
ھەممىسىدە ئوخشاش بىر خاتالىق بار، ئۇ بولسىمۇ «سۇ بې-
شىدىن لاي» دېگەندەك، تويدىن ئىلگىرى ئەر - ئايالنىڭ
ئۆمۈرلۈك ھەمراھ ئىزدەشتىكى ئۆلچىمى توغرا بولمىغان.

بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئوغلىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ۋاپاسىز ئوغۇلنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىدىكى ھەققىنىڭ قانداق چوڭلۇقى، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشنىڭ گۇناھى كەبىرلەر جۈملىسىدىن سانىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كايىپتۇ. ئوغۇل:

ـ ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، بالىنىڭ ئاتىسىدا ھەققى بولامدۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ــ دەپتىكەن، ئوغۇل:

ــ ئۇ نېمە؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇ بولسىمۇ بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللاش، بالىغا ياخشى مەنىلىك ئىسىم قويۇش ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىش، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئوغۇل:

ــ ئەي مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئاتام بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمىغان. مېنىڭ ئانام ئەسلىدە بىر ئاتەشپەرەس كىشىنىڭ قول ئاستىدىكى قارا تەنلىك چۆرە ئىدى. دادام ماڭا جۇئەل(مەنىسى: تېزەكچى قوڭغۇز) دەپ ئىسىم قويغان. ماڭا كىتابتىن بىر ھەرپمۇ ئۆگەتمىگەن، ــ دەپتۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغۇلنىڭ ئاتىسىغا قاراپ:

ــ ئوغلۇڭ ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سەن ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىپسەن، ئوغلۇڭ سېنى قاقشىتىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنىڭغا يامانلىق قىپسەن، شۇنداق تۇرۇپ، يەنە ماڭا ئوغلۇڭدىن شىكايەت قىلىپ كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپتۇ.

مۇشۇ ۋەقەلىكنىڭ ئوخشىشى بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىنمۇ تېپىلارمۇ؟!

ئىككىنچى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇشتەك تەن ئېھتىياجىدىن ھالقىپ، مەنىۋى تەربىيەگە دىققەت ئېتىبارىنى بېرىشى كېرەك، ياخشى تەربىيە پەرزەنت ئۈچۈن ئاش ـ نان ۋە كىيىمدىن مۇھىم. بىز تەربىيەنى بالىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش دەپلا چۈشىنىدىغان، بالىغا ياخشى يېگۈزۈپ، ياخشى كىيگۈزۈپ، داڭلىق مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئاتا ـ ئانىلىق مەسئۇلىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارايدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ئۇچرىتىمىز. مەكتەپ مائارىپى ۋە خىلمۇخىل تەربىيەلەش مەركەزلىرى بالىلاردا مەلۇم قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشكە يارايدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئادىمىلىك قابىلىيەتتىن مۇھىم. ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ خىزمىتى ۋە قىممەتلىك مىراسى پەرزەنت قەلبىگە ساغلام ئەقىدە، مېھرىبانلىق، سەممىيلىك، ھەققانىيلىق، ئىنسانى قەدىر ـ قىممەت، غەيرەت ـ شىجائەت كەبى گۈزەل پەرزەنتلەرگە سىڭدۈرۈپ، مەنىۋى كامالەتكە يېتەكلەشتۇر. مانا بۇ ئىنسان بالىسىنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ماھىيەتتۇر، تەربىيەنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. ئىنسانلىق ھالاۋەت، ئادىمىلىك قىممىتىنىڭ سىرى مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن.

پەرزەنتلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە بېرىلگەن بۇ قۇۋۋەت ئۇلاردا توغرا نىشان تۇرغۇزۇپ، ئۆمۈر بويى خورىماس ئېنېرگىيەگە ئىگە قىلىدۇ. ھەق ئۇستىدە قەدەملىرىنى بەرقارار قىلىدۇ. ئېنىقكى، بۇ قۇۋۋەت بىلىم ئېلىشتىن، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشتىن مۇھىم. چۈنكى بىلىم ئىقتىدار ۋاستە، ئۇنى كىم ئۈچۈن ئىشلىتىش، نەگە ئىشلىتىش، قانداق ئىشلىتىش مەقسەت. دۇرۇس مەقسەت، توغرا نىشان يانداشمىغان بىلىمنىڭ مەنپەئەتىدىن زەرەرى كۆپ بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيەسىدە ئۆزىنىڭ ئۈلگىلىك رولىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك. دادا بىلەن ئانا بالىنىڭ تۇنجى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچكىم ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇقەددەس ئۈلگە. بالا تۇغما تەبىئىتىدىكى دوراشقا، تەقلىد قىلىشقا مايىللىقى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى دورايدۇ، يەنە كېلىپ بالىلارغا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئېغىزدىكى گەپ ئەمەس، ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت بولغانلىقى ئۈچۈن بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۈلگە قىلىدۇ. پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئەڭ نازۇك بۇ ھالقىدا ئاتا ـ ئانا مىسالى بىر ئەينەككى. قاچانلا قارىسا، ئۇنىڭدا پەرزەنتنىڭ سىماسى كۆرۈنىدۇ، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئۈلگە قوبۇل قىلىدىغان ئەڭ چوڭ نەمۇنە.

شۇڭا ئاتا ـ ئانا ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىغا دىققەت قىلىشى، دېگىنى بىلەن قىلغىنىنىڭ بىردەك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بالىسىدىن ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئەخلاق مىزانلارنىڭ ئىجراچىسى بولۇشى كېرەك، بالىغا يالغان سۆزلىسەڭ بولمايدۇ دەپ ئۆزى يالغان سۆزلىسە، ياخشى ئوقۇش ھەققىدە بالىسىغا ۋەز ئېيتىپ، ئۆزى ئايلاپ ـ يىللاپ قولىغا كىتاب ئالمىسا، ۋاقىتنى قەدىرلەش ھەققىدە توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ، ئۆزى سائەتلەپ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن قوپالمىسا، بۇنداق ئەمەلىيىتى يوق ئاغزاكى تەربىيەنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ.

ئاقمايدۇ بالا ئالدىدا ئاتا سۆزى،
ھالۋا يېمە دېسە يەپ تۇرۇپ ئۆزى.

دېگەندەك بالا سۆزنىڭ ئەمەس، ھەرىكەتنىڭ دورىغۇچىسى بولۇپ چىقىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئاتا ـ ئانا پەرزەنت تەربىيەلەشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى تەربىيەلىشى، پەرزەنتىدىن تەلەپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدە شۇ سۈپەتنى ھازىرلىشى كېرەك. پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ئەڭ ئاسان ئۇسۇل شۇكى، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەرزەنت ھامان ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.

تۆتىنچى، ئاتا ـ ئانىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت قارىغۇلارچە

ئەمەس، ئېتىقاد، ئىلىم بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنىڭ تۇگىمەس جاپالىرى، سانسىز ئاۋارىچىلىقلىرىنى خۇشاللىق بىلەن مىننەتسىز ئۈستىگە ئېلىۋاتقان ئاتا - ئانىنىڭ پىداكارلىقىنى پەقەت ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان خالىس، شەخسىيەتسىز، پايانسىز مۇھەببىتى بىلەنلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بۇ تەبئىي، تۇغما مۇھەببەت پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مۇنبەت تۇپراق. ئەمما بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ئۇرۇقنى زىياندىاش ھاشاراتتىن، تۇرلۇك ئاپەتلەردىن ساقلايدىغان، ئۇرۇقنىڭ تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئوزۇقلىنىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئوغۇت كېرەك. بۇ ئوغۇت ئاتا - ئانىلىق مۇھاببەتكە يۇغۇرۇلغان، ھامان بىر كۈنى ھېساب بېرىدىغان پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئامانەتكە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتتىدۇر. بۇ ئوغۇت چوقۇم ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان پەرزەنت تەربىيەسى ئىلمىدۇر. ئاتا - ئانىلىق مۇھەببەت مۇشۇ ئىككى جەۋھەر بىلەن يۇغۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ۋايىغا يېتىدۇ. پەرزەنتنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان جاپالىرىنىڭ ھالاۋىتىدىن يۈزلىرى نۇرغا، مەمنۇنلۇققا تولىدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى، قىزىقىشى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆگەنمىسە بولمايدىغان ئىلىم — پەرزەنت تەربىيەسى ئىلمىدۇر. بالىلارنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتى، مىجەز - خاراكتېر ئۆزگىرىشلىرى، روھىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى، قىزىقىش - ھەۋەسلىرىنى بىلىش ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىش ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇسىدەك يارامىلىق پەرزەنتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاتا - ئانىلار دىپلوم، ئۇنۋان، ئىش - ئوقتى، چېكىدىن ئاشقان ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىجتىمائىيلىق ئۈچۈن تالاي ۋاقتىنى ئاجرىتىدۇ ۋە بۇنى قىلمىسا زادى بولمايغان زۆرۈر ئىشلار دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھاياتىدىكى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىۋاتقان ئاتا - ئانىلاردىن قانچىلىكى مەڭگۈلۈك بەختكە چېتىلىدىغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىۋاتىدۇ؟ بالامنى تەربىيەلەشتە ئەگرى يولدا مېڭىپ قالماسلىق ئۈچۈن ماۋۇ كىتابلارنى ئوقۇي، ماۋۇ ماتېرىياللارنى ئۆگىنەي، ماۋۇ لېكسىيەلەرنى ئاڭلاپ باقاي دەيدىغان ئاتا - ئانىلار قانچىلىك؟ «بارلىقىمىز پەرزەنت ئۈچۈن» دەۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسى ئىلمىنى بىلمەسلىكى، ئۆگەنمەسلىكى ئورنىنى تولدۇرغۇسىز خاتالىقلارغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1. مۇھەببەت پەرزەنت قەلبىنىڭ ئاچقۇچى. ئاتا - ئانا بالىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆڭلىدە ساقلاپلا قويماي، ھەر ۋاقىت بالىغا ئىپادىلەپ تۇرۇشى كېرەك. ئاتا-ئانا مۇھەببىتىنىڭ بالىلارغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىملىقى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق. ئىنسان روھىنى گۈزەللىك ۋە ئەزگۈلۈكلەرگە تولدۇرۇشتا مۇھەببەت تەربىيەسىدىنمۇ ئۈنۈملۈك دورا يوق. مۇھەببەت مۇھەببەتنى تۇغىدۇ. سۆيگۈ ۋە قەدىرلىنىش ئىچىدە چوڭ بولغان بالا سۈزۈك روھقا ئىگە بولىدۇ، بېغىشلاش روھىغا باي بولىدۇ.

2. بالىلاردا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھاياتىغا ئۇل سالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى، ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسى ئۇ ئادەمگە قەلبىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بالىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە تالانتىنى قېزىپ چىقىرىپ، ئۇلارنى ئاكتىپ روھىي ھالەت ۋە تەشەببۇسكار پوزىتسىيە بىلەن قىيىنچىلىقلارغا يۈزلىنىشكە يېتەكلەيدۇ. بالىلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاتا-ئانىلار ئاكتىپ بېشارەتلەر بىلەن بالىلارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بالىلارنى كۆپرەك ماختاش، كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش، تەنقىدلەش ئازراق بولۇش، شۇنداقلا تەنقىد ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىشتۇر. ئەرزىمەس، كىچىك خاتالىقلار ئۈچۈن بالىلارنى تىللاش، ھاقارەتلەش، «مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمىدىڭمۇ كالۋا»، «قولۇڭدىن زادى ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ غورۇرىغا تېگىش، ھە دېسىلا تاياق - توقماق كۆتۈرۈش بالىلاردا ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، جۈرئەتسىزلىك، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق قوپاللىق بالىنىڭ روھىنى ئۆلتۈرۈپ تالانتى ۋە قابىلىيىتىنى تۇنجۇقتۇرىدۇ. بۇ، دۇنيادىكى ئەڭ مەغلۇبىيەتلىك تەربىيە ئۇسۇلىدۇر. ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قىلىنغان بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا تاغدەك تالانت بولسىمۇ، ئۇ كۆمۈلگەن پېتى ئىگىسى بىلەن قەبرىگە كىرىپ كېتىدۇ.

«قانداقلىكى بىر ئائىلىدە بىر پەرزەنت دۇنياغا كېلىدىكەن، شۇ ئائىلىگە ئۇلاردا ئەسلىدە يوق بىر ئىززەت نېسىپ بولىدۇ.» (تەبەرانى رىۋايىتى)، «بالىلىرىڭلارنى ھۆرمەتلەڭلار، ئۇلارغا ياخشى ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىڭلار» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى)، «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بالىسىنى ياخشى تەربىيەلىشى ئۇنىڭ كۈنىگە يېرىم سائ (ھازىرقى ئېغىرلىق بىرلىكىدە تەخمىنەن ئىككى كىلوگىرامغا تەڭ) سەدىقە بەرگىنىدىن ئەۋزەلدۇر»، (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)، دۇنيا تېخى بالىلار ھوقۇقى دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان بىر تارىخى شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ ئالىيجاناب ئىدىيەلەر بىزنى ھاياجانغا سالىدۇ. بالىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەڭ ياخشى تەلىم - تەربىيەدىن بەھرىمەن قىلىش ھەققىدىكى بۇ تەلقىنلەر بىزنى سوراقلايدۇ.

قەلبتىن تەستىقلاش ھەقىقەت يېزىلغان قەغەز يۈزىگە كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىكىر تېرەنلىكىدىكى مەنالارنى قېزىپ چىقىرىش، تەتقىق قىلىش، ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئاندىن روھنىڭ ساداسىغا ئايلىنىدۇ. بىزدە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان ئاتا-ئانىلار قانچىلىكتۇر؟!

3. بالىنىڭ ھەر ۋاقىت ئاتا-ئانىنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇشى ئاتا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. بۇرۇنلاردا پەرزەنت تەربىيەسى ئائىلە، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە يەنە ـ تېخنىكىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى بۇخىل ئەنئەنىنى بۇزۇۋەتتى. تېلېۋىزور، رادىيو، ئۈندىدار، ئېنتېر تورى بىزنىڭ ئىرادىمىز ۋە كونتروللىقىمىزغا بېقىنمىغان ھالدا پەرزەنت تەربىيەلەشكە قاتنىشىدىغان تۆتىنچى تەرەپ بولۇپ سوقۇنۇپ كىردى. بالىلار رېئال دۇنيا ۋە مەۋھۇم دۇنيادىن كېلىۋاتقان رەڭگارەڭ ئۇچۇر، خىلمۇ ـ خىل تەسىرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

مۇشۇنداق شارائىتتا ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى بالىغا يېقىنلىشىش، بالىنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سېلىش ۋە ھەردائىم بالىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشتۇر. ئاتا ـ ئانىلار كۆپرەك بالىلار بىلەن سىردىشىشى، بالىسىنىڭ ئوي ـ خىيالى، قىزىقىش ـ ھەۋەسلىرى، خۇشاللىقى، غەم ـ قايغۇسى، دۇچ كېلىۋاتقان باش قېتىنچىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. بالىسىنىڭ كىملەر بىلەن دوستلىشىپ، كىملەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقانلىقى، تېلېفون ۋە كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش ئەھۋاللىرىنى بىلىشى كېرەك. مانا شۇندىلا ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ ساغلام ئەقىدە ۋە ئەخلاققا ئۇيغۇن ئىشلىرىنى قوللاپ، خاتا كەتكەن قەدەملىرىنى ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ياردەم بېرىپ ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بالىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش، بالىنىڭ ھەممە ئىشىغا چات كىرىۋېلىپ، بالىنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى بالىغا مۇۋاپىق بوشلۇق، تاللاش ئەركىنلىكى بېرىش ئاساسىدا نازارەت قىلىش، بالىنى ھەر دائىم دىققەت مەركىزىگە قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە بالىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىدىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار، ئىش-ئوقىتى، ئويۇن ـ تاماشاسى بىلەن بولۇپ، بالىسىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، نەلەردە يۈرگەنلىكى بىلەن كارى يوق ئاتا-ئانىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەلگۈسىمىزگە قارا سايە تاشلاپ تۇرغان قورقۇنچلۇق ئەھۋال.

4. دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق. بالىلارنىڭ دۇنيا ۋە شەيئىلەرگە بولغان گۆدەكلەرچە تونۇشى، سەبىي قەلبى بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزۈشى نورمال ئەھۋال. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ خاتالىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسىغا باغلىق مەسىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيە ئىلمىدىن قانچىلىك خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىلىق سالاھىيەت مېھىر ـ مۇھەببەتتىن باشقا، مۇھىمى بالىلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خاتالىقنى تونۇشقا ۋە تۈزەشكە ياردەم بېرىدىغان ئاقىلانىلىك ۋە سەۋر ـ تاقەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز بالىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خاتالىقلىرى ئالدىدا پەيلىنى بۇزۇپ ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتقان، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا سەت گەپلەر بىلەن بالىسىنى تىل ـ ھاقارەتكە كۆمۈۋاتقان، تاياق ـ توقماق ئىشلىتىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنى ئۇچرىتىمىز. ئەسلىدە بالىغا خاتالىقنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ ئەسەبىيلىكلىرى ئىچىدە بالا قورقۇنچ ۋە خورلۇقتىن باشقا ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايدۇ. بالىلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدەك ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ مەسىلىگە قارىتا ئاتا ـ ئانىلار خاتالىقنىڭ سەۋەبى ۋە ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى، تەنقىدنى خاتا ئىشنىڭ ئۆزىگە قارىتىشى، ھەرگىزمۇ خاتالىققا بولغان تەنقىدنى بالىغا قارىتىپ، بالىنىڭ غۇرۇرى ۋە قەدىر ـ قىممەت قارىشىغا دەز كېتىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ خاتالىق ئالدىدىكى كەڭ قورساقلىقى بالىدا مىننەتدارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. تۆۋەندە ئامېرىكىلىق يازغۇچى، مۇۋەپپەقىيەتشۇناس دېيننىس ۋايتلېينىڭ «بۈيۈكلۈك دەستۇرى» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنغان، ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلغان بىر مىسالنى ئېيتىپ ئۆتىمەن. ئىشىنىمەنكى، ۋەقەلىكتىكى دادىنىڭ بالىسىنىڭ خاتالىقىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. دېيننىس مۇنداق يازىدۇ:

قىزىم 16 ياشقا كىرگەندە، مەن بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىدىم. ئۇ مەندىن ئاشۇ يېڭى «داتسۇن» ماركىلىق «Z042» نومۇرلۇق پىكاپنى ئارىيەت ئالماقچى بولدى. مەن ئۇنى خام چوتتىن ھالقىپ مىڭ تەستە سېتىۋالغانىدىم. شۇ چاغدا سەپەرگە تەييارلانغانىدىم. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى قىزىمغا: ئاشۇ توق قىزىل رەڭلىك مۇسابىقە ئاپتوموبىلىغا ئوخشاش چىرايلىق «Z042» غا قول تەگكۈزمىگىن، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساڭا مەن باشقۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويىمەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن قول تەگكۈزمە، دەپ تاپىلىدىم. مەن ۋاشىنگتونغا بارىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇردۇم. تەبىئىي مەن قايتىپ كەلگەندە پىكاپىم تامامەن ساپساق، ئۆز پېتى تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدىم. كەچتە مەن بىر خېرىدار بىلەن تاماق يەۋاتقاندا ئۆيدىن تېلېفون كەلدى. قىزىم پىكاپنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا چىداپ تۇرالماي، ماڭا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىپتۇ. ئۇ «Z042» نى لاخۇيا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە ھەيدەپ بېرىپ، لاخۇيادىكى ئەڭ ئالىي تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ، ئوتنى تېخى ئۆچۈرمەي تۇرۇشىغا ئوتتۇرا

مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى كېلىپ، قانداقچە بۇ پىكاپقا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. قىزىم دەرھال مايغا دەسسەپ سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ساۋاقداشلىرىغا پىكاپنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ساۋاقداشلىرىدا ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپتۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ئېھتىمال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خاس ئازغىنە تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، خوتنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پىكاپ ئۇدۇللا تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، گۆھەر - مەرۋايىتلار يايمىسىنى، قاچا - قۇچىلار رايونىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دىۋان كارۋاتقا سوقۇلغاندىلا توختاپتۇ. پىكاپ كېرەكتىن چىقىپتۇ. بىراق مۆجىزە كۆرۈلگەندەك، قىزىم قىلچە زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. بىرەر مال ساتقۇچى ياكى خېرىدارمۇ يارىلانماپتۇ. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنىڭ بولماسلىقىدىكى سەۋەب بەلكىم قىزىمنىڭ ۋاقتىنى بەكلا توغرا مۆلچەرلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇ سائەت بەشتىن بىر مىنۇت ئۆتكەندە دۇكانغا ئۇسسۇپ كىرگەن. بۇ دۇكان خادىملىرى دۇكاندىن ئايرىلىپ بولىدىغان، ئىشكمۇ تاقىلىدىغان چاغ ئىدى. شۇڭا ئەينەك ئىشىك، دۇكان كەينىدىكى بىر نەچچە تاۋار جازىلار بۇزۇلغانىدى. قىزىمنىڭ تەمكىن ھالىتىمۇ يوقالغانىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئۆيگە قايتىپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ قىزىمنى يوقلىدىم. ئۇ زەخملەنمىگەن بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ كۆزىتىش زۆرۈر ئىدى.

— ناھايىتى خىجىلمەن دادا، تازا ئاچچىقىڭىز كەلدى شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاستاغىنە. ئۇ بەكلا ئازابلىنىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بەزلىدىم.

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، قوزام، كۆڭلۈم ئەمدى ئارامىغا چۈشتى. بەختكە يارىشا ھېچكىم يارىلانماپتۇ. ئۆزىڭىزمۇ شۇنداق ياخشى.

ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كۆز يېشى قىلماسلىققا تىرىشىپ تۇرۇپ سورىدى:

— مەن بۇ ئىشتىن نېمىنى ئۆگىنەلەيمەن دادا؟

— قانداق قىلىپ ھەر ئايدا پۇل تۆلەشنى ئۆگىنىسىز!— دېدىم مەن، — تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ زىيىنىنى تۆلەيسىز، يەنە ماڭا پىكاپنىڭ قالغان پۇلىنى تۆلىشىپ بېرىسىز، ئەمما سىز ئەندىشە قىلماڭ، ئۈچ يىلدا تۆلەپ بولغىلى بولىدۇ، شۇ چاغدا سىزگە قانداق پىكاپ لازىملىقىنى ئويلىشىمىز. ياخشى تەرەپكە قاراش كېرەك، سىز مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دائىر نۇرغۇن تەجرىبە ئۆگىنىۋالىسىز، - قىزىمنىڭ كۆزى يوغان ئېچىلدى، ئۇ چۆچىدى. ئەمما دەرھال ئەسلى ھالىتىگە قايتتى ۋە مەندىن باشقا مەسىلىنى سورىدى:

— ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن كېيىن سىز نېمىنى ئۆگىنىۋالىسىز دادا؟

— سىز ئۆگەنگەن ساۋاقنى - ئۈمىدسىزلىككە قانداق يۈزلىنىش، بىر خاتالىق بىلەنلا قورقۇپ يىقىلىپ كەتمەسلىكنى ئۆگىنىۋالىمەن. يەنە قەيەرگە سەپەر قىلىشىمدىن قەتئىينەزەر، پىكاپ ئاچقۇچىنى يېنىمدىن ئايرىماسلىقنى ئۆگىنىۋالىمەن.

قىزىم كېيىن راستىنلا «Z042» كەلتۈرگەن زىياننى تۆلىدى ھەم ياخشى شوپۇرغا ئايلاندى...

بىز ئىختىيارسىز ھالدا بۇ دادىنىڭ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن كۆپىنچىمىزنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇپ قالىمىز. بۇ دادا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن بالىسىغا ھېچقانداق تاپا - تەنە قىلمايدۇ. بەلكى كەڭ قورساقلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلىدۇ لېكىن خاتالىق زىيىنىنى ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسىدە قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىن، جاۋابكارلىقنى بالىسىغا ئارتىدۇ. نەتىجىدىچۇ؟ قىزى دادىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى، كەڭ قورساقلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى تونۇغان ھالدا، زىياننى تۆلەشنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بۇ ئىش جەمئىيىتىمىزدىكى بىرەر ئائىلىدە يۈز بەرسىچۇ؟ ئاتا - ئانا «مەن ساڭا دېگەن ئىدىمغۇ، شۇنچە گەپ قىلسام ئاڭلىماي، بىلگىنىڭنى قىلساڭ مۇشۇنداق بولىدۇ، تويە مانا...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تاپا - تەنىگە كۆمۈۋېتىدۇ. بالا بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ، لېكىن زىياننى تۆلەش مەسىلىسىدە ئاتا - ئانا ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، زىياننى تۆلەيدۇ. ئەپسۇس، تاپا - تەنە، زەھەردەك گەپلەردىن جاق تويغان بالىنىڭ قەلبىدە تىل نەشتىرى ۋە ھېسداشلىققا ئېرىشەلمەسلىكتىن شەكىللەنگەن بىر قەۋەت مۇز پەيدا بولۇپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ پىداكارلىقىدىن ئازراقمۇ مىننەتدار بولمايدۇ. سىزنىڭچە بالىلارنىڭ خاتالىقىغا مۇئامىلە قىلىشتا قايسى ئۇسۇل ئاقىلانە؟ قايسىسىنى ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ؟

بەشىنچى، ئاتا - ئانىلار زورلاۋانلىقتىن، جېدەل - ماجىرادىن خالىي، ئىناق، ساغلام ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئائىلە بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۇپراق. زىرائەتنىڭ ئاينىشى ساپ ۋە مۇنبەت تۇپراققا موھتاج. ئىناق، خاتىرجەم ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ ساغلام روھى ئاساس تۇرغۇزۇشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. بالىلاردا ئوچۇق - يوروق، ئۈمىدۋار، قىزغىن مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. ئەر - ئايالنىڭ ئەقىدە ۋە ھېسسىيات بىرلىكى ئاساسىدا قۇرغان ئىناق ئائىلە مۇھىتىدا بالىلار ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت، ئۆز - ئارا قوللاشتىن مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئىللىقلىقىنى، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، ھۆرمەتلەشنى، باشقىلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. كەلگۈسىدە قۇرىدىغان ئىللىق ئائىلىسىنىڭ خەرىتىسىنى قەلبىگە سىزىپ، ئائىلە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە بار بولغان بارلىق گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقلارنى سۈرتۈپ، پارقىرىتىپ نۇر چاچقۇزىدۇ.

ئەكسىچە ئۇرۇش ـ تالاش ئۈزۈلمەيدىغان خاتىرجەمسىز ئائىلە مۇھىتى بالىلارنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ خىل گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقلارنى نابۇت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە پسىخىك ساغلاملىقىغا بىر ئۆمۈر تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاجرىشىشنىڭ بالىلارغا ئېلىپ كەلتۈرىدىغان روھىي جاراھىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ يەردىكى جىنايەتچىلەرنىڭ 58% ى ئاجراشقان ئائىلىدىن كەلگەن.

نىكاھنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ھېس قىلمىغان، ئائىلە بوسۇغىسىدىن ئاتلاشنىڭ روھىي تەييارلىقىدىن خەۋەرسىز ئەر ۋە ئاياللارنىڭ خاتالىقىنىڭ بەدىلىنى يەنە بىر ئەۋلاد تۆلەيدۇ. ھەسرەتلىك يېرى، بۇ ئەۋلاتنىڭ زەخىملەنگەن بالىلىقى جەمئىيەتنىڭ تارتۇقى بولۇپ، يېڭى كىرىزىسلار پەيدا قىلماقتا.

ئالتىنچى، بالىلارنىڭ ھاياتىدا كىتاب بولسۇن.

ئەگەر پەرزەنت تەربىيىسىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدىغان ياردەمچى بار دېيىلسە، ئۇ دەل كىتابتۇر. يەنە كېلىپ كىتاب ئاقىل ۋە قابىل ياردەمچىدۇر. ماددىي پاراغەت قوغلىشىش دۇنيانىڭ رىتىمىغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە كىتاب بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مەنىۋى بوشلۇقلارنى تولدۇرىدىغان ئەڭ ياخشى تولۇقلىغۇچىدۇر.

ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇشى، ئۇلاردا كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە «ئائىلە كۇتۇپخانىسى» بەرپا قىلىشى، ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا كىتابنى سۆيۈش، كىتاب ئوقۇش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھازىر كىتابلارنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتىنىڭ ھەرقايسى ياش باسقۇچلىرىدىكى ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كىتابلارنى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، ئۇلارنى مەشھۇر ئەسەرلەر، سەرخىل كىتابلارنى ئوقۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

كىتابنىڭ رولى بالىلارغا بىلىم بېرىشلا ئەمەس، ئۇنىڭ روھىنى تاۋلاش، تەپەككۇرنى يۈكسەلدۈرۈش، مىللىي كىملىكىنى تونۇتۇش، پەزىلەت ۋە خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتىكى رولىنى ئىنسانىيەت ئىختىرالىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئوينىيالمايدۇ. ئاتا ـ ئانىلار كىتابنىڭ خاسىيىتى بىلەن بالىلارنى دۇنيادا يۇقۇملۇق كېسەلدەك چوڭ ـ كىچىك ھەممىگە يامراۋاتقان «ئېلېكترونلۇق ئېكران»لارغا خۇمار بولۇش كېسىلىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قولىدىن يېتىلەپ، كىتاب دۇنياسىغا ئېلىپ كىرەلمىگەن بالىنىڭ ۋاقتى بىھۇدە ئىشلار بىلەن لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ھاياتىغا زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ دىللارنى غەپلەتتە قويغۇچى «ئېلېكترونلۇق ئېكرانلىرى» بىلەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئويغىتىپ، بۈيۈكلۈككە باشلايدىغان كىتابلار بىلەن قۇۋۋەت ۋە زىننەت بېرىشى كېرەك.

ئاقىللاردىن بىرى مۇنداق دېگەنىكەن:

بالىلارنى تەربىيەلەش ئىشىنى ماڭا مەلۇم زامان تاپشۇرۇڭلار، مەن پۈتۈنلەي يېڭىلانغان بىر دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرىمەن». مانا بۇ تەربىيەنىڭ كۈچ قۇدرىتى. ئەگەر دۆلەت باشقۇرۇشنىمۇ چوڭقۇرراق كۆزىتىش، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق دانىشمەنلىك، مەسئۇلىيەت ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن پەرزەنت تەربىيىسىگە ئاتلانساق، بىزگە يەنە بىر گۈزەل دۇنيا نېسىپ بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

## خاتىمە

ئاتا ـ ئانىلارغا دەيدىغانلىرىم، بالىلىرىمىزدىن كۈتىدىغانلىرىم ئاق قەغەز ۋە قارا سىياھ بىلەن ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ يا سائادەت يا پالاكەتتىن دېرەك بېرىدىغان تەخىرسىزلىكى يۈرۈكىمگە ئوت ياققىلى ئۇزۇن بولدى. بۈگۈن تۈن يېرىمىدا ئەمدى يازغانلىرىمغا ھالال ئايدەك پەش قوياي دېدىم. دېمەكچى بولغانلىرىمنى، دەپ بولالمىغانلىرىمنى يۇلتۇزدەك كۆپ چېكىت بىلەن ئاخىرلاشتۇراي دېدىم. دېرىزىدىن ئاسمانغا قارىسام، بالا دەردىدە مەشىلداۋاتقان ئانىلارنىڭ يىغلاڭغۇ كۆزلىرى، ئاتىلارنىڭ قاراڭغۇلۇقتىكى خىرەلىشىپ قالغان غەمكىن كۆزلىرى ۋە تەلمۈرۈپ تۇرغان سەبىيلەرنىڭ قارا كۆزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ھەر بىرىمىز بۇ كۆزلەر ئالدىدا جاۋابكار. ئانىلىرىمىزغا تېخىمۇ كۆپ سەۋر ـ تاقەت ۋە قەدىر ـ قىممەت، ئاتىلارغا يەنىمۇ تەمكىن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئالىي ھىممەت، بالىلىرىمىزغا بۇنىڭدىنمۇ زور تىرىشچانلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بەرگەيسەن، دېدىم. مەن ھازىرچە مۇشۇلارنى ئويلىيالىدىم. مەن بىلەن دىلداش ئەي قېرىندىشىم، سىزمۇ ئويلاڭ، تۇغۇلمىغان، تۇغۇلغان ۋە تۇرمۇش يوللىرىدا قايتا تۇغۇلىدىغان بالىلىرىمىز ئۈچۈن ھەممىمىز ئويلىنايلى ۋە چامىمىزنىڭ يېتىشىچە تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتەيلى، تىرىشىش بىزدىن، ئېرىشىش ئىگىمىزدىن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق بىر ئاتىلار سۆزى بار: «قوتاندا قوزا تۇغۇلسا، ئېرىق بويىدا ئوت ئۈنۈپتۇ.» ھەربىر جان ئۆز رىزقىنى تاپىدىغان ھاياتتا پەرزەنتلىرىمىزگە ھىدايەت، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتتىن تېخىمۇ كۆپ نېسىۋە تىلەيمەن.